ئەنۋەر مەتسەيدى

# ئەجداد هىكمىتى ۋە ئەۋلاد خىسلىتى



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ئەنۋەر مەتسەيدى

# ئەجداد ھېكمىتى ۋە ئەۋلاد خىسلىتى

(ماقالىلەر)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

前辈之贤明与后代之气质/安瓦尔·麦提赛迪著. —喀什：喀什维吾尔文出版社，2003. 8

ISBN 7 — 5373 — 1172—2

Ⅰ. 前... Ⅱ. 安... Ⅲ. 社会科学—文集—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. G53

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2003）第 068978 号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：阿尔祖姑丽·斯迪克
封面设计：伊里夏提·图尔孙

前辈之贤明与后代之气质
（文集）
作者：安瓦尔·麦提赛迪

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 8.125 印张 3 插页
2003 年 8 月第 1 版 2003 年 8 月第 1 次印刷

印数：1—3070　定价：13.00 元

如有质量问题，请与我社联系调换。电话：0998-2653927



# كىرىش سۆز

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن،
ئويچىمىدىڭ سەن؟
تاغ باغرىدىن كېلەلمەيسەن،
قويچىمىدىڭ سەن؟ ...

توغرا، مەن ئويچى، شۇڭا ئوي ئويلايمەن. مەن يەنە قويچى، شۇڭلاشقا تاغ باغرىدىن كېلەلمەيمەن. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنىڭ قويچى ئىكەنلىكىمنى بىلىشىم، قوي ـ قوزىلىرىمغا ياخشى قارىشىم كېرەكتە.

ئىنسان تەپەككۇر قىلالايدىغان ھايۋان. بۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي خىسلىتى. ئىنساننىڭ ئىنسانلىق سۈپىتىگە نائىل بولۇشى ئۇنىڭ تەپەككۇرغا ئىگە بولۇشىنى بەلگە قىلغان بولسا، يۈكسەك دەرىجىدە تاكامۇللىشىشىمۇ ئۇنىڭ تەپەككۇر جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى يارىتىش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقى، كۈرەشلىرى ئۇنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ ۋە ماددىيلىشىدۇ. ئىنسان تەپەككۇردىن، بولۇپمۇ ئىجادىي ۋە ئابستراكت تەپەككۇردىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە كەشىپ قىلىش

پائالىيىتىمۇ بولمايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ۋە كەشىپ قىلىش - يارىتىش پائالىيىتى ئىنسان تەپەككۇرىنى تاۋلاپ تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى تەپەككۇرسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەپەككۇردىن پايدىلانماسلىق ئۆزىنى يوقىتىش دېمەكتۇر. ھەربىر ئىنسان بارغانسېرى ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان روھىنى (ئەسلىي تەبىئىتىنى) ئىزدەپ تېپىش، ئۆزىنى ئىنسان سۈپىتىدە (ئۆزى سۈپىتىدە) بايقاش، تونۇش ھەمدە ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز ھالدا تولۇقلاش ئارقىلىقلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئالىي پەزىلىتىنى قەدىرلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. ئىنسان مۇشۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالىسىلا، يەنى ئۆز تەپەككۇرىنى ساغلام، ئىلغار يۆنىلىشتە تولۇق ئىشقا سالالىسىلا، تەبىئىيكى ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ئالىمىدىكى ئورنىنى؛ ئىنسانىيەت ئالدىدىكى، جەمئىيەت ئالدىدىكى ۋە ۋىجدانى ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىشنى، ئىنسانغا كۆيۈنۈشنى، خەلققە خىزمەت قىلىشنى، ئۆز ئېتىقادىغا، مۇھەببىتىگە سادىق بولۇشنى؛ ئاتا - ئانىسىغا ۋاپادار، بالا، چاقىلىرىغا كۆيۈمچان، قېرىنداشلىرىغا مېھرىبان بولۇشنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەملىكىگە يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشنى ئۆزىگە پەرز ھېسابلايدىغان بولىدۇ. ئاڭلىق ھالدا ئۆز تەبىئىتىدە بار بولغان، ئەمما ئىنسانلىق سۈپىتىگە يات ھايۋانىي قىلمىشلاردىن ئۆزىنى چەكلىيەلەيدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇرنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان تىل ۋە باشقا تۈرلۈك سەنئەت ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆز بىلىملىرىنى، ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئىش ئىزلىرىنى

خاتىرىلەپ، تۈگىمەس - پۈتمەس مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە ئەۋلادلارغا يادىكار قىلىپ قالدۇرالايدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ خاسىيەتلىك، قىممەتلىك ئىش ئۆز تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئۇلۇغۋار، ئالىيجاناب ھەمدە ئىجادىي ئىشلارغا بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭ سەمەرىسىدىن باشقىلارنى بەھرىمەن قىلىشتۇر. تارىختىن بۇيان خەلق قەلبىدىن ئەڭ يۈكسەك ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرى، كەشپىياتچىلار ۋە سەنئەت پېشىۋالىرى ئەنە شۇنداق بۈيۈك، خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ ساھىبكاماللىرىدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جەمئىيىتىمىزدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى كەسكىن يېڭىلاندى. بارلىق ياخشى - يامان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىگە تۈرتكە بولۇۋاتقان ئىقتىسادنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى ۋە بىر گەۋدىلىشىشى دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇچۇر - ئالاقە يوللىرىنىڭ بارغانسېرى راۋان بولۇشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى، ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنى قاتمال، بىكىك ھالەتتىن تەدرىجىي ھالدا خېلى جانلىق ۋە ئېچىۋېتىلگەن دەۋرگە ئېلىپ كىردى. بازار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە تاۋارلىشىشنىڭ كېڭىيىپ بېرىشى ھەمدە ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خەلقئارالىشىشى ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكىللىرىگە، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە كونا كۆزقاراشلارغا كۈچلۈك زەربە بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر كۆپرەك تاشقىي ئامىللارنىڭ غىدىقلىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەچكە، سىرتقىي بېسىم بىزدەك بىر ئەنئەنىۋى مىللەتنى يەنە بىر قېتىم چوڭ سىناقتا دۇچار قىلدى. رېئاللىقنى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى بىلەن ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى ئالاھىدە مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆزلۈكنى قۇربان قىلىپ،

ئەگىشىش، دوراش، تەقلىد قىلىش ئارقىسىدا «تەرەققىيات»قا يۈرۈش قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ئاساسىدا ئۆرنەك ئېلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ھەقىقىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكمۇ، دېگەندەك مەسىلىلەر بارلىق «ئوي ئويلىغۇچى»لارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆز تەشەببۇسكارلىقىنى يوقاتقان بىر مىللەتنىڭ رىقابەتكە تولغان دۇنيادا قانداق پۇت تىرەپ تۇرۇش، خىرىسقا قانداق تاقابىل تۇرۇش سىنىقى ئىدى. دەۋرنىڭ تەقەززاسى ئاخىر بىزنى دۇنياۋى ئاساسىي ئېقىمغا قوشۇلۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ۋەزىيەتكە ئەگىشىپ ئۇزلۇكسىز ئالغا بېسىشتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى تاللىۋېلىشىمىزغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئالدىنقى تاللاش ئىدى.

غەربنىڭ ئىقتىساد ۋە چەكتىن ئاشقان ئەركىنلىكنى يېتەكچى قىلغان تەرەققىيات ئەندىزىسى مەنىۋى جەھەتتىكى ياتلىشىش ۋە چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنىغا ئوخشاش، بىزنىڭ بازار ئىگىلىكىنى يېتەكچى قىلغان ئىسلاھات يولىمىزمۇ بىر قاتار مەنىۋى كرىزىسلارغا ھامىلىدار ئىدى. بۇ كرىزىسلار ئۆزىنى ئاشكارىلىغانسېرى، بۇ ھەقتە پىكىر قىلغۇچىلار تاشقى تەسىرگە نىسبەتەن تېخىمۇ سەگەك ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاڭ ساھەسىدە ئەخلاقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىنسان تەبىئىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بېقىنىش ۋە تولۇقلاش مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (ئىنساننىڭ تەبىئەتكە بولغان زىيانكەشلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش)، مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كۆپ خىللىشىشقا ۋە ئىندىۋىدۇئاللىققا ھۆرمەت قىلىشتەك چۇقانلىرى جەمئىيەتنى قاپلاشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەرەققىيات بىلەن

مۇھىتىنىڭ، زامانىۋىلىق بىلەن مىللىيلىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئاساسىي مەسىلە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىز ئۈچۈن زۆرۈر نەرسىلەر ئىدى. بىرسىنى دەپ يەنە بىرسىدىن ۋاز كېچىشكە، بىرسىنى يەنە بىرسى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا بولمايتتى. ئەكسىچە، تەرەققىيات مۇھىت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، مۇھىت تەرەققىياتنىڭ مەقسىتى بولۇشى، شۇنىڭدەك مىللىيلىك زامانىۋىلىقنىڭ ئاساسى ۋە ھاياتىي كۈچى بولۇشى، زامانىۋىلىق بولسا مىللىيلىكنىڭ ئاخىرقى نىشانى بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئېچىۋېتىلگەن دۇنيادا ساقلانغىلى بولمايدىغان يۇقىرىقىدەك زىددىيەتلەر ئىچىدە، ئەنئەنىنىڭ قىممىتى ۋە ئورنى مەسىلىسى، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دىئالېكتىك بىرلىك مەسىلىسى، مىللىي ئەنئەنىلەرنى قوغداپ قېلىش بىلەن قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش مەسىلىسى تالاش - تارتىش قىلىنغان، كىشىلەر ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردىن بولۇپ قالدى. بۇ تالاش - تارتىش ۋە بەس - مۇنازىرىلەرگە مىللەت تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، بۇلار ھەققىدە ئويلىنىش ( پىكىر قىلىش)نى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي خىسلىتى، ۋىجدانىي بۇرچى ھېسابلايدىغان بىر تۈركۈم قەلەم ئىگىلىرى قىزغىن ئىشتىراك قىلىشتى. ئۇلار كىشىلەرنى ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشقا، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا، ئۆز تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىشقا، ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، كېلىۋاتقان كەسكىن رىقابەت ۋە خېيىمخەتەرلەردىن ئاگاھ بولۇشقا دەۋەت قىلدى. مىللەتنىڭ روھىغا دىئاگنوز قويۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. يەنە بىر قىسىم يازغۇچىلار كىشىلەرنىڭ تارىخ ئېڭىنى ۋە

يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقىنى قايتىدىن ئويغاتتى. يەنە بىرقىسىم ياش زىيالىيلار پەيلاسوپلارچە نەزەر ۋە زامانىۋى ئاڭ بىلەن ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كەلگۈسىنى بىر - بىرىگە باغلاپ، ئۆتمۈشتىن بۈگۈننى چۈشىنىش ۋە بۈگۈن ئارقىلىق كەلگۈسىنى يارىتىشتىن ئىبارەت تەرەققىياتنىڭ توغرا يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار يېڭىلىق يارىتىشتا ئەسلىدىكىنى ئاساس قىلىش، قوبۇل قىلىشتا ئۆزىنى ئۆلچەم قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاقىلانە پرىنسىپنى تەشەببۇس قىلىشتى. مەن ئۆز تەپەككۇرۇمنى ئىشقا سېلىپ بۇ خىل تەشەببۇسقا ياندىشتىم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىچكىي تەلەپ بىلەن تاشقىي غىدىقلاشلاردىن تۇغۇلغان ئويلىنىش ( تەپەككۇر قىلىش) پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولماي نېمە؟

دەرۋەقە، جەمئىيەتتىكى يېڭى - يېڭى ھادىسىلەر، يېڭى يۈزلىنىشلەر مەندەك بىر ئويغۇر زىيالىيسىنىڭ دىققىتىدىن چەتتە قالسا بولمايتتى. چۈنكى، مەنمۇ بىر ئويچى( تەپەككۇر ئىگىسى)- دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا خىيال سۈرۈش مېنىڭ ئادىتىم ئىدى. ئويچانلىق مېنى بالا ۋاقتىمدىلا شائىرلىق كوچىسىغا سۆرەپ كىرگەچكە، مەن بىر سەۋدايى ئاشىققا ئايلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ رومانتىك دۇنياسىدا 20 يىل قانداقتۇر بىر غايىۋى جانانىنى ئىزدىدىم. ئۆز ئىچىمگە چۆكۈپ، غېرىبانە ھېس - تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ، سەۋر- تاقەتنى ئاشىقلىقىمنىڭ بىردىنبىر شاھىدى قىلىپ ياشىدىم. گەرچە جۇدالىق مېنى قىيناپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچىلىقتا بولىدىغان يۈكسەك شان - شەرەپ تۇيغۇسى دەردىمگە داۋا، رەنجىمگە شىپا بولدى.

ھەر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا، تەپەككۇر قۇشۇم يۈكسەك بىر پەللىدە پەرۋاز قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا روھىيەت

ئالىمىم ئۇلۇغۋار، پارلاق بىر تۈسكە كىرىپ، قەلبىمدە ھېچقانداق كىر ۋە غۇۋالىقتىن ئەسەر قالمايتتى. «كۆزۈم يۇمۇلۇپ كۆڭلۈم كۆزگە ئايلىناتتى»- دە، ئاشۇ يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالاتتىم. ئەتراپىمنى چۈشكۈنلۈك قاپلىغان ئىدى. ئادەملەر خۇددى ئەرۋاھلاردەك مازارلاردىن چىققان ھىدلارنى ھىدلاپ يۈرۈشەتتى. بەزىلىرىنىڭ ئادەم ياكى ئەمەسلىكىنى ئانچە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. كۆپىنچە يامانلار پاراغەتتە، ياخشىلار ئازاب ۋە نادامەتتە ئىدى. چىن مۇھەببەت ۋە پاك ئەقىدىلەرنىڭ چەيلەنگىنىنى كۆرۈپ ئېچىناتتىم، ھەسرەت چېكەتتىم، ئازابلىناتتىم. مەن يەنە گىگانت گەۋدىلەرنى، مېھىر- مۇھەببەتكە تولغان يۈرەكلەرنى ۋە تالماس بىلەكلەرنى، ئۈمىد نۇرى چاقناپ تۇرغان كۆزلەرنى كۆرۈپ سۆيۈنەتتىم، شادلىناتتىم، ئۈمىدلىنەتتىم... مانا بۇلار مېنىڭ تەپەككۇرۇمنىڭ ئىزناسى بولۇپ يازمىلىرىمدىن ئورۇن ئالدى. ئۇلارنى مەن ئەسىر ھالقىغان ياشلارغا ئاتىدىم. يازغانلىرىم ئۇلارغا ئاز- تولا بىلىم ۋە ئۈمىد ئاتا قىلالىسا، مەن ئاشۇ غايىۋى جانانىنىڭ ۋەسلىنى قۇچقان بولىمەن. يازمىلىرىمغا بەزىبىر بىمەززە نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ئوقۇرمەنلەر ئەپۇ ئالىقىنى بىلەن ياپقاي.

قەشقەر، 2002 - يىل 10- ئاي

# مۇندەرىجە

ئىللەت ۋە ئىللەت تەنقىدى ........................................ 1
مىللىي ئەنئەنە ۋە ياتلىشىش ........................................ 17
فولكلور ۋە ئۇنىڭ قىممىتى ........................................ 36
تىلنى ساپلاشتۇرۇشتا جانلىق تىلنىڭ رولى ........................ 52
ئۇيغۇرلاردا «سەيلە» ........................................ 68
ئۇيغۇرلاردا جامائەتچىلىك ........................................ 83
ئۇيغۇرلاردا تازىلىق ........................................ 109
مۇھەببەت مۇقەددەستۇر ........................................ 121
چۆچەكتىن چۆچەككە ........................................ 142
قانىتى سۇنغان دۇنيا ........................................ 154
مۇھەببەت ــ ئېتىقاد يولىدىكى مېھنەت ........................ 168
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ........ 181
بىز كىمگە قېيىدايمىز ........................................ 201
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مۇھەببەت ........................ 209
ئۆزىنى يەڭگەن باتۇر ........................................ 220
ھەممە ئىشنىڭ يولى بار ........................................ 233

# ئىللەت ۋە ئىللەت تەنقىدى

مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىياتى ۋە تەقدىرىگە چىن دىلدىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، ۋەتەن، ئەۋلاد ئالدىدىكى بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان بىر بۆلۈك ئاپتورلارنىڭ مىللەت ۋە ئىللەت تېمىسىدا يېزىلغان تەسىرلىك ماقالە - ئوبزورلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى. «ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىش(تونۇش) قىممەتلىك». چۈنكى، ئۆزىنى بىلمىگەن ئىنسان جاھىل - نادان ئىنساندۇر. شۇنىڭدەك ئۆزىنى بىلمىگەن(تونۇمىغان) مىللەتمۇ نادان - جاھىل مىللەت ھېسابلىنىدۇ. نادان - جاھىل ئىنساندا توغرا ئاڭ، ساغلام ئەقىل ۋە ياخشى پەزىلەت كەم بولغىنىدەك، نادان - جاھىل مىللەتتە مەنىۋى بىرلىك، ئىدىيىۋى ئىلغارلىق ۋە ئەخلاقىي ساپا بولمايدۇ. شۇ تۈپەيلى ئۆزىنى قوغداش، كۈچەيتىش ۋە باشقىلاردىن ھالقىش ئېڭى، ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتى كەمچىل بولىدۇ.

قىسقىسى، ھەرقانداق بىر ئىنسان ۋە مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى بىلمەسلىك ئۇنىڭ ھەممە پاجىئەلىرىنىڭ باشلىنىشى.

مىللەت — ئابستراكت چۈشەنچە ئەمەس، «ئادەم»دىن ئىبارەت كونكرېتلىق ئاساسىدىكى ئومۇمىيلىقتۇر (ئۇ ئەلۋەتتە تىل ئومۇمىيلىقى، ئۆرپ - ئادەت ئومۇمىيلىقى، پسىخىك ئومۇمىيلىق ۋە تېررىتورىيە ئومۇمىيلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

شۇنداق ئىكەن، مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش دەرىجىسى مىللىي ئومۇمىيلىقىنى شەكىللەندۈرگۈچى يولباشچى شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى بىلىشى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن بۈگۈنكى كۈندە ئۆز مىللىتى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى ۋە خۇي - پەيلىدە ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان ناچار، پەسكەش، خۇنۇك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى دادىل ئېچىپ تاشلاش، ھېچبولمىغاندا ئاز - تولا مەكتەپ يۈزى كۆرگەن بىزدەك كىشىلەردە بىر خىل خەۋپسىرەش ۋە مەنىۋى كرىزىس تۇيغۇسىنى ئويغىتىش مەقسىتىدە قولىغا قەلەم ئالغانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئۇشبۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش مۇساپىسىگە رەسمىي قەدەم قويغانلىقىنىڭ بىر ئالامىتى دېمەي بولمايدۇ.

ناۋادا، مىللەت غەپلەتنى ئۆزىگە راۋا كۆرۈۋەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئىللەت توغرىسىدا گەپ قىلىدىغانلار ۋە ئۇنى تىڭشايدىغانلار تىڭشاپ، ئۇھ تارتىدىغانلار چىقمىغان بولار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، مىللەت ۋە ئىللەت تېمىسىدىكى تەنقىدىي ماقالىلەر تەرەققىياتىمىزغا زور توسالغۇ بولۇۋاتقان سەلبىي تەرەپلىرىمىزنى ئايماي ئېچىپ، تارىخ ئېقىمىغا، دەۋر رىتىمىغا ماسلىشالماي كالامپايلىشىپ يۈرگەن ۋە ھەيۋەتلىك XXI ئەسىر دەرۋازىسى ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان ھالىتىمىزنى ئەينەن سېزىپ كۆرسىتىپ، يۈرىكىمىزنى بىئارام، كۆڭلىمىزنى غەش، روھىمىزنى لەش قىلغىنىغا قارىماي، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىمىز ھەققىدە دادىللىق بىلەن راست گەپ قىلالايدىغان بىر دەۋرنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى بىز يالغاندىن پەردازلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزغا سېلىشتۇرساق، خېلى چوڭ يۈكسىلىش دېمەي تۇرالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ، قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بۇ تېمىدا تېخىمۇ ئۆتكۈر، تېخىمۇ چىن ماقالە - ئەسەرلەرنى يېزىپ تۇرۇشى، مۇھەررىر ئاتلىق قەلبى

ئويغاق، ھەققە مۇشتاق نامسىز شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ ئۇلارغا داۋاملىق قىزغىن خېرىدارلىق قىلىپ تۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك ئىش.

ھازىر بىزدىكى ئىللەتلەرنى ھەممىمىز دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىمىز، بىلىپ تۇرىمىز ۋە قىلىپ تۇرىمىز. خىسلەتلىرىمىزنى بولسا ئاشۇ ئىللەتلىرىمىز بىلەن بىلىپ - بىلمەي يۇيۇپ ۋە كۆمۈپ تۇرىمىز. بىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان قاششاقلىق، ئاڭقاۋلىق، بىپەرۋالىق، خۇشامەتچىلىك، چېقىمچىلىق، شەخسىيەتچىلىك، ئىناقسىزلىق، يۇرتۋازلىق، خۇراپىيلىق، ھورۇنلۇق، تىلەمچىلىك، دورامچىلىق، ھەشەمپەرەسلىك، تۇزكورلۇق، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، بۇزۇقچىلىق، يەنە ئاللىقانداق مەنىۋىيەت پاجىئەلىرى... بۇنداق ئىللەتلەرنىڭ كۆپلۈكىلا ئەمەس، بەلكى ئېغىرلىقى دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئارقىدا قالغان مىللەتتىمۇ كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن، سەۋەبلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ئوت يۈرەك قەلەمكەشلىرىمىزنى بىھۇدە ئاۋارە بوپتۇ، بەك ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، دېيىشكە ھەققىمىز يوق. ئۇلار بۇ خىل ئىللەتلەرنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى، مىللەتكە كەلتۈرىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرگەن، ۋىجدان تارازىسى بىلەن ئۆلچىگەن: بۇ ئىللەتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلىرىمىزنى زۆرۈرىي تەرەققىياتتىن، تېگىشلىك شان- شەرەپتىن ۋە ئەمەلىي قەدىر- قىممەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇۋاتقان بىۋاسىتە سەۋەبلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. چۈشىنىپلا قالماي بەلكى بىر پۈتۈن مىللەتكە شۇ قەدەر بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەن قەبىھ ئىللەتلەرنى، بىر پۈتۈن مىللەتنى زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدىغان قاباھەتلىك قىسمەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سېلىشنىڭ، بىلىپ تۇرۇپمۇ پەرۋاسىز يۈرۈۋېرىشنىڭ

ئەڭ ئېغىر گۇناھ — ئاسىيلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن كېسەلنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ئۇنى ساقايتقىلى بولمىغىنىدەك، ئىشنى ئۆز-ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە ئېتىراپ قىلىشتىن باشلاشقا بەل باغلاپ، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ماقالە-ئەسەر يېزىشنى ئۆز بۇرچىمىز ۋە تاقاتسىز خىزمەت دەپ قارىغان كىشىلەردۇر.

خېلى كۆپ كىشىلەر، ھەتتاكى ئۆزىنى ئاڭلىق ھېسابلايدىغانلارمۇ مىللەت ۋە ئىللەت تېمىسىدىكى ماقالە-ئەسەرلەرگە نىسبەتەن باشقىچىراق پىكىردە. ئۇلار: «ئەمدى بولار، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالايلى، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئەيىبلەپ تىللاۋەرمەيلى...» دېگەندەك گەپ-سۆزلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. توغرا، ئۆز ئەيىبىنى ئۆزى ئېچىش ئەسلىي ياخشى ئىش ئەمەس. بىراق، ئۆز ھوشۇڭنى تېپىۋېلىشىڭغا ۋە ئالغا بېسىشىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئەيىبىڭنى بىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش — ئۇنى كۆرمەسكە سېلىش ياكى ساختا ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ قۇرۇق ماختانغاندىن مىڭ ياخشى. بىلىشىمىز كېرەككى، مىللەت ھەرقاچان، ھەرزامان ئۆزىنى ئەينەن كۆرسىتىدىغان «ئەينەك»كە موھتاج. ئەجەبا، فرانسىيىنىڭ مەشھۇر سىياسىيئونى ئالان پېرفىت «بەتبەشىرە فرانسۇزلار» دېگەن كىتابىنى، ياپونىيە مۇتەپەككۇرى گاۋچياۋفۇ «بەتبەشىرە ياپونىيىلىكلەر» دېگەن كىتابىنى، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر سىياسىي ساتىرىك يازغۇچىسى ئالت باكۋۇد «غەلىتە تەلەتلىك ئامېرىكىلىقلار» دېگەن كىتابىنى، تەيۋەنلىك بو ياڭ «كۆرۈمسىز جۇڭگولۇقلار» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، ئۆز مىللەتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ئىلغار مىللەت بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. ياپونىيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىگە «ياپون

مىللىتىنىڭ رەزىللىكلىرى» دېگەن دەرس كىرگۈزۈلگەن ۋە بۇ دەرستە ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆز مىللىتىنىڭ تارىختىن قېلىپ قالغان، ئىلمىي بولمىغان ناچار ئۆرپ - ئادەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەم بۇنداق بولمىغۇر ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلگەن يەردە ئۆزىمىزنىڭ ئىللەتلىرى ھەققىدە نەچچە ئون پارچە ماقالە يېزىلسا نېمە بوپتۇ!؟

مېنىڭچە، بۇ چاغقىچە يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ تەسىرىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزى قوزغىغان، ئۇھسىنغان، ئېچىنغان، سەسكەنگەن، نەپرەتلەنگەن، ئۇياتقان، تېڭىرقىغان، ھەسرەتلەنگەن كەيپىيات ۋە روھىي ھالەتلەر ئىچىدە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئاسمىنىدا چاقماقلارنى چاقتۇردى، كۆزلىرىدىن ھەسرەت - پىغانلىق ياشلىرىنى ئاقتۇردى، قەلب دېڭىزىنى داۋالغۇتتى، كۆز ئالدىنى يورۇتتى. شۇ ئارقىلىق بىز ھازىرىمىزنى پەقەت ئۆتمۈشىمىز بىلەنلا سېلىشتۇرۇشتىن ھالقىپ، ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنى يەنى ئۆز ياشلىقىمىزنى باشقىلارنىڭ ياشلىقى بىلەن سېلىشتۇرۇشنى، ئۆزىمىزگە ئوبيېكتىپ قاراشنى ئۆگىنىۋالدۇق. «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئۇنىڭغا جاۋاب تېپىشقا ئىنتىلىدىغان بولدۇق. بۇرۇنقىلار: «بىر ياخشىغا بىر يامان ھەرجايدا بار» دەپ ناخشا ئېيتىشقانىكەن، كېيىنچە: «ئاھ خېنىم، يامانلىماڭ، ياخشى - يامانىنى كىم بىلۇر» دېگەن ناخشا چىقىپتۇ، مانا ئەمدى: «بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن» دېگەن ناخشىنى ئاڭلاۋاتىمىز. بۇمۇ بىر ئىلگىرىلەش، بۇمۇ بىر يۈكسىلىش. كىمنىڭ شورى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش —

بىلمەي يۈرگەندىن ئەلا.

ھەرقانداق بىر توغرا پائالىيەت ۋە يېڭىلىق يارىتىش توغرا ئىدىيە ۋە توغرا تونۇشتىن باشلىنىدۇ. توغرا ئىدىيە بولسا توغرا پائالىيەتنى ئۇنۇملۇك قانات يايدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇنداق ئىكەن، مىللەتنى ئۆزى ھەققىدە توغرا تونۇشقا يېتەكلەش ئۇچۇن تارتىلغان ھەربىر قەلەم، بېسىلغان ھەربىر قەدەم تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. دەرۋەقە، مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشى ھەققىدىكى ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ كېتەلىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى كىشىلەر ئۇنى ئوقۇغان ۋە تەسىرلىنىپ پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆز مەنىسىنى تاپالايدۇ. ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىمىزدە ئاز-تولا قورساقتىن ئېشىنىپ، ھەۋەستىن تېشىنىپ، مەنىۋى تۇرمۇش ئۇچۇن پۇل خەجلەيدىغانلار كۆپەيدى دېگەندىمۇ، كىتاب - ژۇرنال سېتىۋالىدىغانلار يەنىلا ھاراق-تاماكا سېتىۋالىدىغانلاردىن ئاز، قىرائەتخانىلارغا بېرىپ گېزىت - ژۇرنال ئوقۇيدىغانلار بىكار لەلەڭشىپ يۈرۈپ پىتنە - پاسات توقۇيدىغانلاردىن ئاز، قانداق قىلسام بېرەر كەسىپ ئەھلى بولۇپ، كېرەكلىك ئىشلارنى قىلالايمەن دېگەنلەر ئۈستىدە پىلان سوقىدىغانلار بىليارت تاختىسى ئالدىدا تاش سوقىدىغانلاردىن ئاز. شۇڭا، نۆۋەتتە يار بېرىۋاتقان ئوقۇش، ئۆگىنىش، ئىشلەش پۇرسىتى بىلەن ئۇنى ئىگىلىيەلمەسلىك ياكى چىڭ تۇتالماسلىق ۋەياكى ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخى ھەل بولمايۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەسەر يېزىپ تەنقىدلەشنىڭ ئۇنۇم بېرىشىمۇ مۇشۇ زىددىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرماقتا. نۇرغۇن مەسىلىلەر مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن تەربىيىلىنىش ساپاسى بىلەن بىردەك ھەل قىلىنىدۇ،

دەپ قارالغاندىمۇ، بىراق ئاللىقاچان ئۆرپ - ئادەت، قائىدە-تۈزۈم، پسىخىك خاراكتېر تەرىزىدە يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىجتىمائىي ئىللەت مەسىلىلىرىنى ماقالە يېزىپ كۆرسىتىش بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتنىڭ بىلىملىك، ئىمتىيازلىق قاتلىمىدىمۇ ئىللەتلەرنىڭ كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇشى، ھەتتا تېخىمۇ قەبىھ بولۇشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنىڭدىن ھازىرقى تەربىيىلەش ۋە تەربىيىلىنىش ئۇسۇلى، مەزمۇنى ۋە سۈپىتىگە نىسبەتەنمۇ ئادەمنىڭ گۇمانلانغۇسى كېلىدۇ.

تەنقىد ۋە تەربىيىنى ئومۇمىي ساپاغا تايىنىپ ئاڭلىق قوبۇل قىلدۇرۇش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىش ئۇنۇم بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: بىرى، ئىلمىي ئۇسۇل، يەنە بىرى، مەمۇرىي ئۇسۇل. ئىلمىي ئۇسۇل دېگىنىمىز — باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، مىللەتنىڭ مەنىۋى يېتەكچىلىرى بولغان زىيالىيلار ساھەسىنىڭ تىرىشىشى بىلەن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەشۋىقات شەكىللىرى ئارقىلىق كەڭ - كۆلەمدە جامائەت پىكرى تەييارلاپ، ئاممىنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىنى ئاجىزلىتىش ۋە تەدرىجىي تۈگىتىشكە قارىتىلغان. ماقالە يېزىپ ئېچىپ بېرىش ۋە تەنقىدلەش مۇشۇ ئۇسۇلغا ياتىدۇ. مەمۇرىي ئۇسۇل دېگىنىمىز — مەمۇرىي، قانۇنىي يوللار بىلەن چەكلەش، مەنئى قىلىشقا قارىتىلغان. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى كۆپ ھاللاردا بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشقا بولىدۇ. بىراق، بۇنىڭدا ئىلمىي ئۇسۇل ئالدىنقى شەرت بولۇشى كېرەك. چۈنكى، مەيلى قايسى

خىل ئۇسۇل بولسۇن، ئالدى بىلەن مەسىلىنى ئىلمىي ئاساستا تونۇش، پەرق ئېتىش ۋە نىشانلاش زۆرۈردۇر.

ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىللەتلەرنى ماقالە ئارقىلىق ئېچىپ بېرىش ۋە تەنقىدلەش گەرچە ئىلمىي ئۇسۇلغا ياتسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىلمىيلىكىنى يېتەرلىك ياكى ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلمىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. خېلى كۆپ قىسمىدا ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكت، ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ياكى پەرق نىسبەتەن گەۋدىلىك، ئىلمىي ئاساسلارغا تايىنىش كەمچىل. شۇ سەۋەبتىن، مۇناسىپ باھا ۋە ئىنكاسلارغا ئېرىشەلمەي، قايىل قىلىش كۈچىدىن مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە بۇ خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلەردىن نەپرەتلىنىش، ئۇنىڭدىن خالىي بولۇشقا، ئۇنى چەكلەشكە ئىنتىلىش جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلىنالمايۋاتىدۇ.

ئەمدى مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسىغا كەلسەك، ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى تەنقىدلەش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ خىل، ئاممىباب شەكىللەردىن پايدىلىنىشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى ئالاقىدار ئىلىم - پەن تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلەش زۆرۈر. ئىجتىمائىي ئىللەتلەر جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلىمىدا، كىشىلەرنىڭ سۆزىدە، ھەرىكىتىدە، پسىخىكىسىدا، ئېڭىدا، ياشاش ئۇسۇلىدا، تۇرمۇش شەكلىدە كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت ئىكەن، ماقالە يازغۇچىلار ئۆز نەزىرىدىكى تېمىنى مۇناسىۋەتلىك پەنلەر نۇقتىسىدىن كۆزىتىشكە، تەكشۈرۈشكە، باھالاشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. قىسقىسى، تەنقىد يەنىلا ئىلمىي ئاساستا ئېلىپ بېرىلغىنى ياخشى.

ئىنسانلار ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش، ئۆزگەرتىش،

ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ئۆزلۈكسىز ياخشىلاش ئېھتىياجى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلغان بىلىم - چۈشەنچە ۋە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەپ، سىستېمىلاشتۇرۇش ئارقىلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيە، ئاڭ شەكىللىرى (ئىدېئولوگىيە) ۋە ئىلىم - پەن قۇرۇلمىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. بۇنداق نەزەرىيە، ئىدېئولوگىيە - ئاڭ شەكىللىرى ۋە ئىلىم - پەن قۇرۇلمىلىرى ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل تەرەققىي قىلىش زۆرۈرىيىتى ئارقىسىدا بارغانسېرى كۆپ خىللىشىپ، تولۇقلىنىپ، ئۆزئارا كىرىشىپ ۋە ئۇنىۋېرساللىشىپ، بۈگۈنكى دۇنيادىكى مىسلىسىز يېڭىلىقلار ۋە كەشپىياتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، يۈكسەك دەرىجىدە مەدەنىيلەشكەن، قېلىپلاشقان جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي قابىلىيىتى ئەنە شۇ يۇسۇندا ئېچىلىپ، جارى قىلدۇرۇلغىنىغا ئوخشاش، ئىنساندىكى بارلىق ئاجىزلىقلار ۋە مەنىۋى ئىللەتلەرمۇ ئەنە شۇ ئىلىم - پەن ۋاسىتىسى بىلەن بايقىلىپ، تۈزىتىلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى ھەممىگە ئايان پاكىت، بولۇپمۇ پەلسەپە، تارىخ، مەدەنىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، فولكلور (ئۆرپ - ئادەتشۇناسلىق)، دىنشۇناسلىق، پسىخولوگىيە قاتارلىق ئىنسان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى، ئىنساننىڭ مەدەنىي پائالىيىتىنى چۆرىدەپ تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي ۋە گۇمانىتار پەن ساھەلىرى نۆۋەتتىلىك ھالدا دۇنيادىكى مىللىي ئېتنىك گەۋدىلەرنى بىرلىك قىلىپ،

ئۇلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، پەن - مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى، ياشاش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شەكلى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆزگە مۇناسىپ ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر ۋە مېتود، پرىنسىپلار بويىچە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىدۇ؛ خاراكتېر-ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي نۇقتىدىن باھالايدۇ؛ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ۋە يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز باش قاتۇرۇۋاتقان مىللەت پسىخىكىسىدىكى، جۇملىدىن ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىدىكى، ئۆزئارا مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلىرىدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن، ياخشى - يامان ئالامەتلەر، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىللەت مەسىلىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇ خىل ئالاقىدار پەنلەر تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىدىغان، مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتلاردىن ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەر ھەم كۆپ، ھەم ئېغىر، ھەم ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بىرنەچچە پارچە ماقالە ئارقىلىق ئۇلارنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى ياكى كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئىجتىمائىي ئىللەت مەسىلىسى قايسى پەنگە ئالاقىدار بولسا، شۇ پەن تەرىپىدىن ياكى شۇ پەن نۇقتىسىدىن نىشانلىنىپ ئۇنىڭ يىلتىزى سۈرۈشتۈرۈلۈشى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى تېپىپ چىقىلىشى، دائىرىسى، دەرىجىسى، خاراكتېرى بېكىتىلىشى ۋە ئۇنى تۈگىتىش، ئۆزگەرتىش ياكى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ئىش ئىلمىي ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ.

دەرۋەقە، بىزدە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى يېقىندىن باشلاندى. تېخى ئىچكى مۇھىتىمىزغا ماسلىشىپ،

مىللىي ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن بىرلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتمىدى. نەزەرىيە قۇرۇلمىلىرىمىزمۇ ئالاھىدە تارىخىي، جۇغراپىيىلىك مۇھىتتا ياشاپ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەركىبلىك ئۆزگىچە مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كەچمىشلىرى، جەمئىيەت ئەھۋالى، سىياسىي ئىقتىساد مۇناسىۋەتلىرى، ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە رېئال قىياپەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە ئىنكاس قىلىشقا ئۇلگۈرگىنى يوق. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىجتىمائىي ئىللەت مەسىلىلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتى تولۇق يارىتىلدى، دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ھازىرچە ئايرىم ئىستىھكام ئاچقان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى مەسىلىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ ئۆستۈرسە ئۆزلىرىگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويسا، ھەرگىزمۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. ئەكسىچە، مىللەت ۋە ئىللەت،تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرغىلى، ئۇنۇمىنى ياخشىلاپ، كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات ئۈچۈن يول ئاچقىلى بولىدۇ.

ئېلان قىلىنغان ئىجتىمائىي ئىللەت مەسىلىلىرىگە ئائىت ماقالىلەرنى ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك، چىنلىق نۇقتىسىدىن باھالاپ ئوبزور يېزىشقا كىشىلەر ئانچە قىزىقمىسا كېرەك. مېنىڭ مەقسىتىممۇ بۇ ئەمەس. ناۋادا مۇشۇنداق خىيالىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ ئۇ خىل ماقالىلەرنى كۆرۈپ چىقماقچى بولساق، ئېنىقكى ئوقۇۋېتىپ قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ كەملىكىنى ياكى ئوشۇقلۇقىنى، يەنە قانداقتۇر بىرنەرسىنىڭ كاللىمىزدىن ئۆتمەيرەك قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىمىز. بۇ ئەھۋال كۆپ ھاللاردا مەسىلىنىڭ ئىلمىي ئاساسىغا سەل قاراپ، بىر تەرەپلىمىلىككە، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتەلمەسلىكتەك تېيىزلىقتا، سەۋەب - نەتىجىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشتەك

مەنتىقسىز خاتا ھۆكۈملەرگە، ھە دېگەندە قوپال، ھاقارەتلىك سۆز- ئىبارىلەرگە كۆچىنىپ مەسىلىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى، پەيدا قىلغان، ئۆستۈرگەن ئىجتىمائىي، تەبىئىي مۇھىت ئامىللىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشتەك يەڭگىلتەكلىككە ئوخشىمىغان دەرىجىدە يول قويۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇنداقتا، مەسىلىگە ئىلمىي ئاساستا مۇئامىلە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭدا ئومۇمىي تەلەپ: ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيىسىنى قورال قىلىپ، مەسىلىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى، مەۋجۇتلۇق شەكلى، دائىرىسى، دەرىجىسى، خاراكتېرى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلاش، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئاساسىنى، تەرەققىيات يۆزلىنىشلىرىنى ئومۇمىي، ماكرولۇق نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئۇنى ھەل قىلىش(چەكلەش، تۈزىتىش ياكى ئىجابىي تەرەپكە يېتەكلەش)نىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل-چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، نوقۇل ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش قىلماسلىقتىن ئىبارەت. كونكرېت تەلەپ بولسا، ھەربىر مەسىلىگە قارىتا ئۇنى ئۆزى چېتىشلىق پەن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. مەسىلەن، پەلسەپىۋى نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشنى ئالساق، ئىللەت مەسىلىسى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەن، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. ئۇ، ئىچكى - تاشقى باغلىنىشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىچكى ئامىللار ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ جەريان مۇئەييەن ماكان ۋە زامان دائىرىسىدە، ئايرىملىق بىلەن ئومۇمىيلىقنىڭ، شۇنداقلا

قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئۆزگىرىش ساندىن ـ سۈپەتكە ئۆتۈشۈش بويىچە دەۋر قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر ئىجتىمائىي ئىللەت زامان جەھەتتىن مەلۇم تارىخىي، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولسا، ماكان جەھەتتىن مۇئەييەن ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىت، جۇغراپىيىلىك، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بىلەن زىچ باغلىنىدۇ، يەنى شۇ زامان ۋە شۇ ماكاندىكى تەبىئىي شارائىت، ئىجتىمائىي مۇھىت، سىياسىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى، ئىجتىمائىي ئېڭى(ئېتىقادى، قىممەت قارىشى، ئېستېتىك ـ گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرى، ئەخلاق پرىنسىپى ...)، پەن ـ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىش، تەسىر كۆرسىتىش، شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىدەك قانۇنىيەت، ئالاھىدىلىك ۋە باغلىنىشلارنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ئىجتىمائىي ئىللەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇلارغا نىسبەتەن پەلسەپىۋى نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلغانلىق بولىدۇ.

مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش جەريانىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئۇنىڭ دەۋر شارائىتى بويىچە تەھقىقلەش بولسا تارىخىي جەھەتتىن مۇئامىلە قىلغانلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم ئاپتورلار بىزدىكى ئىناقسىزلىق، تەپرىقىچىلىك ئۈستىدە توختالغاندا، تەپەككۇر قۇشىنى سوپى ـ ئىشانلارنىڭ مەزھەپچىلىك كۈرىشى ئەۋج ئالغان كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ جېدەل ـ غوۋغالىق، جاھالەتلىك مۇدھىش ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرۇپ، ئۇ يەردىن تاكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بۇرۇقتۇرما، ئاھ ـ پەريادلىق مۇزلۇقلىرى ئۈستىدىن ئەگىتىپ ئۆتكىنىگە ئوخشاش.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە مۇھىتتا شەكىللەنگەن ۋە تۇراقلاشقان ئىرقىي، مىللىي ۋە قان تىپلىرىغىچە تەكشۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن مىللەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى، پسىخىكىسى ۋە خۇي - پەيلىدىكى ئىللەت تۇسىنى ئالغان مەسىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش بولسا، مەسىلىگە ئىرقشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە ۋە پسىخولوگىيە نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلغانلىق بولىدۇ. مەسىلەن، بىزدىكى ھۇرۇنلۇق، دورامچىلىقنى بۇ جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تېپىش مۇمكىن. بۇ جەھەتتىن ئىزدىنىدىغانلار مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۇزاقتىن سىڭىپ كەتكەن، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتنىڭ تەبىئىتىگە ئايلانغان شەرەپ - نومۇس ئېڭىنىڭ روشەن بولماسلىقى، مىجەزدىكى خامۇشلۇق، تەن ھۇزۇرىغا ئىنتىلىشنىڭ زىيادە كۈچلۈك بولۇشى، شەھۋەتكە نىسبەتەن نەپسى غالىبلىقنى پەيدا قىلغۇچى مىجەز ۋە قان خىلتىلىرىنىڭ نىسپىي سالماق ئورۇندا تۇرۇشى، شۇنىڭدەك يات ۋە غەلىتە سېزىلگەن نەرسىلەرگە قارىتا ھېرىسمەنلىكنىڭ تاللاش ۋە پەرق ئېتىش ئاڭ - سېزىمىدىن زىيادە بولۇشى، ھەتتا نەزەرىيىۋى تەپەككۇر يوللىرىغا توسالغۇ بولغۇچى پسىخىك كەيپىيات، پىكىر پرىنسىپلىرىنىڭ ئۆلۈك - جانسىز بولۇشىنىڭ پسىخىك ئاساسى قاتارلىقلارغا نەزەر ئاغدۇرسا بولىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىللەتكە ياتىدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى ۋە ئاڭدىكى قاتمىللىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا دىنشۇناسلىق نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئىللەتلەر، مەسىلەن خۇراپاتلىقلار، ئىجتىمائىيلاشقان، ئەمما

تەرەققىياتقا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ناچار ئادەت تۈزۈملەر كىشىلەر ئېڭىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە سىنىپىي جەمئىيەتتىكى سىنىپلار مەنپەئىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دىنىي ئەقىدە، دىنىي ئەھكام ۋە مەزھەپ- سۇلۇكلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەھلىل، تەتقىق قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىجتىمائىي ئىللەت مەسىلىلىرى ھەققىدە زۆرۈر ئىلمىي تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. تۈرلۈك ئىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى، ھەرقايسى ئىجتىمائىي قاتلاملاردىكى تارقىلىش ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى، تەرەققىيات يۈزلىنىشى، بۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىلىرى، جەمئىيەت ھۆجەيرىلىرى، ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشىنىش دەل مۇشۇ يول بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. نۇرغۇن ئىللەتلەرنىڭ شەھەر بىلەن يېزا، يۇقىرى قاتلام بىلەن تۆۋەن قاتلام ۋە خىلمۇخىل كەسىپىي تارماقلاردا ساقلىنىش نىسبىتى، ئورنى، رولى پەرقلىق بولىدۇ. بۇلار ھەققىدە ئەمەلىي مۆلچەر تۇرغۇزماي تۇرۇپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ جەھەتتىكى كۆزىتىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سوپىتىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەكشىسىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، تۇرمۇش ئىستېمال سەۋىيىسى، ئىستېمال سوپىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ ئىللەت خاراكتېرىنى ئالغان مەسىلىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللەت ۋە ئىللەت مەسىلىلىرىنى فولكلور(ئۆرپ - ئادەتشۇناسلىق)ئىلمى نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ۋە باھالاشنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ چوڭ. چۈنكى، فولكلور ئىلمى ئەڭ ئومۇمىي، مىللىي، ئەنئەنىۋى ۋە يەرلىك تۈس ئالغان ئۆرپ -

ئادەتلەرنى — مەيلى ئۇ قانداق شەكىلدە، قانداق مەزمۇن خاراكتېردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. ياخشىلىرىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ناچارلىرىنى تۈگىتىشكە، ئىسلاھ قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي پىرىنسىپلىرى بار. باشقا خەلقلەردىكىگە ئوخشاشلا بىزدىكى ئىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى، فولكلور ھادىسىلىرى ياكى فولكلور ھادىسىلىرى بىلەن چېتىشلىق مەسىلىلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. بەزىلەر ئىجتىمائىي ئىللەتلەر ئەسلىدىن مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ئەمەس، ئۇنى قانداقسىگە فولكلور تەركىبىگە كىرگۈزگىلى بولسۇن، دەپ قارىشى مۇمكىن. بىراق، فولكلور ئىلمى توغرىسىدا ئازراق نەزەرىيىۋى بىلىمگە ئىگە بولغان كىشىلەر ھەرگىز مۇنداق قارىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرپ- ئادەتلىرىمىز ئىچىدىكى بۈگۈنكى كۈندە ئىللەت تۈسىنى ئالغان مەزمۇنلار خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، مەن مىللەت ۋە ئىللەت تېمىسىدا ماقالە - ئەسەر يازغان ياكى يېزىشنى ئويلىشىۋاتقانلارغا ئۆزلىرى پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا ئىلمىي ئاساستا مۇئامىلە قىلىشنى دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئەڭ مۇھىمى فولكلور ئىلمى نەزەرىيىسىنى ئۆزىگە قورال قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن.

1997- يىل ئىيۇن، قەشقەر

# مىللىي ئەنئەنە ۋە ياتلىشىش

بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۆز ئورنى ۋە نوپۇزىنى تىكلىمەكتە، ئۆتمۈشى بىلەن ئەمەس، بۈگۈنى بىلەن ئېتىراپ قىلىنماقتا. بىزنىڭمۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھەر تۈرلۈك ھايات-ماماتلىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ھېلىھەم ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ كېلىۋاتقان: تارىخچىلارنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرغۇدەك شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ھەغدا مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى يېڭىۋاشتىن تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. مۇقام-ئۇسسۇللىرىمىز بىلەن دارۋازلىق، تەنتەربىيە ۋە ئىلىم-پەننىڭ بەزىبىر ساھەلىرى بويىچە شەرەپ قۇچۇۋاتقان بىر تۈركۈم ياش ئەزىمەتلىرىمىز بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزدىن دېرەك بەردۇق. پات-پات ياڭراپ تۇرۇۋاتقان تەنتەنە-ئالقىش سادالىرىدىن پۇت-قوللىرىمىزغا ئاز-تولا ماغدۇر كىرىپ، بىر مەزگىل ئۆزىمىزنىڭ قالاق، ئەبگاھ ھالىتىدىن مەيۇس، سولغۇن تۇس ئالغان كۆزلىرىمىزدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى. يېڭى ئەسىر قوڭغۇراق ساداسى بىلەن ئۇنىڭدىن چۆچۈگەن بىر تۈركۈم سەزگۈر، ھوشى جايىدا قەلەم ساھىبلىرىنىڭ مەتبۇئات يۈزىدىكى چۇقانلىرى ئويغاق كىشىلەرنىڭ پىكىر-سەزگۈسىنى غىدىقلاپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئۆزى توغرىسىدا قايتىدىن ئويلىنىشقا

مەجبۇر قىلدى.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق مىللىي گۈللىنىش مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تونۇشىنى،ئۆزىنى ئۆز سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇتۇشىنى بىرىنچى بەلگە قىلىدۇ. بىزنى يېڭى- يېڭى پۇرسەتلەردىن ئۈمىدۋار قىلىدىغىنى شۇكى، بىز ھەرھالدا ئۆزىمىزگە خاس خاسىيەتلىك ۋە تەۋەررۈك بىر مۇھىتتا، چەكسىز ئېچىش ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغان بىر زېمىندا ھايات كۆچۈرمەكتىمىز. شانۇشەۋكەتلىك تارىخىمىز، مول مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىمىز بىلەن مۇكەممەل بىر مىللەت يەنى ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە دۇنيا تەرىپىدىن قايتا بايقالماقتىمىز. ئۆز مەدەنىيىتىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم قالمىغان مىللەت تارىخ بېتىدىن ئۆچمەيدۇ. شان - شەرەپنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئەجىر - تۆھپىسى بەدىلىگىلا ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ. بۇنداق ئەجىر- تۆھپە ئۆزىنى ئۆز سۈپىتىدە تونۇتالىغان مىللەتكىلا نېسىپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگودا ياشاۋاتقان بىزگە ئوخشاش ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئارتۇقچىلىقىمىزنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا، كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئۆز تەقى - تۇرقى، مىجەز - خۇلقى ۋە ھۈنەر - سەنئىتى بولغان سالاھىيەتلىك بىر ئەزاسى بولۇش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىنسانلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن راۋان ئۇچۇر- ئالاقە سىستېمىلىرى ھەمدە ئىقتىساد، سودا ساھەلىرىدىكى بىر گەۋدىلىشىش، يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە مۇھىت مەسىلىلىرىدە دۇچ كەلگەن ئورتاق تەقدىر يەر شارى خاراكتېرلىك بىردەكلىك

ۋە ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى يەرلىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى چەتكە قاقماقتا. زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن مىللىيەتلىكتىكى ياتلىشىش، ھەتتا ئەڭ يېپىق ئاڭ قاتلاملىرىغىچە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆز خاسلىقىنى قوغداش، ئۆزگىچە، ئېسىل، ئىجابىي خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى سېغىنىش خاھىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا. مىللىي خاسلىق قانچىكى روشەن ۋە ساپ بولسا، دۇنياۋى مەدەنىيەتكە قوشقان تۆھپىسىمۇ شۇنچە گەۋدىلىك، ئوبرازىمۇ شۇنچە يارقىن بولىدۇ، دەپ قارالماقتا.

دەرۋەقە، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ۋە ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئورنى بىلەن ھېسابلاشماي قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىش، پەرق ئەتمەي دوراش ۋە ئەگىشىش، ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان مەنىۋى بايلىقلارنى خورلاش ياكى قەدىرلىمەسلىك مىللەتنىڭ روھىيىتىنى ئېغىر كىرىزىسلىق تەقدىرگە، جىسمانىيىتىنى زەئىپلىككە گىرىپتار قىلىدۇ. ئەلھال ئۇشبۇ گىرىپتارلىق ئاسىيلىق ۋەياكى ئۆز - ئۆزىنى دەپسەندە قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. زامانىمىزدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنسان تەبىئىتىگە يات، قەبىھ نەرسىلەر ئەنە شۇ خىل قىسمەتنىڭ ھاسىلاتلىرىدۇر، خالاس.

ئۇمۇمەن قىلغاندا، ئۆز ئەنئەنىسىدىن، مىللىي ئېڭىدىن يەنى مىللىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مىللەت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ، جۈملىدىن ئۆز دۆلىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى يۈكسىلىشىگە ھېچقانداق تۆھپە - ئۇلۇش قاتالمايدۇ ھەم تېگىشلىك ئورنىنىمۇ تاپالمايدۇ. بۇنىڭ ئاددىي قائىدىسى شۇكى، سەن بولماي تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى ئىپادىلەپ

چىقالمايسەن. سەن پەقەت ئۆز سۆپىتىڭنى ۋە سالاھىيىتىڭنى ساقلىيالىغان چېغىڭدىلا، ئاندىن مەۋجۇت ئىكەنلىكىڭنى ئىسپاتلىيالايسەن. سەن مەۋجۇت بولالىغاندىلا، ئاندىن ئۆزۈڭنى مۇستەھكەملىيەلەيسەن ۋە باشقىلار بىلەن تەڭ ئىشلەپ، تەڭ شەرەپ قۇچالايسەن. يەھۇدىي مىللىتى تارىختا ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، بىراق مىللىي ئېڭىنى يوقىتىپ قويمىغان. ئۇلار ئەنە شۇ نەرسىگە تايىنىپ دۇنيا ئىقتىسادىنى چاڭگىلىغا ئالالىدى ئەمەسمۇ؟

روھ ئىنساننى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە قىلىدۇ. روھ ساپ بولسا، ئەقىل ساپ بولىدۇ، ئەقىل ساپ بولسا، پۈتۈنلەي ياخشىلىققا سەرپ ئېتىلىپ، پايدىلىق ئىجادىيەت مەيدانغا چىقىدۇ. بۇنىڭ لەززىتى تەڭداشسىز بولىدۇ.

بىز دەۋاتقان روھىيەتتىكى ساپلىق چىنلىق بىلەن گۈزەللىكنىڭ( ساغلاملىقنىڭ) بىرلىكىدە، يەنى ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنىڭ بىرلىكىدە تولۇق مەنىسىنى تاپالايدۇ. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىدا يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى نېمە ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى؟ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئۈچۈن نېمە ئۈچۈن چىنلىق بىلەن ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئىپادىلەشكە ئالاھىدە تەلەپ قويۇلىدۇ؟ چۈنكى، ئومۇمىيلىق ياكى تەبىئىي قانۇنىيەت تۈسىنى ئالغان پىكىرلەر تەكرار دېيىلىپ بولغان، ئەمدى دېيىلمىگەن ئىنساننىڭ ئۆزى قالدى. ئىنسان ئۆزىدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئەمدى قادىر ئەمەس، ئۆزىدە قېپقالغان نەرسىلەرنى (ئۆزىنى) ساقلاپ قېلىشقا، شۇنداقلا دەۋر تاڭغان، ئەمما ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەردىن ئاگاھ بولۇشقا قادىر بولالىسىلا قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتالىشى مۇمكىن. چىنلىق ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقنى ھەقىقىي سەنئەت

دەرىجىسىدە نامايان قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى ئەنە شۇ مەقسەت يولىدا تاشلانغان خاسىيەتلىك بىر قەدەم بولماي نېمە؟

ئومۇمىيلىق ئايرىملىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئايرىملىقتىن ئايرىلغان ئومۇمىيلىق بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىدىكى خاسلىقنى، يەنى ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا ئىنسانىيەتنىڭ جۈملىدىن دۆلىتىنىڭ چوڭ ئومۇمىيلىقىنى ۋە ئورتاق تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتي كۈچىگە ھاياتي كۈچ قوشالايدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقىلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرىدە جۇغلىنىپ، مەنىۋىيەت ئالىمى بايلىشىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە جەلپكارلىقى ئېشىپ بارىدۇ.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىلىرىمىزدە، مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداش، ئۇنى ھازىرقى دەۋرنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى تەكىتلەندى. بۇ مەسىلە ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ۋارىسلىق بىلەن قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بۇرۇندىن تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كاللىسىدا نەزەرىيە جەھەتتىن ئاللىقاچان ھەل قىلىنىپ بولغان مەسىلە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەزكۇر ماقالىدە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغىنىمىز ئۇنىڭ ئالدىنقى بىر تەرىپى، يەنى ئەنئەنىنىڭ ئورنى ۋە قەدىر - قىممىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. تاشقى تەسىرگە نىسبەتەن ناھايىتى پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان مىللىي ئەنئەنىمىز تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، بۇنداق پۇزىتسىيىدە پىكىر يۈرگۈزۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. يېقىنقى مەزگىللەردە غەرب مەدەنىيىتى ۋە سولچىل ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىدە، بىر قىسىم كىشىلەردە ئۆتمۈشنى ئىنكار قىلىش

پسىخىكىسى يېتىلىپ قالدى. ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە شاكال، جەۋھەر ئۇقۇملىرى ئارقىلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي قائىدىلەرنى كەشىپ قىلغان بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ جەۋھەرلەر زادى قايسى، ئۇنىڭدىن قانچىلىكىنى بايقاپ چىقالىدۇق، قانچىلىك ۋارىسلىق قىلالىدۇق بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. شۇنىڭ بىلەن بۇ جەھەتتىكى خېلى ئىلغار تەشەببۇسلارمۇ تەشەببۇس پېتى قېلىۋېرىدۇ. ناھايىتى ياخشى ئەنئەنىلىرىمىز جۈملىدىن مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقىنى يەرلىك ئادەت قانۇنى سۈپىتىدە ئىزچىللىققا ئىگە قىلىپ كەلگەن ساغلام، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزمۇ بىئېتىبار ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. بىز ئىلكىمىزدىكىنى خارلاپ، يات نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان، قوبۇل قىلىشقا ۋە ئەگىشىشكە ھېرىسمەن، تەسىرچان تەبىئىتىمىز بىلەن جام-چۆچەكلەردە ساپ، مەززىلىك تائاملارنى يېيىشتىن، فار-فور چىنە-قاچىلاردا ئاچچىق ياسىما تەملىك تائاملارنى يېيىشنى مەدەنىيەت ھېسابلايمىز. ئوچۇق ھاۋالىق جايلاردا ئەنجۈمەن تۈزۈپ، جام-ساغەرلەردە خۇش پۇراق گۈلابلارنى ئىچىشتىن، ھېلىقىدەك رېستورانلارنىڭ بۇلغانغان مۇھىتىدا ئولتۇرۇپ، ئەينەك رومكىلاردا ئاچچىق ھاراقلارنى قىيىنىلىپ ئىچىشنى زامانىۋىلىق دەپ قارايمىز. ئەقلىمىز، ئىمانىمىز بۇلغانغانچا، قېرىنداشلىق، دوستلۇق، ۋاپادارلىق ئورنىغا سەممىيەتسىزلىك قىلىپ باشقىلارنى، ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنى قارا قويۇشتىن ئۇيالمايمىز. ئاق كۆڭۈللۈك، ئادەمگەرچىلىك، رەھىمدىللىك، مەردلىك خىسلەتلىرىنى مىزان قىلغان ئەخلاقىي ئەنئەنىلىرىمىزنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ، ھىيلە-مىكىر بىلەن ئالدامچىلىقنى جان بېقىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالىمىز. پېقىر-مىسكىنلەرگە، دىۋانە-

تىلەمچىلەرگە ساخاۋەت قولىمىزنى سونۇشنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا نەپرەت كۆزىمىزدە قارايمىز. خەلق ھېكمەتلىرىدىكى «تاما، تامانىڭ كەينى كامار» دېگەنگە ئوخشاش دانا ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلماي، شەخسىي نەپ، ھوقۇق - مەرتىۋە كويىدا ۋىجدان - ئىمانىمىزنىمۇ قۇربان قىلىۋېتىمىز. «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە» دېگەنگە ئوخشاش نەسىھەتلەرنى قولاقتا تۇتماي، ئۆزئارا يۇرتۋازلىق، تەرەپبازلىق، پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەتلەر بىلەن چىراي سارغايتىپ يۈرىمىز. «ئەخلاق ئادەم زىننىتى، ۋاپا ئۇنىڭ قىممىتى» دەپ ھايا - نومۇسنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان قىز - يىگىتلىرىمىزدىكى شەرم - ھايالىق، تەۋازۇلۇق خۇي - پەيلىنىڭ بارغانسېرى كەملەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. يارىشىملىق كىيىملىرى، ئۆزگىچە تەبىئىي ۋە خاسىيەتلىك گىرىملىرى بىلەن ساددا، ئەمما سەنئەتلىك ياسىنىشنى ئادەت قىلىشقان ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ياخشى مەدەنىيەتنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ قايسى دەرىجىدە ئايىنىپ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. يەنە شۇنىڭدەك «ئاتا رازى، خۇدا رازى» دېگەنگە ئوخشاش پەند - نەسىھەتلەرنى ئۆزلىرىگە تۇمار قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قانچىلىكىنىڭ ئاتا- ئانىسىنى رازى قىلىۋاتقانلىقىنى، قانچىلىكىنىڭ ئاتا- ئانىسىغا زۇلۇم سېلىش ھېسابىغا ھەرەڭ - سەرەڭ بولمىغۇر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەجدادلىرىمىزدىكى كىتابخۇمارلىق، ئىلىم - ھۈنەرگە ھېرىسمەنلىك ۋە مېھماندوستلۇقتا ئوخشاش ياخشى ئەنئەنىلەرنىڭ ياشلىرىمىزدا قانچىلىك داۋاملىشىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ساۋابلىق ۋە ياخشىلىق ئىزدەپ قىلىدىغان نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنىڭ

ياشلىرىمىز ئارىسىدا بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەسرەت چېكىۋاتقان ئاتا - ئانىلار ۋە مۆتىۋەر زاتلىرىمىزنىڭ ئاغرىنىشلىرى قۇلىقىمىزغا دائىم كىرىپ تۇرىدۇ.

مىسال ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەبىئىتى ۋە مىجەز - خاراكتېرىگە ماسلاشقان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىدىن بىرى بولغان «سەيلە» پائالىيىتىنى ئالساق، ئۇ ئەسلىي مېھماندوستلۇقنى، دوستلۇقنى، چىن مۇھەببەتنى، قېرىنداشلىق ۋە تۇغقاندارچىلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان؛ ۋەتىنىنىڭ، ئانا يۇرتىنىڭ ساپ ھاۋالىق، گۈزەل مەنزىرىسىنى، ئېسىل تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى تاماشا قىلىپ، ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ، ئۇلارنى قەدىرلەش، سۆيۈش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىغان؛ يۇرتىنىڭ ئېسىل نازۇنېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، كىشىلەرنى باياشات تۇرمۇش بەرپا قىلىشقا ئۈندەيدىغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىنى تاماكا ئىسى ۋە سېسىق ھاراق ھىدى قاپلىغان رېستورانلاردا يەپ - ئىچىپ كەيپ - ساپا بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ئاساس قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن تېخىمۇ ھالسىرىتىدىغان، ساختا ئابرۇيپەرەسلىك قىلىشىدىغان «قاتار چاي»، «ئولتۇرۇش» دېگەنلەر ئىگىلىدى. ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىشنىڭ يەنە بىر ئەھمىيەتلىك شەكلى بولغان مەشرەپلەرمۇ خەلقىمىزگە ناھايىتى قەدىمدىن ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، ئۆزلىرىنى ئەتراپلىق تەربىيىلەشتە، جۈملىدىن مەنىۋى بىرلىكنى، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى، خۇشخۇي، مېھماندوستلۇقنى، ئوچۇق - يورۇق، مەردۇمەردانە خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشتە ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان ئاممىۋى سورۇن، شۇنداقلا ئۆسمۈر بالىلارغا ئەنئەنە، ئەدەپ - ئەخلاق، ئېستېتىك تەربىيە بېرىدىغان ئۇنىۋېرسال فولكلور مەكتىپى ئىدى. ئەمدى

شەھەرلەردە ئۇنىڭمۇ شەكلى ۋە خاراكتېرى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ھېكايە - چۆچەك ئېيتىش، رىۋايەت سۆزلەش، داستان كۈيلەش ئاساسىدىكى مەدداھلىق سەنئىتى بولسا، ئەۋلادلاردا ۋەتەن قارىشى، مىللىي ئاڭ، يۇرت مۇھەببىتى، ئاتا- ئانا مۇھەببىتى، مۇھەببەت - نەپرەت سېزىمى ئويغىتىدىغان؛ باتۇرلۇق، قورقۇمسىزلىق، مەردلىك خاراكتېرى يېتىلدۈرىدىغان، مىللەت تارىخىدىن، ئەجدادلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن تەسىرلىك دەرس بېرىدىغان ئەڭ ئومۇمىي، قۇلايلىق ۋاستە ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ پەقەت چوڭلارنىڭ ئەسلىمىسى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلار ھاياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان تېپىشماق ئېيتىش پائالىيىتى ۋە بالىلار ئويۇنلىرى بالىلارنى تەبىئەت ۋە ھاياتلىق بىلەن تونۇشتۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى، زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان، ئۇلارنى ساغلام، باتۇر، چاققان، ھوشيار ۋە ھەمكارلىق روھى بىلەن تەربىيىلەيدىغان بەكمۇ پايدىلىق شەكىللەر ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بالىلىرىمىز تېلېۋىزور ئالدىدا ئېغىناپ يېتىپ، ھورۇن، لەقۋا، ئىجادچانلىقى ۋە ئىنتىلىشى كەم بولغاننىڭ ئۈستىگە، تېلېۋىزوردا چىقىۋاتقان تۇرمۇشىمىزغا، زوقلىنىش ئادىتىمىزگە يات بولغان ھەرەڭ - سەرەڭ نەرسىلەرنىڭ تەسىرىنى كۆپ قوبۇل قىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار ئاتا- ئانىلىرى بىلەن قارىمۇقارشى بىر مەيداندا سۆزلەيدىغان ۋە پىكىر قىلىدىغان بولۇپ ئۆسمەكتە.

خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن نورۇز بايرىمىمىزنى ئالساقمۇ، ئۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە ۋە باشقا ئۆرپ- ئادەتلەرنى كەڭ جارى قىلدۇرىدىغان، خەلقىمىزگە ئۈمىد، ئىشەنچ، غەيرەت - جاسارەت بېغىشلايدىغان، ئېسىل ئەنئەنىلەرنى مۇستەھكەملەيدىغان كاتتا مەدەنىيەت

ھادىسىسى ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنلەردە بىز ھەرقانچە كۈچەپ تەشۋىق قىلساقمۇ، شېئىر يېزىپ كۈيلىسەكمۇ ئۇنىڭ ساداسىنى پەقەت تېلېۋىزوردىنلا ئاڭلىيالايمىز. پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ناخشا - ئۇسسۇلچى خەلق دېگەن نامغا، پۈتمەس - تۈگىمەس ناخشا - مۇزىكا بايلىقىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، بىزگە ۋەكىل بولۇپ مەركىزىي سەھنىلەردە نامايان قىلىنىۋاتقان ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز...

بىز كۆپىنچە كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتلەرنى چىقىش قىلىپ تەرەققىيات، قانۇنىيەت، زامانىۋىلىق سۆزلىرى بىلەن پەردازلايدىغان يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار گەرچە بۈگۈنكى كۈندىكى ئاتالمىش زامانىۋىلىقنىڭ بەلگە - ئالامەتلىرى سۈپىتىدە دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش دۇنياۋى ئېقىمغا ئۆز سۈپىتىدە قاتنىشىش ئىقتىدارىغا تېخى ئىگە بولالمىغان، پەقەتلا ئەگەشكۈچى ۋە تەقلىد قىلغۇچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، شاللاش ۋە تاللاش ئېڭى ئانچە يېتەرلىك بولمىغان بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن سەلبىي رول ئوينىشى ئېنىق. شۇڭا، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى تارىخىي مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە قوبۇل قىلماسلىققا ئامال بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېتەكلەش، ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش بۇرچى، مەجبۇرىيىتىدىن ۋاز كېچەلمەيمىز. ئۆتمۈشكە قايتىمەن دېيىش ئەخمىقانىلىك. ئۆتمۈشنى قايتۇرۇپ كېلىمەن دېيىش تېخىمۇ ئالجىغانلىق. ئەمما، ئۆتمۈشنىڭ جەزمەن كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋىتى بار، خۇددى مېۋىنىڭ يىلتىز بىلەن مۇناسىۋىتى بولغىنىدەك. چۈنكى، ئۆتمۈشسىز كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى كېلىش بولمىسا بېرىش بولمىغىنىدەك بىر

ئەھۋال. نەگە بېرىشنى بىلىش ئۈچۈن نەدىن كەلگەنلىكىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. نېمە قىلىشىڭىزنى بىلىش ئۈچۈن نېمە قىلغانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز زۆرۈر.

قانداقلا بولمىسۇن، بىز بۈگۈنكى كۈندە «تەرەققىي قىلىش» (راستىنى ئېيتقاندا ئەگىشىش ۋە دوراش) بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويۇۋاتقان، قەدرىنى بىلمەي خارلىقتا قويۇۋاتقان نۇرغۇن نەرسىلەر بىز تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ياكى تىلغا ئېلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزگىچە ئىقتىدارغا ئىگە فولكلور مەدەنىيىتىمىز ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شەھەرلىرىمىزدە ياتلاشقان، ئەبجەش ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش روھىي قىياپىتىمىزنى ۋە ئاتالمىش زامانىۋى، رەڭدار تۇرمۇش شەكلىمىزنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. نىسبەتەن ساپ بولغان بىر قىسمى چەت بولۇڭ - پۇچقاقلاردا ئاخىرقى ئۈچقۇنلىرىنى غىل - پال چاچرىتىپ ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا، تارىخ بەتلىرىدىلا چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ئۇلار خۇددى گىرېك ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلغان، «تۆمۈر دەۋرى» ئادەملىرىنىڭ ساختىپەز، رەزىل قىلمىشلىرىدىن قېيىداپ ئىنسانىيەت ئالەمىدىن ئەرش ئالەمگە سەپەر قىلىشقان مالائىكىلەرگە ئوخشاش بىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ بارماقتا. ئەسلىدە ئۇلار مىللەتنىڭ بايلىقى، روھىي تۈۋرۈكى ئىدى. ماركسىزمچىلار ئېيتقان مىللەتنى شەكىللەندۈرگۈچى تۆت چوڭ ئامىل ئىچىدە ئەڭ ئاساسىي ئامىل ھېسابلانغان ئورتاق مىللىي پسىخىكىنىڭ ئاساسى، ئومۇرتقىسى، مەۋجۇتلۇق شەكىللىرى ئىدى...

ھالبۇكى، بىزدە ياتلىشىش بىرقەدەر ئېغىر بولسىمۇ،

مىللىتىمىزنىڭ روھى تۈۋرۈكى بولغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ساغلام پىسخىكا پۈتۈنلەي يوقالغىنى يوق. ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر ۋە كەڭ، ھاياتى كۈچى چەكسىز، سىغىمچانلىقى زور. چۈنكى، ئۇ يۇرۇق ۋە قۇياشنى قۇت نىشانى قىلىپ جەنۇب ۋە غەرب ئارىلىقىدا كۆچۈپ يۈرگەن قەدىمى ئارىيانلاردىن، ئوغۇزخان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ۋەھشى قىيائىتىنى ئۆلتۈرگەن ئىپتىدائى ئورمانلاردىن، ئۇ تەڭرىگە سىغىنغان كۆل بويىدىن، كۆك بۆرە يول باشلاپ ماڭغان ھەربى يۈرۈشلەردىن، ئافراسىياپ ئات چاپتۇرۇپ جەڭ قىلغان قەدىمى تۇران چۆللۈكلىرىدىن، شامان، بۇددا ئەقىدىلىرىدىن، ئۇرخۇن، سېلىنگا، بالقاش، تارىم بويلىرىدىن، ئالتاي، تەڭرىتاغ، قاراقورۇم، ئۆتكەن باغرىدىكى چەكسىز يايلاق ۋە داللاردىن، تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغا كۆمۈلگەن تالاي قەدىمى شەھەر، قورغان ـ قەلئەلەردىن، تارىم بويىدىكى بوستانلىقلارنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، شەرق بىلەن غەربنى، جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرغان يىپەك يولى ئالاقىلىرىدىن، مۇسۇلمان شەرقىدىكى ئىسلام كالامىزمى ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن كەلگەن. ئۇلارغا مىللەتنىڭ نەچچە ئون ئەسىرلىك روھى ئېنېرگىيىسى جۇغلانغان. ئۇلارنى ئۆزىگە بالىياتقۇ ۋە دەپىنگاھ قىلغان بۇ روھنىڭ بۈگۈنكى ھايات گەۋدىسى دەل ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇش شەكىللىرى ۋە ياشاش ئۇسۇللىرى سۈپىتىدە ساقلانغان فولكلورىستىك ھادىسىلەردىن بىنا قىلىنغان بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ روھى ئەنە شۇ گەۋدە ۋۇجۇدىدا ئۆز جۇلاسىنى ۋە ئەسلى مەنىسىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

بىز يىراق سەھرالىرىمىزدا غىل ـ پال ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان، زامانىۋى شەھەرلىرىمىزدە بولسا، ياتلىشىپ يوقىلىشقا يۈز تۇتقان ھەقىقى، ساپ فولكلور مەدەنىيىتىمىزنى

ۋە ئۇنىڭ قوينىدا يىلتىز تارتىپ كۆكلەشكە پۇرسەت ئىزدەۋاتقان قەدىمىي ئەقىدادلىرىمىزنى، يەنى بىزدىن يىراقلىشىۋاتقان روھىمىزنى چاقىرىمىز.

گەرچە ئەجدادلارنىڭ تارىختىكى شۆھرىتى، باتۇرلۇق، مەردلىك خىسلىتى، ئىلىم- پەن مۇۋاپپەقىيەتلىرى، جۇملىدىن ئۇلارنىڭ مۇقەددەس روھى تەكلىماكانغا مەڭگۈلۈك دۇملەنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ زېمىن تەكتىدىن چىقىۋاتقان پەس، ئەمما جاراڭلىق، خۇددى مۇساپىر بالىلارنىڭ ناخشىسىغا ئوخشايدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى قۇلىقىمىز تۈۋىدە ئەكس سادا پەيدا قىلىپ نېمىدۇ بىرنەرسىلەرنى بىزنىڭ ئاڭقاۋ خاتىرىمىزگە سالماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالۋۇنغا ئايلانغان سېيماسى تومۇز ئىسسىقلاردا تارىمنىڭ سۇيىگە قانماي قۇرۇپ قاقشال بولغان توغراق ۋە يۇلغۇنلارغا ماتەمدار بولۇپ، تەكلىماكان چۆللىرىدە سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ ماڭغان چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئىزلىرىنى بويلاپ تەرەپ - تەرەپتە سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. تەڭرىتاغلىرىدىن، قاراقورۇم، پامىر ئېتەكلىرىدىن ئۇنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېقىپ چۈشكەن سانسىز دەريا - ئېقىنلار تەكلىماكانغا ئېقىپ بارالماي ۋە بەلكىم بۇلغانغان جىسمى بىلەن بۇ پاك قەدىمكى تۇپراقنى، كىرورەندىكى ساھىبجامال ئانىمىزنىڭ بىغۇبار ۋۇجۇدىنى بۇلغاپ قويۇشنى خالىماي يېرىم يولدىلا تىلىم - تىلىم جاراھەت ئىزى بىلەن قاپلانغان زېمىن ئانىمىزنىڭ ھەممىنى سىغدۇرالايدىغان كەڭ باغرىغا سىڭىپ تۈگەيدۇ. ئۇرخۇن، سېلىنگا، يېنسەي دەريالىرى بولسا ئۆز شەربەتلىرى بىلەن ئۇنى قايتا ياشارتماق بولۇپ ھەر تەرەپتىن يول ئىزدەيدۇ.

بىز يەنە تەكلىماكانغا تۇتاشقان ياكى ئۇنىڭ بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن يېزا - قىشلاق ۋە جاڭگاللىقلاردىن، چەت ۋە خىلۋەت يېزا- سەھرالاردا تېخىچە يېرىم بېكىك ھالەتتە نامرات

تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاددىي ئاۋام خەلق ئارىسىدىن بۇ روھنىڭ قالدۇق ئىزنالىرىنى تاپالايمىز. خەلقىمىزنىڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن قەدىمكى ئەپسانە - چۆچەكلىرىدىن، ناخشا - مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىدىن، ئەلنەغمە سەنئىتىدىن، ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىرىدىن بۇ روھنىڭ مۆلۈق، ياڭراق، ئۇمىدۋار ساداسىنى ئاڭلىيالايمىز. ئىپتىدائىي قىيا تاش رەسىملىرىدىن، بالبال - قورچاقلاردىن، مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن، مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىن بۇ روھنىڭ ئېنىق سىيماسىنى كۆرەلەيمىز. بۇ سادالار، بۇ سىيمالار كىگىز قالپاقلاردا، كۆرپە تۇماقلاردا، بادام گۈللۈك دوپپىلاردا، سۈرمە تارتقان قارا كۆزلەردە، ئوسما قويغان قوشۇما قاشلاردا، بېلىم چېچىلغان ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلاردا، ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئەتلەس كۆينەكلەردە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مېھراب - تەكچىلىك ئۆيلەردىكى ئاياق - چۆچەك، پەرمان ۋە چاچاپلاردا، مۇنار - قۇببە ۋە پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىدە، تام - تورۇسلاردىكى بېزەك - نەقىشلەردە جۇلالىنىپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ سادالار ۋە سىيمالارنىڭ كىچىك - كىچىك ئۇۋاقلىرى دېھقان ئاكىلىرىمىزنىڭ قورۇق باسقان كۆز جىيەكلىرىدىن، ساقال - بۇرۇتلىرىدىن، ئېگىز قاڭشارلىرىدىن ئاچچىق تەر تامچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ كېۋەز ئېتىزلىرىنى نەمدەپ تۇرىدۇ.

بىراق، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىل مابەينىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قولغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر قاتارىدا مەيدانغا كەلگەن ماددىي تەرەققىياتقا تەتۈر تاناسىپ بولغان ھالدا مىللىي مەدەنىيىتىمىز، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ياتلىشىپ بارماقتا. مىللىي روھ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانماقتا.

ساپ مىللىي پىسخىكىمىز ۋە ساغلام مىللىي خاراكتېرىمىز شالغۇتلىشىپ ئىجتىمائىي ئىللەتلەر، جۇملىدىن مىللەت ۋۇجۇدىدىكى كېسەللىكلەر كۆپىيىپ بارماقتا. ئېتىقاد سۇسلىشىپ، مەنىۋى بىرلىك يېمىرىلمەكتە. كوللېكتىۋىزملىق روھ ۋە مىللەت مەنپەئەتى قارىشى، خالىس تۆھپە قوشۇش ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بارغانسېرى ئاجىزلاپ بارماقتا. كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، غۇرۇرى ئاياغ ئاستى قىلىنماقتا. ھەددىدىن زىيادە پۇلغا چوقۇنۇش، مەنپەئەتپەرەسلىك، ھوقۇقپەرەسلىك كىشىلەردىكى پاكلىق ۋە ئالىيجانابلىقنى ئاساسىي مىزان قىلغان ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. مەنىۋى بۆھرانلار كۈچەيمەكتە. نوقۇل ئىقتىسادىي ئۇنۇم قوغلىشىپ چىرىكلىك، ساختىپەزلىك، شەپقەتسىزلىك، قويمىچىلىق، بۇلغىنىش ۋە كېسەللىك كۆپەيمەكتە. ئىشسىزلىق ئېشىپ، تۇرمۇش بېسىمى ئارتىپ، ھايات رىتىمى تېزلىشىپ، روھىي تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، جەمئىيەتنى چۈشكۈنلۈك، جىنايەت قاپلىماقتا، ۋەھاكازالار. بىز بۇنىڭغا ئوخشاش ئومۇمىي خاراكتېر ئېلىشقا باشلىغان سەلبىي يۈزلىنىشلەردىن تەئەججۈپلەنمەي ۋە ئەپسۇسلانماي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە.

بىز تارىخىمىزنى ۋاراقلىساق، قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، گەرچە ئۇل زامانلاردا جەمئىيەتنىڭ ماددىي، ئىقتىسادىي سەۋىيىسى ھازىرقىدىن كۆپ تۆۋەن، كۆپ قالاق بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ كىشىلىك ئەخلاق - پەزىلەتتە، ۋاپا - ساداقەتتە، پاكلىق - دىيانەتتە، خەير - ساخاۋەت ۋە مېھىر - شەپقەتتە ھازىرقىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇنداقتا بىزنى ئىزتىراپقا سالغان بۇزۇلۇش ۋە ياتلىشىش

ھادىسىلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىمۇ؟ ئەجەبا، دۇنيانىڭ ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكى، پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تۇرمۇشتا، ئىشلەپچىقىرىشتا، قاتناش - ئالاقىلەردە كەڭ تۈردە قوللىنىلىپ، ياشاش شارائىتىنىڭ خېلىلا ياخشىلانغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلغانلىقى؛ ماددىي، مەنىۋى ئىستېمال سۈپىتىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆسكەنلىكى، تەربىيىلىنىش مۇھىتىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ بېرىۋاتقانلىقى يالغانمۇ؟ ئەگەر راست بولسا، نېمە ئۈچۈن كىشىلىك ساپا، ئىنسانىي پەزىلەت بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟ مانا بۇ كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان، كانايلاردىن ياڭرىغان تەنتەنە ۋە بەخت سادالىرى بىلەن ئانچە ماسلىشالمايدىغان بىر ئەھۋال.

ھاياتلىقنىڭ مەنزىلى ماماتلىق، ماماتلىقنىڭ مەقسىتى ھاياتلىق. شۇنداق ئىكەن، مەلۇم جەھەتتىكى تەرەققىيات مەلۇم جەھەتتىكى چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گۈللىنىش خارابلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خارابلىق گۈللىنىشنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ھەرىكەت ئىچىدە جىملىق، جىملىق ئىچىدە ھەرىكەت بولىدۇ. بۇنى دىئالېكتىكىدا «قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل دىئالېكتىكىنى تارىختا تەتبىقلىساق، يۇقىرىقىدەك ماددىيەت بىلەن مەنىۋىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تەتۈر تاناسىپلىق جەريانىنى چۈشىنىۋېلىش ئانچە تەسكە چۈشمەيدۇ.

پەلەك چاقى ھامان چۆرگىلەشنى داۋام ئەتتۈرىدۇ، شۇ ئارقىلىق ھاياتلىق ئۆزىنىڭ توختاۋسىز زىددىيەت ۋە كۈرەش مەنتىقىسىگە چەكسىز بوشلۇق ھازىرلايدۇ. ئەنە شۇ چەكسىز بوشلۇقتا نىشانسىز، مەۋقەسىز، بىمەنە ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل

بولۇۋاتقان ئىنسانلار، گۇمراھلىق ۋە تەكرار گۇناھ - سەۋەنلىكلەردىن ھەمدە ئۇنىڭ ئازاب، پۇشايماندىن پۈتكەن نىدالىرىدىن تاغ ياساپ، ئۇنىڭ باغرىدا ئۈمىد - ئىستەك، مۇھەببەت ۋە سەنئەت چولپانلىرىنى تېخىمۇ يارقىن چاقنىتىدۇ.

كۆپ ھاللاردا بىز كېرەك قىلماي تاشلىۋەتكەن ياكى تەنتەكلىكىمىزدىن قەدىرلەپ ساقلىيالمىغان، ۋاپاسىزلىق قىلغان، خورلىغان ۋە ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نۇرغۇن نەرسىلەر مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بىز ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قەدرى ئۆتۈلۈشكە باشلايدۇ. بىز جېنىمىزنىڭ بارىچە قوغلاشقان، بىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان نۇرغۇن نەرسىلەر بولسا تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال پۇچەك نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا بىزگە مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئاستا- ئاستا ھېس قىلىشقا باشلايمىز.

يۇقىرىقى مۇلاھىزە ۋە بايانلىرىمىزدىن يەكۈن شۇكى، بىر مىللەت ئېغىر دەرىجىدە ياتلىشىپ، ئۆزىگە خاس مەنىۋى سۈپەتلىرىدىن مەھرۇم قېلىش نەتىجىسىدە، تۈرلۈك مەنىۋى كرىزىسلارغا ۋە ئېغىر ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە پېتىپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ۋىجدانلىق ئەزاسى مىللىي ئەنئەنە، بولۇپمۇ ئەڭ زور دەرىجىدە ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان، مىللەتنىڭ مىللىي ئېڭىنى باغرىدا ساقلاپ كەلگەن فولكلور ئەنئەنىسىنى كەمسىتىش پوزىتسىيىسىدە بولماسلىقى، شۇنىڭدەك تۇرمۇشىمىزغا شىددەت بىلەن سىڭىپ كىرىۋاتقان ئاتالمىش «زامانىۋى مەدەنىيەت»كە نىسبەتەن ئالاھىدە ھوشيار بولۇشى، ئۇلارنى قانداق تەرىزدە قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى ئوبدانراق ئويلىشىپ بېقىشى زۆرۈر. زامانىۋىلىشىش ھازىرقى زامانغا خاس ئىجابىي،

سەلبىي، ياخشى ـ يامان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زامانىۋىلىشىش ياتلىشىش ھېسابىغا ئەمەس، شاللاش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ھېسابىغا ئەمەلگە ئېشىشى كېرەك. ئەگەر ياتلىشىشنى زامانىۋىلىشىش دەپ قارىغاندا، بۇ ئېنىقكى، ئۆزىمىزنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىمىزنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، زامانىۋىلىشىش تەركىبىدە مىللىيلىشىش كەم بولسا بولمايدۇ. دۇنيادىكى ئىلغار، ياشاش ئىقتىدارى كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش ھەركەتلىرى( مەسىلەن، يەھۇدىيلار ۋە ياپونلارغا ئوخشاش) مىللىيلىشىشنى چەتكە قاققان ئەمەس. بەلكى ئۇنى ھەقىقىي زامانىۋىلىشىشنىڭ مەقسىتى، ھاياتىي كۈچى قىلغان. مېنىڭچە، ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىنى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، ھۇرۇن ۋە بوشاڭلىقىدىن ئىزدىمەي، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىقىدىن، دىنىي ئېتىقادىدىن ۋە باشقا ئەنئەنىسىدىن كۆرىدىغانلار ئۆزىنىڭ ھۇرۇن، يارامسىزلىقىنى تەن ئالمىغۇچىلاردۇر.

دۇنيادىكى زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، سانائىتى يۇكسەلگەن ئەللەر دەل شۇ زامانىۋىلىشىش ئارقىلىق ياراتقان مىللىي ساپاسىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىگە (جۈملىدىن، ئۆزىگە خاس بايرام ـ مۇراسىم، نەزىر ـ چىراغ ئەنئەنىلىرىگە) يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار ناھايىتى زور مەبلەغ سېلىپ ۋە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتا نامايان قىلىش، فولكلور كەنتى ۋە فولكلور مۇزېيلىرىنى قۇرۇش قاتارلىق يوللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنى ۋە مىللىي ئىپتىخارىنى ئۇرغۇتۇپ، مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى، ئىجادچانلىقىنى زور

دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كومپيۇتېر تېخنىكىسى، كلون تېخنىكىسى ۋە دۇنياۋى سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولمايدۇ، بەلكى رىقابەتلىشىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە مىللىي ئەنئەنىسى ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەڭ ياخشى دەرسلىك سۈپىتىدە ئەۋلادلىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ روھىي دۇنياسى ئېھتىياجلىق بولغان، باشقىلاردىن ئارىيەت ئالغىلى بولمايدىغان ئوزۇقلۇق ۋە ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىمىزنى قەدىرلەيلى، بۇ ئۆزىمىزنى قەدىرلىگەنلىك بولىدۇ. باشقىلارنىڭ نەرسىلىرى ھەقىقەتەن ئېسىل بولسا قوبۇل قىلساق بولىدۇ. بىراق، ئۇنىڭدىن بىز يەنىلا تىل قىسىنچىلىقى بىلەن پايدىلىنىمىز: بىزنىڭمۇ ياخشى نەرسىلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. قىسقىسى، بىز كۆپلەپ ئۆگىنىۋاتقان، قوبۇل قىلىۋاتقان ۋە دوراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالمايلى. بۇ خۇددى بالىلىرىمىزغا «چوڭلارنى ھۆرمەتلەيلى» دېگەن سۆزنى دائىم دەپ تۇرغىنىمىزدەك دائىم تەكرارلاپ تۇرىدىغان سۆزىمىز بولۇپ قالسۇن.

1997- يىل قەشقەر

# فولكلور ۋە ئۇنىڭ قىممىتى

فولكلور — بىر مىللەت ئاۋام - پۇقرالىرى ئارىسىدا قەدىمدىن ساقلىنىپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ياشاش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شەكلى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان ۋە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئۆرپ - ئادەت ھادىسىلىرىنى، شۇنداقلا بۇ ھادىسىلەرنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىدىغان بىر پەننىڭ نامىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ. بىز دائىم دەپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، خەلق سەنئىتى، ئۇدۇم - ئادەت، ئەقىدە - ئېتىقاد، قائىدە - يوسۇن دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار ئەنە شۇ فولكلورغا تەۋە ھادىسىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرىنى ياكى ئوخشاش تۈرلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

فولكلورنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ. ئۇ بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ۋە ماددىي ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن تارتىپ، ئورتاق ئېتىقادى، ئىدىيىۋى ئىشەنچ ئاساسىدا شەكىللىنىپ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگىچە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

فولكلور ھادىسىلىرى مىللىي ھاياتنىڭ بىرلىككە كەلگەن، قائىدىلەشكەن، ماددىيلاشقان ئىقتىسادىي بازىسى ھەم ئۈستقۇرۇلمىسى. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى گەۋدىلىك مىللىيلىككە ۋە كەڭ ئىستېمالچانلىققا ئىگە بولىدۇ. ئىپادىلىنىش شەكلىمۇ كۆپ

خىل، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. ئۇ ھەم كىشىلەرنىڭ ھەركەت پائالىيىتىدە، ھەم تىل - نۇتۇق پائالىيىتىدە، ھەم ئاڭ - پىسخىكا پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ۋارىسچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ھەم داۋاملىششچانلىققا ئىگە بولىدۇ، ھەم ئىجتىمائىي، تەبىئىي مۇھىتقا ماس ھالدا ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

فولكلور ھادىسىلىرى بىزگە بىر مىللەتنىڭ ئورتاق ئاڭ - پىكىر سىستېمىسىنى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، تارىخىي مۇساپىسىنى، ئېتنوگرافىيىسىنى، ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى، مىللىي خاراكتېرىنى ۋە غايە - ئىستەكلىرىنى كۆپ تەرەپلىمە ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مۇنداقچە قىلغاندا، بىز ئۇنى بىر مىللەتنىڭ مىللىيىتىنى ھاسىل قىلىدىغان ئاساسىي بەلگىلەر دەپ ئېيتالايمىز.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرگىچە يىلتىز تارتقان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى مىللىي ئاڭنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇن - خاراكتېرى كۆپىنچە مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىگىلىك شەكلى، ئېكولوگىيىسى ۋە ھەر خىل دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇزاققىچە قوغدىلىدۇ ۋە قەدىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇقەددەسلەشتۇرۇلۇپ كۈچلۈك چوقۇنۇش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بەزىلىرى چوڭقۇر ھۆرمەت - ئەقىدە ۋە پەرھىزلىك قاراشلار بىلەن كىشىلەر ئېڭىدىن مەھكەم ئورۇن ئالغان بولىدۇ. شۇ تۈپەيلىدىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى خۇراپىي، سىرلىق تۈس ئېلىپ، جەمئىيەتنىڭ مەلۇم قاتلاملىرىدا

كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى كونترول قىلىۋالغان، ھەتتا مەنىۋى ئاسارەتكە ئايلانغان بولىدۇ.

فولكلور ھادىسىلىرى شەخسنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دائىم دېگۈدەك ئۆزگىرىپ، شاللىنىپ تۇرۇشتەك، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىپ، يېڭىلىنىپ بېرىشتەك ياكى ۋاقتى ئۆتكەنلىرى ئاستا- ئاستا ئۆز ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ئىستېمالدىن قېلىشتەك خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرگە جەمئىيەتتىكى تۈپلۈك ئۆزگىرىشلەر، مەسىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈلمىلەرنىڭ بىر پۈتۈن يېڭىلىنىشى، ئىدېئولوگىيىدىكى ماھىيەتلىك بۇرۇلۇش، ئەخلاقىي - ئېستېتىك پرىنسىپلارنىڭ كەسكىن ئىسلاھ قىلىنىشى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەردىكى قىممەت نوقتىئىنەزىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىشى، يات ۋە ياكى ئالاھىدە ئىمتىيازلىق سىرتقى مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ كۆپلەپ سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ياتلىشىش ھادىسىلىرى قاتارلىقلار بىۋاسىتە ۋە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ دەۋرىمىزدىكى رېئال قىسمەتلىرى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى دەلىللەشكە يېتىپ ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخقا، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي، مەنىۋى، ئېتنىك سەرگۈزەشتىلەرگە باي بىر مىللەت. ئۇ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيىلىك ئورنى، قىززىقان، ئىنتىلىشچان، قورغاق ۋە تەشەببۇسكار مىللىي پسىخىكىسى بىلەن كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاد، كۆپ خىل تىل - يېزىق ۋە باشقا ھەر خىل تىپتىكى دۇنياۋى مەدەنىيەت خۇرۇچلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا توپلاپ، ئوتتۇرا ئاسىياچە سىرلىق، سىنكرېتىك ئالاھىدە مەدەنىيەتنىڭ

ئاساسلىق ھەقدارلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي پائالىيەت سورۇنى بولغان شىمالىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونى 1000 يىلدىن ئارتۇق دۇنياۋى سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ مەركىزىدە تۇرغان. بۇ ھال ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان ۋە ئۆزلەشتۈرگەن فولكلور مەدەنىيىتىنى پەۋقۇلئاددە مول، رەڭدار، سىرلىق، تاۋلانغان، ئەۋرىشىم ۋە سىغىمچان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇ تېخىچە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە ئېرىشەلمەيۋاتقان، دۇنيانىڭ دىققەت-نەزىرىدىن چەتتە قېلىۋاتقان، رەسمىي پەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ ئېچىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىر ساھە. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ بىزنىڭ ئۆزىنى قېزىپ توپلىشىمىزغا، دۇنياغا نامايان قىلىشىمىزغا ۋە ئىجادىي پايدىلىنىشىمىزغا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زور كۈچ بىلەن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمىزغا موھتاج.

ھەممىمىزگە ئايانكى، خەلقىمىز ئەمدىلەتىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلىغان يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئۆزىنى قايتا تونۇشقا، ئۆزىنى ئوڭلاپ زامانغا لايىق رىقابەت ئېڭى ۋە رىقابەت ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان بەزى ئىزدىنىشلەر، جۇملىدىن بەس - مۇنازىرىلەر (پايدىلىق پىكىرلەر) مەيدانغا چىقتى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەلىي نەتىجىلەرمۇ قولغا كەلدى. بۇ يەنىمۇ كېڭەيتىشكە تېگىشلىك ياخشى ئەھۋال، ئەلۋەتتە. بىراق، بىز XXI ئەسىر بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ دەيدىغىنىمىز يەنىلا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىز ھەقىقەتەن كەينىدە قالدۇق. بىزدە مۇشۇ جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئاڭ - سەۋىيە ۋە بىلىم - تېخنىكا

ساپاسى ناھايىتى كەمچىل. ئەگەر تېزدىن ئۆزىمىزنى رۇسلاپ ۋە ئىسلاھ قىلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار مائارىپ ۋە ئىلىم- پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي رىقابەتتە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتمىسەك باشقا ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمايمىز.

شەيئىلەر تەرەققىياتىدا ئىچكى سەۋەب ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. تاشقى سەۋەب بولسا، قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. مىللەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدىكى بارلىق پايدىلىق ئامىللارنى ئىشقا سېلىش ناھايىتى مۇھىم. مىللەتنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى مىللەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، يەنى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇش ئەنە شۇ جەھەتتىكى ئۇنۇملۇك خىزمەت دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، مېنىڭ بۇ ماقالىدە فولكلور مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشۈم ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە پايدىلىق بولغان بىلىم - تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چەتكە قاقمايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئۇنىڭ ھايات مەنبەسى، مەۋجۇتلۇق ئاساسى، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان مىللىي ئاڭ ۋە ئورتاق ئېتىقادنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇزاق داۋاملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىللەت تاشقى بېسىم ۋە خىرىسقا دۇچ كەلگەندە ئۇنى ئۆزلۈكىنى قوغداشتىكى قالقان قىلىشقا ئۈرۈنۈشمۇ تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما، بىز ئۇنىڭ ئەكسىچە بېسىم ۋە خىرىس ئالدىدا تولىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەبنى ئەنە شۇ فولكلور مەدەنىيىتىمىز ئىچىدىن ئىزدەشكە ئامراق. مېنىڭچە بۇ، ياش ئەۋلادلاردا ئەنئەنىنى كەمسىتىش ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل

بولماسلىقتەك يامان پسىخىكىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، بىر مىللەت روھىيىتىدە كۆرۈلگەن بۇزۇلۇش، ياتلىشىش قاتارلىق سەلبىي يۈزلىنىشلەرنىڭ ئاساسىي سەۋەبچىسىنى ئاۋۋال ئىچكى قىسىمدىن ئىزدەيمىز، يەنى فولكلور مەدەنىيىتىمىز ئىچىدىكى پاسسىپ، ھەتتا زىيانلىق نەرسىلەردىن ئىزدەيمىز. بىراق، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ تارىخنىڭ شۇ قەدەر ئەڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ھېلىھەم مۇكەممەل بىر مىللەت سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ يەنىلا مول ھەم كەڭ ئاساسقا ئىگە فولكلور مەدەنىيىتىمىزنىڭ بولغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى كۈندە فولكلور مەدەنىيىتىمىز ئىچىدىكى ۋاقتى ئۆتكەن، مىللەتنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى بوغۇپ قويىدىغان، دادىل ئىزدىنىشكە توسالغۇ بولىدىغان، ئىنساننىڭ جىسمانىي، مەنىۋى ئەركىنلىكىنى چۇشەپ، ماددىي تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان سەلبىي نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلاش كېرەك(مەسىلەن خۇراپاتلىققا ئوخشاش). بىراق، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز تارىخىدا كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىجات قىلغان، تەبىئىي يوسۇندا ئۆزلەشتۈرگەن ۋە ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى نىسبەتەن ساپ بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ ساغلام تەرەققىيات تەلپىگە ۋە ئىلغار غايىۋى يۈزلىنىشكە زىت ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ مەنىۋى بىرلىكىنى قوغداشقا، ئۆز غۇرۇرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەشكە، شۇ ئاساستا ئۆز - ئۆزىنى مۇستەھكەملەپ ھەقىقىي تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق.

لېنىننىڭ «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن مەشھۇر بىر سۆزى بار. بۇ بىر مىللەتكە نىسبەتەنمۇ شۇنداق. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساپ بولغان فولكلور مەدەنىيىتىنى قوغداش، ئۇنى قەدىرلەش — مىللىي غۇرۇرنى قوغداش ۋە ئۇنى قەدىرلەش دېگەنلىك. بۇ جەھەتتە قىلىنغان ئىلمىي ۋە تەشۋىقىي خىزمەتلەر ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولغان مىللىي ئەنئەنە تەربىيىسى، مىللىي غۇرۇر تەربىيىسى، كىشىلىك ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ھەربىر كىشىنىڭ مىللىي ئېڭىنى، مىللىي ئىپتىخارىنى ئۇيغىتىپ، ئۆز مەنپەئىتىنى مىللىي مەنپەئەت بىلەن، ئۆز تەقدىرىنى مىللەت تەقدىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئەلگە ۋە ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى يارىتالايدىغان قىلىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ ھەم پارتىيىمىز، ھەم ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تىرىشىش نىشانىغا ئۇيغۇن. چۈنكى، جوڭگودىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەنپەئىتى دۆلەت مەنپەئىتى بىلەن بىردەك.

جەمئىيىتىمىزگە، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا نەزەر سالساق، مۇشۇ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ۋەقەلەر، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بىر ئەسىر بولدى. مىللەتنىڭ ماددىي تۇرمۇشىدىن تارتىپ چوڭقۇر ئاڭ قاتلاملىرىغىچە ھەممە نەرسە غايەت زور دەرىجىدە يېڭىلاندى. بۇنداق ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىشنىڭ ئىجابىيلىك ياكى ساغلاملىق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋارىسلىق قىلىنغان ياكى ئىجات قىلىنغان نەرسىلەرگە قارىغاندا قوبۇل قىلىنغان، كۆچۈرۈپ كېلىنگەن نەرسىلەر كۆپ بولدى. ساپاسى

ئەسلىدىكىدىن تۆۋەن بولغانلىرى تېخىمۇ كۆپ. شۇڭا، ئۇلار مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، مەنىۋى تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ماھىيەتلىك ياخشىلىنىش ئېلىپ كېلەلمىدى. ئەكسىچە، كىشىلەر ئارىسىدىكى كۆيۈنۈش، مېھىر - شەپقەت، سەمىمىيەت، خالىسانىلىك دېگەندەك ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەت بارغانسېرى كېمىيىپ كەتتى. پەسكەشلىك، چىرىكلىك ۋە باشقا جىنايى قىلمىشلار بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى.

جۇڭگودا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىل مابەينىدە، تۇرمۇشىمىزغا سېڭىپ كىرگەن يېڭى شەيئىلەر؛ ئېڭىمىزدىن ئورۇن ئالغان يېڭى ئۇقۇم، يېڭى قىممەت قارىشى ھەمدە نىسپىي ھالدىكى ئىقتىسادىي يۈكسىلىشلەر؛ سودا - تىجارەت، قاتناش، ئۇچۇر- ئالاقە ساھەلىرىدىكى ئىلگىرىلەشلەر بىزنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە مەلۇم دەرىجىدە يۈزلەندۈرگەن بولسىمۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان پەن- تېخنىكا جەھەتتىكى قالاقلىقىمىز، پىسخىك جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىز، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقىمىز ۋە رېئاللىق ئالدىدىكى بىچارە - ناتىۋانلىقىمىز بىزنى رىقابەتتە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. شۇنىڭ بىلەن ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسىنى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى يوقىتىپ قويغان بىر قىسىم ياشلىرىمىزدا قېيداپ بولۇشىغا ياشايدىغان، ئۆز تەقدىرىنى تاسادىپىي ئامەتلەرگە باغلاپ «ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان» ناچار روھىي ھالەتلەر ھۆكۈم سۈرمەكتە، ھەتتا بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆز ئەجدادلىرىدىن، ئانا تىلىدىن، دىنىي ئېتىقادىدىن كۆرۈپ، ئۇيغۇر بولۇپ قالغىنىغا ئۆكۈنىدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ خىل

قىسمەتلەرگە گىرىپتار بولۇشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز بولدى. ئىنتايىن ساپ، ئېسىل، قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىزمۇ، ئۆزىمىز بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەن مەنىۋى بايلىقلىرىمىزمۇ، يۈرىكىمىزنىڭ رىتىمى، قېنىمىزنىڭ ئېقىنىغا ئايلىنىپ كەتكەن ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا سەنئىتىمىزمۇ بەزىدە قالاقلىقىمىز ۋە يارامسىزلىقىمىزنىڭ مەنبەسى قىلىنىپ جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلدى. بىز گويا قوڭى تېشىلىپ كەتكەن ئەسكى سېۋەتنى قولتۇغلاپ، ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئۇنىڭغا قاچىلاپ، ئۇنى بارغانسېرى ۋىجىكلىشىپ كېتىۋاتقان كۆچسىز گەۋدىمىزگە ئارتىپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن نىشانسىز كېتىۋاتقان تىلەمچىگە ئوخشىشىپ قالدۇق. بىزنىڭ تېڭىرقاش ۋە يېتىرقاش ئىچىدە چۈشۈرۈپ قويغانلىرىمىز تېرىپ ماڭغانلىرىمىزدىن كۆپ بولدى. يوقاتقانلىرىمىز ئېرىشكەنلىرىمىزدىن كۆپ بولدى. نەتىجىدە بىزنىڭ تەرەققىي قىلغان قىلمىغانلىقىمىز ئەنئەنىدىن قانچىلىك دەرىجىدە يىراقلاشقان يىراقلاشمىغانلىقىمىز بىلەن ئۆلچىنىدىغان: تەرەققىي قىلغانچە ياتلىشىدىغان، ياتلاشقانچە تەرەققىي قىلغان ھېسابلىنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

ئېتىقاد كرىزىسى، ئەخلاق كرىزىسى دۇنياۋى ھادىسە. بىز دۇچ كەلگەن شەپقەتسىز رىقابەت ۋە بېسىملار ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزغا نىسبەتەن چوڭ خىرىستۇر. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۆزلۈكنى قوغداش تەقەززاسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆتمۈشتىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە نەرسىلەردىن ئۈمىد كۈتۈش خاھىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال، ھەتتا ماڭا ئوخشاش مۇتەئەسسىپلىكتىن جاق تويغان كىشىلەرمۇ ئۆتمۈشنى سېغىنىدىغان، بۇرۇنقىغا تەلپۈنىدىغان، ئىلگىرىكى ئازغىنە بىساتىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالسا

ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. شۇڭا، بۈگۈنكى بۇ زامان بىزنىڭ دۇنياۋى ئاساسى ئېقىمغا قوشۇلۇشىمىزنى جىددى تەلەپ قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىزدە ئۆزلۈك ئېڭىمىزنىڭ، ئۆزىمىزنى ئىزدەش خاھىشىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىشى ھەرگىز تاسادىپى ئەھۋال ئەمەس.

كىشىلەر ئايروپىلاننى ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ پولۇ يەپ، كېچە ـ كۈندۈز بەزمە ـ ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى قۇرۇق بولسا، ھەتتا ئىنسانى ھېس ـ تۇيغۇدىن، ھەقىقى مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولسا، يەنە نېمىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ؟ فولكلور مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى چۆرىدەپ يۈرگۈزۈۋاتقان مۇلاھىزە مانا شۇ سوئالنىڭ تۈرتكىسىدە مەيدانغا چىققان.

مىللەتنىڭ روھى ئالىمىدە شەكىللەنگەن بوشلۇقنى تولدۇرۇش، ئۇنىڭدىكى چۆل ـ جەزىرىلەرنى ياشارتىش يەنى مەنىۋى تەلەپلەرنى قاندۇرۇش ئۈچۈن نۆۋەتتە فولكلور مەدەنىيىتىمىزگە مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بېسىپ ئۆتكەن يىراق مۇساپىلىرىمىزنىڭ جانلىق شاھىدلىرى، قالدۇرۇپ ماڭغان قەدەم ئىزلىرىمىزنىڭ بەلگە ـ نىشانىسى، روھى دۇنيايىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخى قاتلاملىرى بويىچە ماددىيلاشقان ئەۋرىشكىلىرى، ئۆزگىچە مىللى پىسخىكىمىزنىڭ ئەينىكى بولمىش فولكلور مەدەنىيىتىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك قېزىپ رەتلەپ، مەخسۇس مۇزېيخانىلاردا قويۇپ كۆرەك قىلىش؛ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ۋە ئوتتۇرا، ئالى مەكتەپلەردە بۇ پەننى ئاساس قىلغان دەرسلەرنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت فولكلور مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ ئۆزىمىزگە

خاس بولغان ساپ ھالدىكى، ئىجابىي خاراكتېردىكى فولكلور ھادىساتلىرىنى ئۆلۈك پېتى ئەمەس، بەلكى تىرىك، ھازىرمۇ مەۋجۇت بولغان ھالەتتە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن نامايان قىلىپ بېرەلەيدىغان «فولكلور كەنتى»، «فولكلور شەھەرچىسى» قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىقىش لازىم. بۇنداق ئورۇنلار ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارنى تارىختا باشلاپ ئاپارغىلى، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە روھىي دۇنياسى بىلەن قايتىدىن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇنداق قىلىش يەرلىك مەدەنىيەت، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ھەممىدىن بەك قىزىقىدىغان چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى جەلپ قىلىپ، ساياھەتچىلىك ۋە ئېكسكۇرسىيە ئارقىلىق زور ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيادىكى ھەقىقىي تەرەققىي تاپقان ئەللەر، بولۇپمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بەرگەن ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى ئىلغار مىللىي ئەنئەنىلىرىنى ئەجدادىي تەۋەررۈك بىلىپ قوغداشقا، ئۇلارنى قەدىرلەپ قايتا نامايان قىلىشقا، پەرزەنتلىرىگە بىلدۈرۈشكە شۇنچە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغان. ئۇلار ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، ئۆز روھىنى تويۇندۇرىدىغان نەرسىلەرنى ھەرگىزمۇ كونىرىغان، ۋاقتى ئۆتكەن دەپ قارىغان ئەمەس. ئۇلارنى پۈتلىكاشاڭغا ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ئېنېرگىيە تولۇقلايدىغان، روھىي ئوزۇق ئالىدىغان، ھەتتا پۇل تاپالايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇشنى بىلگەن. گەرچە ئۇلار زامانىۋى

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتىدا ئايروپىلان بىلەن يارىيار هارۋىنىڭ، توك چىراغ بىلەن جىنچىراغنىڭ پەرقىنى بىزدىن ئوبدان بىلسىمۇ، بۇلاردىن ئۆز يولىدا پايدىلانغان. ھېچبولمىغاندا تۇرمۇشىدىن يوقالغان نەرسىلەرنى ئەسلەپ تۇرۇشنىڭ نېمىگە پايدىسى؟!

ئاددىيسى ئۇلار يۇمشاق ساپادا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزوردىن ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈپ ئالغان ھۇزۇرنىڭ نېمىشقىدۇر بىر چاغلاردا كوچا ـ رەستىلەردە قىستىلىشىپ تۇرۇپ مەدداھلار ئېيتقان جەڭنامە ـ قىسسەلەرنى ئاڭلاپ ئالغان ھۇزۇرغا ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى؛ ياغۇنچاقنىڭ يارمىسى بىلەن جۇۋازنىڭ يېغىدا ئەتكەن تاماقنىڭمۇ مەڭگۈ قايتىلانماس تەمىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقان. مانا بۇ ھەقىقىي تەرەققىي قىلغان بىر ئەلنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يوقىرى بولۇپلا قالماي، يەنە مەنىۋى سۈپىتىنىڭمۇ يوقىرى بولۇشىنى بەلگىلىگەن مۇھىم ئامىللىرىنىڭ بىرى.

مەن بېيجىڭدىن چىقىدىغان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1993- يىللىق 5- سانىدا ئېلىمىزنىڭ ئاتاغلىق خەلق ئەدەبىياتشۇناسى ليۇ شيۇخۇا ئەپەندىنىڭ « ياپونىيىدە خەلق چۆچەكلىرىنى تەكشۈرۈش زىيارىتى » ناملىق بىر ماقالىسىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ياپونىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدا يۈەن يېشى ( 远野市 ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر جاي بولۇپ، ئۇ جاي «خەلق چۆچەكلىرى يۇرتى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن. بۇ يەردە ھۆكۈمەت مەبلەغ ئاجرىتىپ مەخسۇس «چۆچەك كەنتى» قۇرۇپ، ئۇنى ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۈچۈن ئېچىۋەتكەن. بۇ يەرگە كېلىدىغان ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ سانى يىلىغا 500 مىڭدىن كۆپ بولۇپ، كىرىمى 4 — 5 مىليارد ياپونىيە يېنىغا يەتكەن. بۇ يەردە 1992-

يىلى «دۇنيا خەلق چۆچەكلىرى يەرمەنكىسى» نامىدا «دۇنيا چۆچەك بايرىمى» ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا 90 مىڭ ئادەم ئالدىن كېلىپ قاتناشقان. ئاپتور ماقالىسىدە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، «چۆچەك كەنتى»دە خەلق ئارىسىدىكى ئاغزاكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاجايىپ ماھارەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدداھلىق ئۇسۇلىدا ۋە هازىرقى زاماندىكى ئىلغار كۆرۈش، ئاڭلاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى؛ داڭلىق ھېكايە - چۆچەكلەرنىڭ چاتما رەسىملىرى ۋە خەلق ھېكايىلىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ئەھۋالى كۆرسىتىلگەن خەرىتە - گرافىلارنىڭ تاملارغا ئېسىلغانلىقىنى؛ چۆچەكلەر ئاساسىدا ئىشلەنگەن كارتون فىلىملىرىنىڭ مەخسۇس خانىلاردا قويۇلۇپ تۇرۇلىدىغانلىقىنى؛ ھەتتا ئۇ يەردىكى تاۋار ماركىلىرى، مەھسۇلات بەلگىلىرىدىن تارتىپ، ئۇششاق خاتىرە بويۇملارغىچە چۆچەكلەر ۋە ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى؛ ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيىلەردىن كىرىدىغان ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتور يەنە «چۆچەك كەنتى»دىكى پېشقەدەم مەدداھلارنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ئۇلار ئۈچۈن دائىم ھېكايە ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىنى؛ 82 ياشلىق بىر ھېكايىچى مەدداھنىڭ مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ياردىمىدە بالىلار ئۈچۈن بىر ھېكايە سۆزلەش ئويۇشمىسى قۇرغانلىقىنى؛ ئويۇشمىغا 42 نەپەر كىشىنىڭ ئەزا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قەرەللىك پائالىيىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرغان.

ياپونىيە سانائىتى تەرەققىي قىلغان تىپىك زامانىۋى بىر دۆلەت. يۇقىرىقىدەك «چۆچەك كەنتى» قۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى مەدداھلىق پائالىيىتىنى قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىشنىڭ ئۇلارغا نېمە پايدىسى بار؟ ئۇلار پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلگەچكىلا بۇ

ئىشنى ئويلاپ تاپقانمۇ؟ مېنىڭچە بۇمۇ مەلۇم جەھەتتىن رول ئوينىغان بولۇشى ئېنىق. بىراق، مۇھىمى ياپونلارنى بۈگۈنكى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن نەرسە كۈچلۈك مىللىي ئاڭ ۋە ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان رىقابەت ئېڭىدىن ئىبارەت. بۇ ئاڭ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئايرىلمايدۇ. ئۇنى ئوزۇق قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئاڭ خاتا سىياسەتنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىغان، باشقىلارنى بوزەك ئېتىشنىڭ تارىخىي ساۋىقىنى قوبۇل قىلغان ياپونلارنى قۇرۇق شوئار، پوچىلىق ۋە سۆلەتۋازلىقتىن خالىي قىلىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈشكە، ئەمەلىي ئىش قىلىشقا، يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە ئىجادچانلىققا يېتەكلىگەن ئاساسىي ئامىل. دېمەك، ياپونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدە ئۇلاردىكى كۈچلۈك مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئاڭدىن ئىبارەت مەنىۋى ئامىلنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

مىللەتنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسى ھېچقاچان باشقىلار تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدىغان، سىرتتىن ئىمپورت قىلغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان تەبىئىي قۇۋۋەت، گېن ئاساسىدا تۈپلىنىپ، مىللەت ۋۇجۇدىدا چۆكمە بولۇپ ساقلانغان، مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەنىۋى مەدەنىيەت، يەنى فولكلور جۇغلانمىلىرىنىڭ، پسىخىك ئىقتىدارلارنىڭ كەڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ مىللەت ئالدىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتكە نىسبەتەن، ئالدىنقى ئەۋلاد بىلەن كېيىنكى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مەنىۋى بوشلۇقنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋال. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي ئاڭنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى مىللەتنىڭ بىرلىكى،

پۈتۈنلۈكىنىڭ ئۆمۈرتقىسىغا ئايلاندۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. بىزگە نىسبەتەن بۈگۈنكى كۈندە مىللىي ئاڭ، مىللىي پسىخىكا، مىللىي ئىرادە دېگەنلەرنىڭ ئەجدادلار ۋۇجۇدىدىن ئەۋلادلار ۋۇجۇدىغا قانداق، نېمە بىلەن سىڭىپ ماڭىدىغانلىقىنى، ئەجدادلاردىكى قەھرىمانلىق، ئىجادچانلىق، پەم - پاراسەت، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئېسىل خىسلەت ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ئەۋلادلارنىڭ قانداق شەكىلدە ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك روھىي ئېنېرگىيە قىلالايدىغانلىقىنى بىلىش بەكمۇ مۇھىمدۇر. مانا بۇ ھەرقانداق بىر يېڭىلاش، قوبۇل قىلىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ياكى چىقىش نوقتىسى بولۇشى كېرەك.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، فولكلور بىر مىللەتنىڭ ئېڭىغا، تۇرمۇشىغا، بارلىق مەدەنىيەت ۋە سەنئەت شەكىللىرىگە ئۆچمەس تامغىلارنى باسقان ۋە ئۇلارغا ھەقىقىي جان ، ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغان نەرسە. ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش شەكلى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى نامايان قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ نەرسىنى بىزدە نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش، دەسلەپكى قەدەمدە قېزىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئەمدىلەتىن باشلاندى. ئەمما، چەت ئەللەردە، بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان فولكلور تەتقىقاتى كەڭ قانات يېيىپ، ئۇنىڭدىن كەڭ ساھەدە، ھەتتا سىياسىي ساھەلەردىمۇ پايدىلىنىپ كېلىنمەكتە، بولۇپمۇ ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ، مىللەت تارىخىنى، ئەجدادلىرىنىڭ ئېسىل مىراسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللىي ئېڭىنى، ئېتىقادىنى، غۇرۇرىنى قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ كەلگەن.

ئەپسۇسكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئوڭ - سولنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرۈشلەر ۋە نۆۋەتتىكى تەقلىد قىلىشنى ئاساسىي بەلگە قىلغان ئاتالمىش تەرەققىي قىلىشلار فولكلور

مەدەنىيىتىمىزنى مىسلىسىز دەرىجىدە تاشقى زەربىلەرگە ئۇچراتتى. ئۇلارنى تولۇق قىزىپ، رەتلەپ، مۇنەۋۋەرلىرىنى تاللاپ پايدىلىنىشقا ئۇلگۇرمەي تۇرۇپلا، قارا - قويۇق يوقىلىشقا ياكى ئاينىشقا يۈز تۇتتى ياكى بولمىسا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىپ، پەرق ئەتكۈسىز داشقايناقتا ئايلىنىشقا باشلىدى. زامانىۋى پەن - مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى، ھازىرقى ئىقتىسادىي ئالغا كەلتۈرۈپ چىقارغان قىممەت نوقتىئىنەزىرى قىزىققان بىر ئەۋلاد ياشلىرىمىزنىڭ نەزىرىدە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى ئەرزىمەس بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. شۇڭا، «فولكلور كەنتى» دېگەنگە ئوخشاشلارنى قۇرۇش يولى بىلەن ئەنئەنىلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش، ياشلارنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا نامايان قىلىش بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن.

ئىشقىلىپ، ئەمدى «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپقۇچە» يوگەن سالماقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە خېلى ئاۋارە بولىدىغان ئوخشايمىز. مەن شۇنداق قارايمەنكى، يەنە 50 يىلدىن كېيىن ئۇرۇمچىنىڭ رەڭدار چىراغلار بىلەن بېزەلگەن ئاۋات كوچىلىرىنىڭ بىرىدە دوپپا كىيگەن بىر ئۇيغۇر قىزى مەغرۇر قىياپەتتە كېتىۋاتقاندا، بۇ ئۆزگىچە مەنزىرىنى كۆرگەن ئۇنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ قەلبى سۆيۈنسە، ۋۇجۇدى ھاياجانغا تولسا، بۇ مىللەتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن ئۇيۇلۇش ياكى ئۇنى زاڭلىق قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولسا، مىللەتنىڭ ئاينىغىنى شۇ. ئىشىنىمەنكى، ئۇ زامانلارغا بارغاندا كىشىلەر دوپپىنى دوپپا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ يۈرىكى دەپ بىلىدىغان بولىدۇ.

1997- يىل قەشقەر

# تىلنى ساپلاشتۇرۇشتا جانلىق تىلنىڭ رولى

ئۇيغۇر جانلىق تىلىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش زىيالىيلىرىمىز، ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، بولۇپمۇ تىلشۇناسلىرىمىز تەرىپىدىن يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، لېكىن ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان بىر ساھە.

بىر مىللەت تىلىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشى شۇ مىللەت ساغلاملىقىنىڭ مۇھىم بىر شەرتى. تىل مىللەتنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىدىن بىرى بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا تىلنىڭ تەقدىرى مىللەت تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتى مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرسە، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى تىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساسىي بەلگە قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئۆز ئانا تىلىغا مەسئۇل بولماسلىق، ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مەسئۇل بولماسلىق ئۆزىگە مەسئۇل بولماسلىق بىلەن باراۋەر.

ھەرقانداق بىر مىللىي تىلنىڭ تەرەققىياتى ئۇنى قانداقتۇر تەرەققىي تاپقان، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە ئىمتىيازلىق بىر تىلغا بېقىندۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ تىلنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان بىر قاتار ئارتۇقچىلىقلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

تۆۋەندە مەن مىللىي تىلىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە

ساپلاشتۇرۇشتا، جانلىق تىل بىلەن ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئاغزاكى جانلىق تىل بىلەن يازما ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىش كېرەكلىكى، بولۇپمۇ جانلىق تىلنىڭ مول خەزىنىسى، تارىخىي جۇغلانمىسى بولغان خەلق ئەدەبىياتى تىلىدىن ياخشى پايدىلىنىشنىڭ مۇھىملىقى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

دەرۋەقە، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بۇرۇنقىدىن كۆپ بېيىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىز بۇنداق سان جەھەتتىلا كۆرۈلىدىغان ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزگىرىشلەرنى سۈپەت جەھەتتىكى يۈكسىلىش بىلەن بىرلەشتۇرۇپ قارىساق، تىلىمىزنى تەرەققىي قىلدى دېيىشكە سەل ئاجىزلىق قىلىمىز، يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قارىماققا بۇرۇنقىدىن كۆپ تەرەققىي قىلغاندەك، بىر يۈرۈش قائىدىلەر سىستېمىسىغا ئىگە بولۇپ، خېلى ئۆلچەملىشىپ بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تەرەققىياتنى ھەقىقىي تەرەققىيات دېگىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي تەرەققىيات سان بىلەن سۈپەتنىڭ بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

بىرمۇنچە خىزمەتلەرنىڭ ئىشلەنگىنى راست. بۇ خىزمەتلەر تىل ئوقۇتۇشى ۋە تەرجىمە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەقىقەتەن چوڭ رول ئوينىدى. بەلكىم يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ لۇغەت تەركىبىمىزگە كىرىپ، تىلىمىزنى سان جەھەتتىن بېيىتقانلىقىنىمۇ بىر يۈكسىلىش دېيىشكە بولار. بىراق، بىز ئۆزىنى زىيالىي يەنى ئوقۇغان، تەربىيە كۆرگەن ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ؛ ھەتتا يازغۇچى - شائىر، رەھبىرىي كادىر، تەرجىمان، مۇخبىر، ئوقۇتقۇچى ئاتالغانلارنىڭ تىل ئەمەلىيىتىگە ئوبدانراق زېھىن قويساقلا تىلىمىزنىڭ سۈپىتى ئۈستى، تەرەققىي قىلدى دېگەن سۆزىدىن گۇمانلانماي قالمايمىز.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى، تەرجىمە قىلىنىۋاتقان كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكى، ھۆججەت ـ ئالاقە، ئېلان ـ ئۇقتۇرۇش، ۋىۋىسكا دېگەنلەردىكى مەسىلىلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلاردا ئۆلۈك تەرجىمە ئارقىلىق ياسالغان، خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش، سۆزلەش ئادىتىدىن چەتنىگەن، سۈنئىي، دەبدەبىلىك، ئەمما ھېسسىي تۈسى كەم، پۇچەك سۆز ـ ئىبارىلەر، سۈلكەتسىز، قولاشمىغان مۇرەككەپ جۈملىلەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئوقۇماقتا ھەشەمەتلىك تۇيۇلغىنى بىلەن چويلىغا سالسا چىقىدىغىنى تايىنلىق.

تىل دېگەن ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ مېۋىسى. مىللىي تىل ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە بىلىش تارىخىنىڭ ماددىيلاشقان، ئوبرازلاشقان ئىپادىسى. ئۇنى بىر مىللەت كوللېكتىپى ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتى، تۇرمۇشى، ئەقىل ـ پاراستى ۋە بىلىم ـ تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلتۈرگەن. مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەز ـ خاراكتېرى، مەدەنىي ھاياتى، تارىخىي كەچمىشلىرى ئۇنىڭ تىلىدا خۇددى سۇزۇك سۇنىڭ تېگىدىكى ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارغا ئوخشاش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس روھى ۋە جىسمى ئۇنىڭ تىلىدىن دىمىغىمىزغا گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولغىنىدەك، بىر مىللەتنىڭ تىلىدىن ئۇ مىللەتنىڭ خاراكتېرىنى، ئارزۇ ـ ئارمىنىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر تىل ئۆزگىچە فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق (مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىسلىق) تۈزۈلۈشى بىلەنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ ھەممە نەرسىسى ئۆز ئىزناسىنى قالدۇرۇپ ماڭغانلىقى بىلەن قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولىدۇ.

بىز بۇنى تىلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىك دەيمىز. بۇ نۇقتىدىن تىلنى مۇتلەق ھالدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ يەنە ھېس- تۇيغۇ ئالماشتۇرۇش قورالى، روھىيەتنى، ئۆزلۈكنى ئەۋلادمۇئەۋلاد تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم رىشتە. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيادىكى بارلىق تىللار ئوخشىمىغان تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلىگىنى بىلەن، ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېسسىي تۇسنىڭ ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. بۇنداق بولۇشنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بەلگىلىگەن. بىز دەۋاتقان تىلنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكمۇ دەل تىلنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن ئىبارەت تۈپكى ماھىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن، بىر تىلدىكى ھەرقانداق بىر ئۇقۇمنى ئىككىنچى بىر تىلغا مۇتلەق دەرىجىدە باراۋەر تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تىللار ئىچىدىكى مەنىسى ئوخشاش دەپ قارالغان سۆز - ئىبارىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمىدە ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان ئىنچىكە، نازۇك پەرقلەرنى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى پەيدا قىلغان ياكى يۇكلىگەن. بىر مىللەت تىلىدىكى شۇ مىللەتكىلا خاس بولغان بۇنداق جەۋھەر تەركىبلەر خۇددى ئۇرۇق، قان ۋە سۈت ئارقىلىق ئاتا - ئانا ۋۇجۇدىدىن بالا ۋۇجۇدىغا ئۆتكەن گېن سىگناللىرى ياكى باشقا ئىرسىيەتلىك ئامىللارغا ئوخشاش، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىزچىللىشىپ بارىدۇ.

مېنىڭچە، ئانا تىلدا سۆزلەش بىلەن باشقا بىر تىلدا سۆزلەشنىڭ پەرقىنى تاماقنى ئۆز ئاغزىدا چايناپ تېتىپ يېيىش بىلەن، كانىيىدىن تۆشۈك ئېچىپ قۇيۇپ قويۇشقا ئوخشىتىش مۇمكىن. كانايدىن قۇيۇپ قويۇش ئارقىلىق قورساق

تويدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولغان بىلەن، تاماقنىڭ لەززىتىنى تېتىغىلى، ئاشقازاننىڭمۇ تولۇق ھەزىم قىلالىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ-دە.

يۇقىرىقى مۇلاھىزىمىزدىن تەرجىمىنىڭ چەكلىمىلىكىنى ھېس قىلالايمىز. شۇنداق بولغاندا، تەرجىمە دېگەنلىك بىر تىلدىكى مەلۇم ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىنى ئىككىنچى بىر تىلدىكى شۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئەڭ يېقىن دەپ قارالغان ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە ئارقىلىق ئامال بار ئوخشىتىپ ئىپادىلەش دېگەنلىك. بۇ نوقتىدىن تەرجىمىنى بىلىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ۋاستىسى دەپ قارىساقمۇ، ئەمما تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر تىلنى يەنە بىر تىلغا ئۇدۇل ئۆرۇشنىڭ ئۆزى مىللىي خاراكتېرنىڭ بۇرمىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، تەرجىمە نەزەرىيىسىدە مەنە تەرجىمە قىلىش پرىنسىپى تەكىتلىنىپلا قالماي، مۇھىمى تەرجىمە خىزمىتىنى مەدەنىيەتشۇناسلىق، فولكلور، جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

مەلۇم ئوي - پىكىرنى، ئۇقۇم - چۈشەنچىلەرنى، شۇنداقلا ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ بېرىش تىلنىڭ ئومۇمىيىتى، لېكىن بۇ ئومۇمىيەت ئىچىدە يەنىلا خاسلىق بولىدۇ. بۇنداق خاسلىقتىن ئايرىلسا تىل ئۆزىنىڭ جەزبىدارلىقىنى يوقىتىدۇ.

ئىسمى - جىسمىغا لايىق مىللىي تىل ھەربىر ئاھاڭ - تاۋۇشلىرىدىن تارتىپ، ئۇرغۇ - تاكتىلىرىغىچە، ئىدېئوماتىك (مەۋھۇم، ئابستراكت چۈشەنچىلەرنى ئوبراز ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان، تۇراقلاشقان كۆچمە مەنىدىكى) بىرىكمىلەردىن تارتىپ، ماقال - تەمسىل قاتارلىق تاۋلانغان، ئەنئەنىلەشكەن ماتېرىياللارغىچە (بۇلار فىزئولوگىيىلىك بىرىكمىلەر تەركىبىگە كىرىدۇ) شۇ تىل بىلەن پىكىر

ئالماشتۇرغۇچى ئەزالارنىڭ شۇ تىل ئارقىلىق يېتىلدۇرگەن چۇشىنىش، زوقلىنىش ئادىتىگە ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ ھەقىقىي مىللىي تىل بولالايدۇ.

تىل ئاجايىپ سەنئەتلىك بىر خەزىنە. بۇ خەزىنىگە قاچىلانغىنى تاۋۇش ۋە بەلگە - ئالامەتلەر سىستېمىسىلا ئەمەس، مۇھىمى مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، مەنىۋى بايلىقى، قەلب دۇنياسى. ئۇنىڭدىن تارىخنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرىمىز. ئۆتمۈشنىڭ ساداسىنى ئاڭلايمىز، خەلقىمىزنىڭ يۈرەك رىتىمىنى تىڭشايمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىچە بىر يول ۋە ماھارەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق يول ۋە ماھارەتلەرنى شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئەزالىرى ئۇزاق يىل مابەينىدە قايتا- قايتا تاۋلاپ ۋە تاللاپ مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئۆزلىرىنىڭ جېنى، روھى بىلىپ داۋام ئەتتۈرگەن ۋە قان-تەر سىڭدۈرگەن. شۇڭا، تىلنىڭ جېنى مىللەتنىڭ جېنى، مىللەتنىڭ جېنى تىلنىڭ جېنىدۇر.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سۈپەتلەشلەر دەل مىللىي تىلغا خاستۇر. مىللىي تىلدا بار بولغان ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئالدى بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلىدا تولۇق ۋە ئەينەن ساقلانغان. شۇڭا، مىللىي تىلنىڭ ساپلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش ۋە يەنىمۇ تولۇقلاش مەسىلىسى ماھىيەتتە جانلىق تىلنىڭ ساپلىقى ۋە كەڭ ئىمكانىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىكى سەنئەت ۋە ماھارەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت. خوش، ئۇنداق بولسا، بىز جانلىق تىلىمىزدىكى ئەۋزەللىكلەرنى ئاتالمىش ئەدەبىي تىلىمىزغا قانچىلىك ئۆزلەشتۈرەلىدۇق؟ مېنىڭچە، دەل مۇشۇ مەسىلىدە بىز زىيالىيلار ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلالمىغاندەك تۇرىمىز. بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى مەن جانلىق تىل بىلەن

ئاتالمىش ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئازراق بولسىمۇ ئۆز قارىشىمنى دەپ باقاي.

ئىلگىرى، جانلىق تىل بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىنى چۆرىدەپ بەزى تەتقىقاتلار بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەرنى يىغىپ كەلسەك ئەدەبىي تىل مەركىزىي دىئالېكتنى ئاساس قىلىپ، قالغان دىئالېكتلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىلغان ھەمدە قېلىپلاشتۇرۇلغان ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن تىلدۇر. ئۇ ئاغزاكى جانلىق تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇ ئاغزاكى جانلىق تىلنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاغزاكى جانلىق تىل بولسا ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى، ئۇ ئورتاق ئەدەبىي تىلنى مول ماتېرىيال جۇغلانمىسى ۋە مۇنبەت زېمىن بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. ئېنىقكى، بىز پەرقلەندۈرۈپ قاراۋاتقان، بىر خىل مىللىي تىلنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولغان يازما ئەدەبىي تىل بىلەن ئاغزاكى جانلىق تىل ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى بۇ نەزەرىيە خاتا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىراق، بىزنىڭ يۇقىرىقى قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى، دەپ ئېيتىشقا ئاساسىمىز بار. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئورتاق ئەدەبىي تىل دەپ ئاتاۋاتقان كىتابىي تىلىمىز بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئېغىز تىلى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن بىرقاتار بوشلۇقلار ۋە پەرقلەر بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئومۇمەن، خەلقىمىزنىڭ جانلىق تىلىنىڭ (خەلق ئەدەبىياتى تىلى بولغان جانلىق ئەدەبىي تىلنىڭ) ئورتاق ئەدەبىي تىلىمىز (كىتابىي تىلىمىز)غا بولغان تەسىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بېيىپ بېرىشىدىكى مۇھىم

رولى يېتەرلىك جارى قىلدۇرۇلغىنى يوق. ئەكسىچە، تىلىمىزغا تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللار ئىچىدە تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن باشقا نوپۇزلۇق تىللاردىن سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. «تىنچلىقمۇ؟» نىڭ ئورنىغا «ياخشىمۇ سىز؟»نى ئىشلىتىش؛ «مەن شاپتۇلغا ئامراق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا، «مەن شاپتۇلنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش؛ «كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى»، «كۆيدۈم»، «ئاشىق بولدۇم»، «ئاشىق بىقارار بولدۇم» دېگەندەك خەلقنىڭ تىلىغا ۋە دىلىغا يېقىن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا، «ياخشى كۆرۈپ قالدىم»، «سۆيدۈم» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىش؛ شۇنىڭدەك «خىزمەتچى» دېسىلا كۇپايە قىلىدىغان ئەھۋالدىمۇ، «خىزمەتچى خادىم» (خادىم دېگەن سۆز ئەرەبچە بولۇپ خىزمەتچى دېگەنلىك) دەپ سۆزنى تەكرار ئىشلىتىش قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئۆلۈك تەرجىمىنىڭ مەھسۇلى بولسا، «كۆكتات»، «ئوتياش»، «تەرخەمەك»، «قىزىلمۇچ»، «كۆدە» دېگەن ئاتالغۇلار تۇرۇپ، يەنە «سەي»، «خاڭگا»، «لازا»، «جوسەي» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىز ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش مەسىلىسىدە ئانا تىلىمىزغا مەسئۇلىيەتچان بولالمىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇنىڭغا ھەتتا مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلىرىمىزنىڭمۇ يېرىم ئۇيغۇرچە، يېرىم خەنزۇچە سۆزلەپ ئۆزىمىزنى بىلىملىك كۆرسىتىپ يۈرۈشلىرىمىز تېخىمۇ ياخشى مىسال بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئورتاق ئەدەبىي تىلىمىزغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار يەنىلا تاشقى ئامىللار ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزمنىڭ قائىدە بويىچە ھۆكۈم قىلغاندىمۇ ئىچكى ئامىل بىرىنچى، تاشقى ئامىل ئىككىنچى. شۇڭا، بىز شۇنداق ھېسابلايمىزكى، ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان بىرىنچى ئامىل ئالدى بىلەن

شۇ تىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، شۇ تىلنىڭ جانلىق شەكلى ھېسابلانغان ئېغىز ئەدەبىيات تىلىدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئېغىز ئەدەبىيات تىلى مىللىي تىلنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور بولغان ۋە ئۇنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى ھېسابلانغان بىردىنبىر ئاساسىي تارمىقى، شۇنداقلا مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك تۈسى ئەڭ قويۇق بولغان ئالاھىدە شەكلى.

بۈگۈنكى كۈندە بىر تۈركۈم ساپ ئۇيغۇرچە سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىپ، ئۇنتۇلۇشقا يۈز تۇتقانلىقى؛ ئۇلارنىڭ ئورنىغا يات تىللاردىن كۆپلەپ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقا ياكى يېڭىدىن ياساشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىز؛ ئۆلۈك تەرجىمە ئارقىلىق ئومۇملىشىپ قېلىۋاتقان ناھايىتى كېلەڭسىز ۋە سۈنئىي جۈملە شەكىللىرىنى ئورتاق ئەدەبىي يېزىق تىلىمىزغا ئۆلچەم قىلىۋېلىشىمىز؛ شۇ سەۋەبلىك، بۇ تىلنىڭ ئاۋام خەلقتىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى بىزنى جانلىق تىل بىلەن ئەدەبىي يېزىق تىلىنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن يۇقىرىقىدەك بىر تەرەپلىمىلىكلەر ۋە ئېغىشلارنى ئىسپاتلاشنىڭ بىرتالاي پاكىتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەن تىلىمىزدىكى بۇ خىل ياتلىشىش ھادىسىسىنى خەلقىمىزنىڭ جانلىق ئېغىز تىلىدا ھېلىھەم ساقلانغان ساپ ھەم ئەنئەنىۋى، سەنئەتلىك تەركىبلەر بىلەن تولۇقلاپ، شۇ ئاساستا توغرا، ئۈنۈملۈك يول تېپىپ چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. بۇ ئارقىلىق يەنە تىل تەتقىقاتىنى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، جۈملىدىن فولكلور تىلشۇناسلىقىدىن ئىبارەت بىزدە پۈتۈنلەي بوشلۇق ھالىتىدە تۇرغان يېڭى ساھەلەرگە يول ئاچقىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي يېزىق تىلىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ياتلىشىش ھادىسىسى ۋە «تەرجىمە تىلى»غا ئوخشىشىپ قېلىشتەك ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، شۇنداقلا تىل تەتقىقاتىمىزدا يېڭى يۈزلىنىش پەيدا قىلىش بىلەن ئۇنىڭ تېگىشلىك ئورنىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن، قايتىدىن جانلىق تىلىمىزغا مۇراجىئەت قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى.

مەن بۇ يەردە يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، جانلىق تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئۇنى جەزمەن فولكلور تىلشۇناسلىقىنىڭ نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. فولكلور تىلشۇناسلىقى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەركىبىدىكى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بىر پەن. ئۇ تىلدا ئىپادىلەنگەن ئۆرپ - ئادەتلەرنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ تىلشۇناسلىق بىلەن فولكلور ( ئۆرپ - ئادەتشۇناسلىق )نىڭ بىرلىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ مىللىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ساھە بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى مىللىي تىل ئۆز باغرىدا ساقلاپ كەلگەن سىرلارنى ئېچىپ بېرىشتە، شۇ ئارقىلىق تىل تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز تىلىمىزنىڭ لېكسىكولوگىيىسىنى تەتقىق قىلغاندا نۇرغۇنلىغان ئۆرپ- ئادەت ئاتالغۇلىرىغا دۇچ كېلىمىز (مەسىلەن، توي - تۆكۈنگە مۇناسىۋەتلىك بولغان گۈل قويماق، چاي ئىچۈرمەك، بېلىنى باغلىماق، ئاش - سۇ، شاكۇم، ئۆرۈمە، چاچقۇ، يەڭگە، يۈزئاچقۇ، ناشتىلىق؛ ئۆلۈم - يېتىمغا مۇناسىۋەتلىك كېپەن، شام گۆر، جىنازا، تۇپراق بېشى؛

خۇراپاتقا مۇناسىۋەتلىك ئىسسىتقۇ، سوۋۇتقۇ، چاچراتقۇ، ئىسرىق، داخان، پىرىخون، تۇغ، يۇرۇن - يۇرۇن، ھەمدە سالماق، تەخسىرەت، چىراغ باقماق، يىغىن يىغماق، سۈپكۈچلىمەك، دېمىدە دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر، جۈملىدىن، ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - جاي ۋە مىللىيچە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئائىت ئاتالغۇلار. بۇلارنى پەقەت تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى فولكلور نوقتىسىدىن چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنە قاتلاملىرىنى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى، مۇنداقچە قىلغاندا، شەكىللىنىش، ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى توغرا شەرھلەپ چىقالمايمىز. ئۇلارنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن، ئالاقە جەريانىدا، ئەمەلىي خىزمەتلەردە نۇرغۇن ئۇقۇشماسلىقلار، قالايمىقانچىلىقلار سادىر بولىدۇ. مەسىلەن، قايسى بىر داڭلىق خەنزۇ ناخشىچىسى ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «قەمبەرخان» دىكى «ئەرگە تەگسە ماڭا تەگسۇن، تەڭگىسى بىلەن، ئاخشاملىقتا ئېلىپ قاچاي، يەڭگىسى بىلەن» دېگەن مىسرالاردىكى «يەڭگە» سۆزىنىڭ فولكلورىستىك مەنىسىدىن بىخەۋەر «قەمبەرخاننى ئالغان كىشى پومپىشچىك ئوخشايدۇ، بولمىسا ئاچىسىنى ئالغاننى ئازدەپ يەنە سىڭلىسىنىمۇ ئېلىپ بىرگە كەل دەمتى» دەپ خاتا چۈشىنىۋالغىنىغا ئوخشاش («مىراس» 2002- يىللىق 3- سان 21- بەتكە قاراڭ).

جانلىق تىل تەتقىقاتى بىلەن فولكلور تىلشۇناسلىقىنى بىرلەشتۈرۈشتىكى يەنە بىر مۇھىم ھالقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تىلىنى ئاساسلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى ۋە ئۆرنەك قىلىشتىن ئىبارەت. خەلقىمىزنىڭ باي ئاغزاكى ئەدەبىيات مىراسلىرى بىز ئۈچۈن خورىماس بۇلاق. چەكسىز مول خەزىنە. بىز ئۇنىڭدىن قانچىلىك دەرىجىدە پايدىلىنىشنى بىلسەك

شۇنچىلىك دەرىجىدە پايدىلىنىشىمىزغا يېتىپ ئاشىدۇ. تىلىمىزنىڭ مىللىيلىكى ۋە ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇشتا خەلق ئەدەبىياتى بىزنى چەكسىز ماتېرىيال مەنبەسى ۋە كەڭ ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

مەن ئالىي مەكتەپتە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دەرسىنى ئۆتۈپ كېلىۋاتقىلى 10 نەچچە يىل بولدى. بۇ جەرياندا بىرقانچە قېتىم ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەردە بولدۇم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچىلار ئانا تىلىمىزغا يۈز كېلەلمىگۈدەكمىز. بىز ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىمىز. بىز ھەدىسىلا ھەشەمەتلىك سۆزلەشكە، دەبدەبىلىك يېزىشقا، مودا ئىبارىلەرنى، شالغۇت جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە، شۇ ئارقىلىق بىلىملىك، مەدەنىيەتلەك ئىكەنلىكىمىزنى نامايان قىلىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئانا تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى بۇزۇپ، گۈزەل جامالىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ كەپتىمىز. تۈزگەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىمىزدا، يازغان ماقالە ـ ئەسەرلىرىمىزدە ساپلا سىياسىي نەزەرىيە خاراكتېرلىك تەرجىمە ئەسەرلەردىن مىسال ۋە ئۆرنەك ئېلىپ ياشلىرىمىزنى ئانا تىلىمىزنىڭ ئەسلىي ھالىتى ۋە ساپلىقىدىن بىبەھر قالدۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمىز. مانا بۇلار تىلىمىزنى مىللىيلىكتىن، تەبىئىيلىكتىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەن مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

مەن ھەر قېتىم خەلقىمىزنىڭ ھېكايە ـ چۆچەكلىرى، ناخشا ـ قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن ئۇچراشقىنىمدا، خەلق تىلىنىڭ گۈزەللىكىدىن، ئىخچام، جانلىق، ئوبرازلىق، ھېسسىي ۋە مەنىدار خۇسۇسىيەتلىرىدىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كېتىمەن. بىزنىڭ كىتابىي تىلىمىزمۇ، جۈملىدىن تەرجىمە ئەسەرلەردە قوللانغان تىلىمىزمۇ ئەنە شۇنداق ساپلىقىنى، ئىخچاملىقىنى، مەنىدارلىقىنى، ئوبزازچانلىقىنى، جەزبدارلىقىنى

ئۆزىدە كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرەلىگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى- ھە!

مەن خەلق ئەدەبىياتى تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە دەرس سۆزلىگەن ۋاقىتلىرىمدا، ئۇنى يازما ئەدەبىياتىمىز ۋە تەرجىمە تىلىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسېرى يوغىناپ بېرىۋاتقانلىقىنى؛ بۇ پەرقنىڭ مۇكەممەللىشىش، ساغلاملىشىش يۆنىلىشىدە ئەمەس، ئەكسىچە ياتلىشىش ۋە بۇزۇلۇش تەرىپىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ بەكمۇ ئېچىنىمەن. بۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى، ساغلاملىقى زىيانغا ئۇچرىغانىنىڭ ئۈستىگە، مىللەتنىڭ سۈپىتىگە، ئىچكى ئويۇشۇشچانلىقىغا بىۋاستە تەسىر يېتىشى تۇرغان گەپ.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئاخىرقى نىشانىمىز ئومۇمىي ئورتاق تىل (ئەدەبىي يېزىق تىل)نى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش بولغان ئىكەن، تىلىمىز قانچىكى قېلىپلاشقان ۋە ئۆلچەملەشكەن بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. بىراق، بۇنداق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئاۋام خەلق تىلى بىلەن بولغان ئارىلىقىنى چوڭايتىش ھېسابىغا ئەمەس، ئەكسىچە بۇنداق ئارىلىقنى بارغانسېرى تارايتىش، ھەتتا تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈش ھېسابىغا ئىشقا ئېشىشى كېرەك.

پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن تېگىشلىك ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا نائىل قىلىنغان، يەنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بىلەن قوغدىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بىر قىسىم ئىدارە- ئورگانلاردا، ھەتتا مائارىپ ئورۇنلىرىدا تېگىشلىك ئورنىدىن مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دەۋر

ۋە تەرەققىيات تەقەززاسى سەۋەب بولىدى دېگەندىن كۆرە، تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا، خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىغا، قانۇنىي ھوقۇقىغا، ماسلىشىشچانلىقىغا، جۈملىدىن مەۋجۇتلۇقىغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەسلىكىمىز سەۋەب بولىدى دېگەن تۈزۈكرەك. چۈنكى، مىللىي تىل - يېزىقتا ئادىل مۇئامىلە قىلماسلىقنىڭ ئۆزى پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزىدىغان، قانۇنغا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان قىلمىش. پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىشنى بىلمەسلىك، رىقابەت ئالدىدىكى ئاجىزلىقنى باشقىلارغا دۆڭگەشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى مەسئۇلىيەتسىزلىك. بىزدە ئالدى بىلەن سادىر بولۇۋاتقىنى كېيىنكى ئەھۋال. بىز ئادىل قانۇن بەرگەن مۇقەددەس ھوقۇقىمىزدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ تىلىغا مەسئۇل بولساق؛ ئۇنى زامانىۋى ئىلىم - پەن، زامانىۋى تېخنىكا ۋە زامانىۋى ئۇچۇر - ئالاقىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاكتىپ ماسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رېئال تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلالىساق؛ تەبىئىكى ئۇنى يەنە ئۇنداقچى، مۇنداقچى دېيىشكە ھېچقانداق باھانە - سەۋەب قالمىغان بولاتتى.

تارىخ ئىسپاتلىغانكى، ئۇيغۇر تىلى دۇنيادىكى ئىلغار، باي تىللارنىڭ بىرى. ئۇ ھەرقانداق بىر بىلىشنىڭ، يېڭى ئېھتىياجىنىڭ تولۇق ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، تەرەققىياتقا ماسلىشالايدۇ. چۈنكى، ئۇ تەپەككۇرنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر، سۆز ياساشتىمۇ ناھايىتى كەڭ، قۇلاي ۋە ئاكتىپ ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە. ھازىرقى ۋاقىتتا بۇ تىلنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى پەش قىلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇش «ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرۈپتۇ» دېگەندەكلا بىر ئىش.

قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۈگۈنكى ئورنىنى يوقىتا

چىقىرىشقا، كەمسىتىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇش پارتىيىمىزنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن زارلانساق، بۇنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىن كۆرسەك بولىدۇ.

بىز دۇچ كەلگەن يەنە بىر مەسىلە تىلىمىزغا ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش، يېڭى ئاتالغۇ ياساشتىن ئىبارەت. بىز نۆۋەتتە بۇ مەسىلىدە شۇنچىلىك پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇقكى، بىز مەلۇم بىر يېڭى شەيئىنى ئۇ دەيلى، بۇ دەيلى دەپ بىر پىكىرگە كېلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ ئىنگلىزچىسى ياكى خەنزۇچىسى كىشىلەر ئاغزىدا ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەقىل كۆرسىتىپ، مەسلىھەت بېرىدىغانلارنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ بىكارغا كېتىدۇ. مەن بۇ مەسىلىگىمۇ جانلىق تىل تەتقىقاتى ياردەم بېرىدۇ دەپ قارايمەن. بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ئاز - تولا ئۈنۈمىمۇ كۆرۈلمەكتە.

بىز تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ئۇنى تەتقىق قىلىشنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسى، شۇنداقلا ئەڭ ئېسىل دۇردانە - ئۆرنەكلىرى مۇجەسسەملەنگەن، مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان ئامىباب خەلق ئەدەبىياتى تىلىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىشىمىز؛ شۇ ئاساستا تىلىمىزنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى شەرھلەشكە؛ ئەۋزەللىك - ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسلىدىن ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان گۈزەللىكلەرنى قايتا نۇرلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ئەگەر تىل تەتقىقاتچىلىقىمىز يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۆلۈك

تەرجىمىنىڭ مەھسۇلى بولغان سىياسىي - نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر، ياتلاشقان كىتابىي تىل ئۆرنەكلىرى ئاساسىدىلا ئېلىپ بېرىلىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بولالماي قالىدۇ. تىلىمىزنى ساپلاشتۇرۇش، مىللىيلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش مەقسىتىگىمۇ ھەقىقىي يېتەلمەيمىز، خالاس.

1998- يىل دېكابىر، قەشقەر



# ئۇيغۇرلاردا «سەيلە»

سەيلە — ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى خىل مەنىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىرىنچىدىن، «ئايلىنىپ يۈرۈپ كۆڭۈل ئېچىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، ئىككىنچىدىن، بىر يىلنىڭ مۇۋاپىق پەسىللىرىدە، گۈزەل مەنزىرىلىك جايلارغا، باغ - ئوتاقلارغا ياكى تارىخىي ئورۇنلارغا بېرىپ، ھەر خىل مەزمۇن ۋە شەكىللەردىكى ئەلنەغمە، ئويۇن - تاماشا پائالىيەتلىرىنى جارى قىلىپ، ھۇزۇرلىنىپ ھاردۇق چىقىرىش ۋە كېيىنكى مەۋسۇملۇق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك سەيلە -ساياھەت ۋە مەرىكە پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە تونۇشتۇرماقچى بولغىنىمىز دەل ئىككىنچى خىل مەنىدىكى «سەيلە»دىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىز زېمىنىدىكى تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلار ياراتقان مول ۋە رەڭگارەڭ مەنىۋى مەدەنىيەتلەر قاتارىدا ئۆزگىچە شەكىل، كەڭ تېماتىك مەزمۇن ۋە ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە سەيلە - ساياھەتچىلىك ئەنئەنىسىمۇ بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سەيلە - ساياھەتچىلىكى گەرچە بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى پەن - مەدەنىيەت ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن زور ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە

بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتى، ئورنى ۋە رولىنى يوقىتىشقا باشلىغان. مەركىزىي شەھەرلىرىمىزدە بولسا، ھەتتا مىللىي تۇرمۇشىمىزدىن يىراقلىشىپ، سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، كەڭ يېزا- قىشلاقلاردا يەنىلا ئۇنىڭ بەزى شەكىللىرى مەلۇم كۆلەمدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ياكى قىسمەن تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلاردا ئەسلىدىن بار بولغان سەيلە - ساياھەتچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان تۇرلىرى ھەممە مەزمۇن خاراكتېرى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ نوقۇل ھالدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ئويۇن - تاماشا بىلەن ساياھەت، مېھماندارچىلىق بىلەن زىيارەت، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش بىلەن سودا - تىجارەت، خاتىرىلەش بىلەن دىنىي تىلاۋەت ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلگەن؛ مۇئەييەن دەرىجىدە بايرام - مۇراسىم تۈسىنى ئالغان فولكلورىستىك مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى تۇر ۋە خىللىرى ئۆزىدىكى مەلۇم بىر خاراكتېرىنىڭ گەۋدىلىكرەك بولۇشى، ئېنىق مەقسەتدارلىقى ۋە روشەن مەھەللىۋى تۈسى بويىچە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك بىر ئورتاقلىقى شۇكى، ھەممىسىدە خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتى ھەممە تەنتەربىيە، بەسلىشىش خاراكتېرىدىكى ئەنئەنىۋى ئويۇن شەكىللىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

بۇنداق ئۆزگىچە مىللىي ۋە مەھەللىۋى تۈس ئالغان سەيلە پائالىيىتى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىش ئاساسىنى ئېپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا، شۇنداقلا ھازىرقى شىنجاڭ رايونىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، ئېكولوگىيىسى،

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىگىلىك شەكىللىرى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي پسىخىك خاراكتېرى، ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، جۈملىدىن ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش زوقلىنىش ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەيلە پائالىيىتىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىمۇ ئەنە شۇ ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سەيلە پائالىيىتىنىڭ خەلقىمىز مەنىۋى ھاياتىدا تۇتقان ئورنىنى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ۋارىسلىق قىممىتىنى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىن ھەممىمىز ياقتۇرۇپ كۆرۈۋاتقان «ئاتۇش سەيلىسى» ناملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى بىزگە ئەنئەنىۋى سەيلە شەكىللىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئېلىمىزدە، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ساياھەتچىلىك كەسپى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئارا دوستلۇق، چۈشىنىش ۋە ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتىكى رولى كۈندىن - كۈنگە كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي مىراسى، مەنىۋى بايلىقى بولغان ئەنئەنىۋى «سەيلە» پائالىيىتى بىلەن يېڭىۋاشتىن تونۇشۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، بەزىسىنى بىر پۈتۈن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ نۆۋەتتە گۈللىنىۋاتقان ساياھەتچىلىك كەسپىگە نىسبەتەن پايدىسى كۆپ. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە سېخىي، مۆجىزىدار ئانا تەبىئەت باغرىدىن مەھرۇم ھالدا بۇرۇقتۇرما، بۇلغانغان قىستاڭ مۇھىتتا ئەۋجىگە چىققان ئاتالمىش «رېستوران مەدەنىيىتى» تەركىبىدىكى

كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قارىغاندا كۆپ ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. چۈنكى، ئۇ بىزنى ئەسلىي تەبىئىتىمىز بىلەن قايتا ئۇچراشتۇرىدۇ، قول ـ پۇتلىرىمىز بىلەنمۇ تونۇشمىغان ئۆتمۈشتىكى ئۆزىمىزنى قايتىدىن تونۇتىدۇ. بىز پەقەت «كامارلار» دا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياتسىرىغان، يىگىلىگەن روھىمىزنى تەبىئەتنىڭ خاسىيەتلىك سۈيىدە يۇيۇپ تازىلايدۇ، ياشارتىدۇ. ئەگەر بىزلا خالىساق، تەبىئەتنىڭ جەزىبدار، سېھىرلىك قوينى بىزگە ھەرقاچان قۇچاق ئېچىقلىق.

تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئارىسىدا ئىپتىدائىي دەۋرلەردىمۇ ئۇرۇق، قەبىلىلەر بويىچە ئۈچ قېتىم( باھار، ياز، كۈز ) سەيلە پائالىيىتى ئويۇشتۇرۇلغان. بۇ سەيلىلەردە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولغان، شۇنداقلا قەبىلە باشلىقلىرى سەيلە مۇراسىمىنى ئۇرۇق ـ قەبىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلارنى ئۇقتۇرىدىغان، ھەر خىل قارارلارنى ماقۇللايدىغان ئىجتىمائىي سورۇنغا ئايلاندۇرغان».[1] بۇنىڭدىن سەيلە پائالىيىتىنىڭ پەسىل خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تارقاق، كۆچمەن تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

سەيلە پائالىيىتى ئۇيغۇرلارغا بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرى تارقالغاندىن كېيىن قويۇق دىنىي تۈس ئېلىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىغان ۋە نىسبەتەن سىرلىق، مۇرەككەپ تەركىبلەرگە ئىگە قىلىنغان. بەزى تارىخىي كىتابلاردا ۋە ساياھەت خاتىرىلىرىدە تىلغا ئېلىنىشىچە، بۇددىزم تازا گۈللەنگەن

(1) ئا. راخمان «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان» . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى1989- يىل نەشرى، 424- بەت.

مەركىزي شەھەرلەردىن بولغان قەدىمكى ئۇدۇن(خوتەن)، كۇسەن(كۇچار)، ئىدىقۇت(تۇرپان) قاتارلىق شەھەرلەردە ھەر يىلى قەرەللىك ھالدا « بۇتخانا سەيلىسى»، «بۇت يۆتكەش مۇراسىم سەيلىسى» قاتارلىقلار بولغان. قەشقەردىكى «ئوردام سەيلىسى»، «بوغرام سەيلىسى»، خوتەندىكى «كوھمارىم سەيلىسى»، «ئىمامى ئاسىم سەيلىسى» دېگەنلەرنى ئالساق، بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئېتىقاد خاراكتېرى نىسبەتەن كۈچلۈك بولغان، ھەم مۇراسىم، ھەم «مازار تاۋابىتى» شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سەيلىلەردۇر.

بۇددىزم دەۋرىدىكى سەيلە پائالىيەتلىرى توغرىسىدا پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنىنىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق ئەسىرىدىن بەزىبىر ئۇچۇرلارغا ئىگە بولالايمىز. «مىراندىن ۋە كىروروەندىن تېپىلغان تاختا پۈتۈكلەر بىلەن بۇددىزم ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ساكيامۇنى خاتىرىسى ئۇچۇن بۇت يۆتكەش مۇراسىمى ھەققىدە يېتەرلىك تەپسىلاتلار ساقلانغان. بۇنداق مۇراسىملار سەيلە خاراكتېرىنى ئېلىپ كۆپ ئەسىر داۋاملاشقان.»[1] «كۇچار دەرياسىنىڭ ئىككى قاسىنىقىغا جايلاشقان سۇبېشى بۇددا خارابىسىدىن تېپىلىپ، ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەتكەن مىلادىيە XII ئەسىرگە ئائىت ياغاچتىن ياسالغان بىر جەسەت كۆلى قۇتۇسىغا 21 كىشىنىڭ نىقابلانغان سەيلە ئويۇنى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن.»[2]

ئۇيغۇر سەيلىلىرى ئىچىدە گۈزەل تەبىئەتتىن زوقلىنىپ،

---

① ئا. مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998- يىل نەشرى، 244- بەت.

② ئا. مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998- يىل نەشرى، 128- بەت.

ئىسىل مەئىشەتتىن بەھرىلىنىش، شادىيانىلىق ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش مۇھىم مەزمۇن قىلىنغانلىرى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. «سۈي سۇلالىسى ئۇمۇمىي نەزمىلىرى» دېگەن كىتابتا «خوتەندە گۈل سەيلىسى» دېگەن بىر نەزمە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ نەزمىدە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش تەسۋىرلەر بار:

«قانچە پەرقلىق بولسىمۇ تاغ ۋە دىيار،
چۆپ - دەرەخلەر تەڭ سېزەر كەلسە باھار.
شەرق، غەربتە تۇرسىمۇ يۇرتلار، بىراق
كېلىدۇ گۈل سەيلىسىگە سەيلىكار.»[1]

گۈل سەيلىسىنىڭ ئىزچىل تۈردە داۋاملىشىپ خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىدىن، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ گۈلخۇمارلىق ئەنئەنىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق داستانى «غېرىب - سەنەم» دە، غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ چاھارباغدا گۈل سەيلىسى قىلىشقانلىقى، چىن مۇھەببەت رىشتىسىنى گۈلدەستە سوۋغا قىلىش بىلەن چىگىتقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنداق گۈلدەستە تىزىپ، ئۇنىڭغا «ئىبرسالنامە»(ئىشق خېتى) قوشۇپ، قىز - يىگىتلەر ئۆزئارا سوۋغا قىلىش ئادىتى «گۈل سەيلىسى»دە قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەت توغرىسىدا شائىر ھېرقەتى ئۆزىنىڭ لىرىك داستانى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»دە مۇنداق بىر تەسۋىر بېرىدۇ:

---

(1) ئا. مۇھەممەتئىمىن «غەربىي يۇرت ناشكىمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىل نەشرى. 294- بەت.

«تىزىپ گۈللەر يىگىتلەر دەستە - دەستە،
بېرۇرلەر مەشۇقىغە بەستە - بەستە.»①

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان خان - پادىشاھلارنىڭ، شاھزادە - مەلىكىلەرنىڭ چاھارباغ سەيلىسى قىلىشقانلىقى توغرىسىدىكى بايانلار، ئوۋ - شىكار تەسۋىرلىرىمۇ سەيلە پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇرىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل ئادەت يۇقىرى تەبىقە ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاۋام - پۇقرالار ئارىسىدىمۇ كەڭ ئومۇملاشقان. سەيلىلەرنىڭ كۆپىنچە يازلىق - كۈزلۈك تېرىمىنىڭ ياكى يىغىمىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئارىسال چاغلاردا، تەبىئەت گۈزەللەشكەن، باغ - ۋاران ۋە ئېتىز - ئېرىق مەئىشەتلىرى ئېغىزغا تەگكەن ئەلۋەك پەسىللەردە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەنلىكى بۇ نوقتىنى دەلىللەيدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن ياكى بىزگە مەلۇم بولغان سەيلە پائالىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ باھار سەيلىلىرى، باغ سەيلىلىرى ۋە مازار سەيلىلىرى دەپ ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋۋالقىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش، ساياھەت ۋە تەنتەربىيە خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ زىيارەت ۋە مېھماندارچىلىق خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۈچىنچىسىنىڭ بولسا ئېتىقاد ۋە مۇراسىم خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بۇلار ئۆز ئىچىدىن يەنە ئۇششاق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، باھار سەيلىسى دېگەندە، ئۇنىڭ تەركىبىگە دالا سەيلىسى، نورۇز سەيلىسى، مايسا

① مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىل نەشرى، 46- بەت.

سەيلىسى، گۈل سەيلىسى، دەريا بويى سەيلىسى قاتارلىقلار كىرىدۇ. باغ سەيلىسى تەركىبىگە ئۈجمە سەيلىسى، ئۆرۈك سەيلىسى، شاپتۇل سەيلىسى، ئەنجۈر سەيلىسى، قوغۇن سەيلىسى، ئۈزۈم سەيلىسى، كاۋا - قاپاق سەيلىسى، جۈملىدىن بەشكېرەم سەيلىسى، ئاتۇش سەيلىسى، ئىشقۇل(يەكەن) سەيلىسى دېگەندەك يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان سەيلىلەر كىرىدۇ. مازار سەيلىسى تەركىبىگە قەشقەردىكى ھەزرەت سەيلىسى، ئاتۇشتىكى بوغرام سەيلىسى، ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرى سەيلىسى، بەشكېرەمدىكى بۇۋى مەريەم خېنىم مازىرى سەيلىسى، قەشقەردىكى ئوردام سەيلىسى(سېيىت ئارسلانخان مازىرى سەيلىسى)، مۇراتبەخش ئاتام مازىرى سەيلىسى، بۇۋى ئانام مازىرى سەيلىسى، خوتەندىكى كوھمارىم سەيلىسى، ئىمام ئاسىم سەيلىسى، ئۈجمە مازار غوجام سەيلىسى، نىيە ناھىيىسىدىكى شىتىلپاششىم( شېھىتلىك پادىشاھىم) مازىرى سەيلىسى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر مازار - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلىلەر كىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «باراۋەت»(يىغىش قىلىش)، «قاتار چاي»، «ئولتۇرۇش»(بۇلارنى مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە «سۈرچۈك» دەپ ئاتىغان) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئاممىۋى سورۇنلۇق پائالىيەتلەرنىمۇ كەڭرەك مەنىدە سەيلە پائالىيىتى تەركىبىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەلۇم بىر خىل تاماق تۈرى ئاساس قىلىنغان مېھماندارچىلىق ئادىتى بولۇشىغا قارىماي، خۇددى باھار سەيلىلىرىدە تەبىئەتنى ھۇزۇرلىنىش، باغ سەيلىلىرىدە يۇرت مەئىشىتىدىن بەھرلىنىش باھانىسىدە مېھماندوستلۇق، ئىناقلىق ۋە يۇرت سۆيگۈسىنى كۈچەيتىش نىشانلانغىنىدەك، ئۇنىڭدىمۇ ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ

يەرلىك غىزا- تائاملىرىغا ئىغىز تەگكەچ مەشرەپ قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش، ئۆملۈك، ئىناقلىق ۋە تۇغقاندارچىلىقنى چىڭىتىش، خەير - ئېھسان ھەمدە ئۆزئارا ياخشى تىلەك - ئارزۇلارنى ئىپادىلەش مەۋقەلىرى چىقىش قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۇ بىر خىل يەپ - ئىچىشلا ئەمەس، بەلكى باشقا سەيلە پائالىيەتلىرىگە ئوخشاش خەلق ئەلنەغمىچىلىكى ۋە ھەر خىل ئەدەبىي ئويۇنلار كەڭ جارى قىلدۇرۇلىدىغان خەلق سەنئىتىنىڭ ئېتنوگرافىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان. ھازىرقى ۋاقىتتا شەھەرلەردە ئەۋج ئالغان، ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان رېستوران ئولتۇرۇشلىرى ئەنە شۇنداق مېھماندارچىلىق ئاساسىدىكى ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى، ھەتتا خاراكتېرىگە قەدەر ياتلىشىپ ئۆزگەرگەن تۈرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا بىرقەدەر قېلىپلىشىپ ئەنئەنە تۇسىگە كىرگەن باراۋەت سەيلىلىرىدىن كاۋاپ باراۋىتى سەيلىسى، پېتىر مانتا باراۋىتى سەيلىسى ۋە ئاتۇشتا ئومۇملاشقان نېرىن چۆپ باراۋىتى سەيلىسى، شۇنىڭدەك يېزىلاردا مەخسۇس ئۆتكۈزۈلىدىغان قايماق چۆپ باراۋىتى سەيلىسى، ئۆپكە - ھېسىپ باراۋىتى سەيلىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنداق باراۋەت سەيلىلىرى كۆپرەك قىش پەسلىدە، دوست - ئاغىنىلەر ۋە تەڭتۇشلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بىلەنمۇ خاراكتېرلىنىدۇ.

قەشقەردىكى پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئىلگىرى قەشقەردە ياشىغانلار ئارىسىدا «چايخانا سەيلىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سەيلە تۈرى بولغانىكەن. ئۇنىڭدا مويسىپىت كىشىلەر مەلۇم بىر ساماۋارخانىنىڭ دائىملىق خېرىدار جامائىتى سۈپىتىدە قەرەللىك يىغىلىدىكەن-دە، چاي ئىچىشكەچ پاراڭغا چۈشىدىكەن. ئارىلاپ ھېكايە - قىسسەلەرنى

ئېيتىشىپ، ئۆزئارا ۋەزخاھلىق قىلىشىدىكەن. جەمئىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، كوچا- كوينىڭ ياكى جامائەتنىڭ مۇھىم ئىش - كۇشلىرىنى كېڭىشىدىكەن. بۇگۇنكى كۇندىمۇ بۇ ئادەتنىڭ تەسىرى ياشانغان ۋە دەم ئېلىشقا چىققانلار ئارىسىدا قىسمەن ساقلانماقتا.

ئومۇمەن، سەيلە پائالىيەتلىرىنىڭ قايسى خىل شەكلى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىپ، دىللارغا شادلىق بەخش ئېتىدىغان؛ ھارغىنلىقنى ئازايتىپ، دىل ئازارچىلىقنى تۈگىتىدىغان، ئۆم - ئىناقلىقنى چىڭىتىپ، ئەل - يۇرت سۆيگۇسىنى ئۇلغايتىدىغان ھەمدە فولكلور بايلىقىنى ئاشۇرۇپ، ياخشى ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرىدىغان بىر يۇرۇش ئىجابىي خاراكتېرلىك ئورتاقلىققا ئىگە. تۆۋەندە بىز باھار سەيلىلىرىدىن بولغان «قىزىلگۇل سەيلىسى»، باغ سەيلىلىرىدىن بولغان يەكەن «ئىشقۇل سەيلىسى»، مازار سەيلىلىرىدىن بولغان«ھەزرەت سەيلىسى» قاتارلىقلار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقىش ئارقىلىق، يۇقىرىقى پىكرىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەيمىز.

بىرىنچى، «قىزىلگۇل سەيلىسى» — «گۇلسۇرۇخ بايرىمى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ سەيلە ئادەتتە قىزىلگۇل ئېچىلغان 5- ئاي مەزگىلىدە ئۆتكۇزۇلىدۇ. ۋاقتى بىر ھەپتىدىن بىرنەچچە ھەپتىگىچە بولىدۇ. دائىرىسىمۇ بىرقەدەر كەڭ(بۇرۇن ئۇ بىر شەھەر ياكى بىر يۇرت بويىچىمۇ ئۆتكۇزۇلۇپ كەلگەن) بولۇپ، سەيلە باشلانغان ھامان كىشىلەر يېڭى، پاكىز كىيىملىرىنى كىيىپ، ھەريەر - ھەريەردىن سەيلىگاھقا يىغىلىدۇ. سەيلىگاھتا جۇشقۇن، قايناق مەنزىرە بارلىققا كېلىدۇ. كىشىلەر باغ - گۇللۇكلەرنى ئارىلاپ سەيلە قىلىش بىلەن باھار بەخش ئەتكەن شاد - خۇراملىققا ئورتاقلىشىپ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى

مۇبارەكلىشىدۇ. مۇقامچى - سازەندىلەر ۋە ناخشىچى - ھاپىزلار نەغمە - ناۋا قىلىپ، مۇقام، ناخشا - قوشاقلارنى ئېيتىدۇ. ھەرقايسى ئورۇنلاردا سورۇن تۈزۈلۈپ، ناخشا - ئۇسسۇل قاينايدۇ. لەتىپە - چاقچاق، كۈلكىلەر ئەۋجىگە چىقىدۇ. سېھرىگەرلىك، دارۋازلىق، چېلىشىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرى قىزىپ كېتىدۇ.[1]

بۇ سەيلىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەر گۈلدەستە تەييارلاپ، چىن سۆيگۈ ئىزھارى سۈپىتىدە بىر - بىرىگە سۇنىدۇ. مەيدە يانچۇقلىرىغا، قۇلاق - چېكىلىرىگە گۈل غۇنچىلىرىنى قاداپ، لوڭقا - شېشىلەرگە گۈللەرنى چىلاپ ئېچىلدۇرۇپ، كۆڭۈللىرىنىمۇ، ئۆي ئىچىنىمۇ باھار تۈسىگە كىرگۈزىدۇ. گۈلدەستىلەرنىڭ قېتىغا «ئېرسالنامە»(مۇھەببەت خېتى)لەرنى ۋە سامان غوللىرىنى قىستۇرۇپ، يىراقتىكى يارىغا ئەۋەتىپ، سۆيگۈ تەشنالىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سەيلىنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، شوخ قىز - يىگىتلەر توپ - توپ بولۇشۇپ باغ - گۈللۈكلەرنى سەيلە قىلىشقاندا، ئۆزئارا بېيىت ئېيتىشىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېيىت خەزىنىسىنى بېيىتىپ بارىدۇ. مەسىلەن:

ئاقتىكەندىن شېكەر ئالدىم،
كۆكتىكەندىن لەيلىگۈل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ،
مەن يارىمغا دەستىگۈل.

---

(1) م. سادىق «ئۇيغۇر خەلق ئىبعر ئەدەبىياتى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995- يىل نەشرى، 95- بەت.

باغدىن چىقىپ كەلدى بىر قىز،
قىزىلگۈلنى ئارىلاپ.
كىشى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ،
گۈل ئارىستىن مارىلاپ.

ئاھ ئۈرۈپمەن گۈلنى سۇندۇم،
خۇش كۆرۈپ ئالۇرمۇ دەپ.
مېھىر باغلاپ كۆڭۈل بەردىم،
مېھرىبان بولۇرمۇ دەپ.[1]

ئىككىنچى، «ئىشقۇل سەيلىسى» — يەكەن خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشى بولۇپ، بۇ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن ئورۇننىڭ نامى بىلەن شۇنداق ئاتالغان. ئىشقۇل — يەكەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزىگە 10 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر يېزا. ئىشقۇل يېزىسىنىڭ ئىشقۇل كەنتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى 50- يىللارغىچە داۋاملاشقان. ھەر يىلى 5- ئاينىڭ باشلىرىدىن 9- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلغان. دېمەك، ئۈجمە پىشقاندىن باشلاپ، باش كۈز كىرىپ ھاۋا سالقىندىغانغا قەدەر(قارا قوغۇن پىشقۇچە) ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن بۇ جايغا يىغىلىپ، بەزمە - مەشرەپ قىلىپ يازنى ئۆتكۈزگەن. ئىشقۇلنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، باغلىرىدا ھەر خىل مېۋىلەر، باغ ئەتراپىدا سۈپسۈزۈك سۇلار، سۇ بويىدا ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۈللەر سەيلىچىلەرگە راھەتبەخش ئەتكەن .

---

(1) مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» 44-، 45- بەتلەر.

ئاشپەزلەر، سامسپەزلەر، قاسساپ ـ كاۋاپچىلار ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ساتقۇچىلار بەس ـ بەستە خېرىدار توۋلاپ سەيلىنى قىزىتقان. يېزا ئايالىلىرى مەخسۇس سەيلە ئۈچۈن تەييارلىغان ئۈجمە ھالۋىلىرىنى تاۋاق ـ تاۋىقى بىلەن تىزىپ سودا قىلىشسا، يۇرت چوڭلىرىنىڭ باغلىرىدا توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرۇشقان سازەندىلەر يۇرەكنى لەرزىگە سالىدىغان ناخشا ـ سازلىرى بىلەن سورۇننى جانلاندۇرغان. ئەتراپتىكىلەر ئۇلارغا تەڭكەش بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن. سېركچى، سېھرگەر ۋە دارۋازلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئويۇنلىرى بىلەن ماھارەت كۆرسەتكەن. مەدداھ ـ قىسسەچىلەر داستان، قىسسە، جەڭنامىلەرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىشىپ، ئەتراپىغا نۇرغۇن ئاڭلىغۇچىلارنى يىغسا، يازغۇچى ـ شائىرلار بىر يەرگە جەم بولۇپ مۇشائىرە قىلىشقان. چايخۇمار قېرىلار چاي ئىچىشكەچ ئۆز ئەسلىمىلىرىنى ئېيتىشىپ كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇشقان. ئاياللارمۇ بۇ سەيلە ـ تاماشانىڭ سىرتىدا قالمىغان. چوكانلار چىرايلىق ياسىنىشىپ، قىزلار چاچلىرىنى 40 تال ئۆرۈپ، ئۈستەڭ بويىدا ئايرىم سورۇن تۈزۈپ سەيلىگە ھۆسن قوشۇشقان. سەيلە مەزگىلىدە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن چېلىشچى ـ نوچىلار ئۆزئارا بەل تۇتۇشۇپ مۇسابىقىلەشكەن. مېھماندوست، خۇش چاقچاق ئىشقۇل خەلقى سەيلە مەزگىلىدە داستىخانلىرىنى كەڭ يېيىپ، ئۈجمە ھالۋىسى، پۈتۈن پىشۇرۇلغان تونۇر كاۋىپى، ھەر خىل يەل ـ يېمىش، مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن سەيلىچىلەرنى قىزغىن كۈتكەن. سەيلىچىلەر ئوينىناپ ـ كۈلۈپ چارچىسا، ئوپا ئۆستىڭىدە قانغۇچە سۇغا چۆمۈلۈپ، قۇمغا كۆمۈلۈپ، تەبىئەتنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن قانغۇچە بەھىر ئالغان. كۈز يېقىنلاشقانسېرى سەيلىچىلەر بارا ـ بارا ئازلاپ، بۇ يەر بىلەن خوشلاشقان. 30 ـ

يىللاردا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ۋە ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنىڭ تەقىب قىلىشى بىلەن بۇ سەيلە توختاپ قالغان. 1938- يىل 5- ئايدىن كېيىن بارا - بارا ئەسلىگە كەلگەن. 1956- يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش مەزگىلىدە، شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت تۈپەيلى يەنە توختاپ قالغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ سەيلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.①

ئۈچىنچى، «ھەزرەت سەيلىسى» — «ھەزرەت» دېگەن بۇ سۆز قەشقەردىكى ئاپپاق خوجا مازىرى جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى. ئۆتمۈشتە بۇ يەردە ھەر يىلى بىر قېتىم چوڭ سەيلە بولۇپ تۇراتتى. بۇ سەيلىگە ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىنمۇ كىشىلەر كېلەتتى. بۇ سەيلە ھەزرەتتە بولغاچقا، ئۇنى «ھەزرەت سەيلىسى» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان. بۇ سەيلە ھەر يىلى ئۈجمە پىشىشقىدا باشلىنىپ، ئۆرۈك تازا مەي باغلاپ پىشقانغا قەدەر داۋاملىشاتتى. بۇ سەيلىگە قېرىلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، قىز- ئاياللار ھەممىسى قاتنىشاتتى. يىگىتلەر ئۆيلەنمەكچى بولسا قىزلارنىڭ مۇھىم بىر شەرتى ئۆزلىرىنى ھەزرەت سەيلىسىگە ئېلىپ چىقىش ئىدى. بۇ، بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كەلگەن قائىدە ئىدى. شۇڭا، بۇ سەيلىگە قاتنىشىشنى ھاياتىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى دەپ بىلىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىدى.

«ھەزرەت سەيلىسى» بۇرۇن شەنبە كۈنى باشلىناتتى. 1935- يىلدىن كېيىن جۈمە كۈنىگە ئۆزگەرتىلگەن. بۇ سەيلە ئادەتتە ئىككىگە بۆلۈنەتتى. بىرى، مازار دائىرىسىنىڭ تېشىدا بولۇپ، « تاشقى سەيلىگاھ » دەپ ئاتىلاتتى. ئۇزۇن كەتكەن بىر

---

① «يەكەن تارىخ ماتېرىياللىرى» (3) جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يەكەن ناھىيىلىك تارىخ ماتېرىياللار تەھرىر ھەيئىتى باستۇرغان.

كوچا سەيلە كۆنلىرى ئاۋات بىر رەستىگە ئايلىناتتى. رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا گەزلىمىچىلەر، يىمىشچىلەر ئولتۇرۇپ ئوقەت قىلىشاتتى. رەستىنىڭ مازارغا ياندىش قىسمىدا بولسا، يېمەكلىك ۋە ئۇسسۇزلۇق ساتقۇچىلار ئوقەت قىلىشاتتى. بۇ ئەتراپتىكى شەخسلەرنىڭ هويلا ۋە باغلىرى مېهمان كۈتۈش ئورنى سۈپىتىدە سەيلىچىلەرنى كۈتۈۋالاتتى. بۇنداق هويلا ۋە باغلاردا نەغمە- ناۋالار قايناپ، هەممە يەر شاد - خۇراملىققا چۆمەتتى. دېمەك، بۇ جەهەتتىن بىر خىل باغ سەيلىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. سەيلىنىڭ يەنە بىر بۆلىكى مازار دائىرىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، «ئىچكى سەيلىگاھ» دېيىلەتتى. ئۇ يەردىمۇ سودا - سېتىق، نەغمە - ناۋا قاينىغان ئاۋات بىر مەنزىرە هۆكۈم سۈرەتتى[1].

كۆرۈنۈشكە بولىدۇكى، هەزرەت سەيلىسىدە يەنىلا كۆڭۈل ئېچىش بىلەن سودا - سېتىق موهىم ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى هەرگىزمۇ مازار تاۋاب قىلىش مەقسەت قىلىنغان نوقۇل دىنىي پائالىيەت دېگىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئۇ بىر خىل بايرام ۋە يەرمەنكىنىڭ رولىنى ئوينىغان.

1996- يىل قەشقەر

---

(1) «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1997- يىل 1- سان، 66- بەت.

# ئۇيغۇرلاردا جامائەتچىلىك

جامائەتچىلىك ئادىتى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىسمىغا مۇناسىپ ھالدا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەندۈرگەن ئېسىل ئەنئەنىلىرىدىن بىرى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆملۈك ئېڭى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىششتەك ياخشى خىسلەتلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ماددىي جەھەتتىكى ئۇچقاندەك تەرەققىيات ئىنسانلارنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر تورىغا بەند قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىممەت نوقتىئىنەزىرىنى مەنىۋىيەت ئالىمىدىن ماددىي دۇنياغا بۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئەنئەنە ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئېغىر دەرىجىدە ياتلىشىپ كەتتى. كۆرۈۋاتقىنىمىز، ئېچىنىۋاتقىنىمىز، يەنىلا شۇ مۇھىت بۇلغىنىشى، يېمەكلىك بۇلغىنىشى، ئەقىل بۇلغىنىشى، ئەخلاق بۇلغىنىشى؛ ئائىلىۋى كرىزىسلار، ئىششىزلىق، تۇرمۇشتىكى جىددىيلىك، روھىي جەھەتتىكى بېسىملار، كەيپىياتتىكى بىنورماللىق ۋە ئادەتكى تېخىرقاشلار... مانا بۇلارنىڭ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى نەتىجىسىدە مەيدانغا چىقىۋاتقان مەنىۋى بوھرانلار. ئۇنىڭدىن توغۇلغان بۇرۇقتۇرما، ئازابلىق، چۈۋالچاق ئوي - خىياللار؛ بۇنىڭغا ئەگىشىپ دەسسىلىۋاتقان كالامپاي قەدەملەر... ماددىي پايدا مەنپەئەت قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ئاشۇ قەدەملەر ئاستىدا يانجىلىۋاتقان ئىنسانىي قەدىر- قىممەت ۋە پاك ئەقىدىلەر... مانا بۇلارنى كۆرگەندە ،

تەبىئىيكى بىز ئۆتمۈشنى سېغىنىپ قالىمىز. ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى مۇجەسسەملەشكەن، ياخشى خىسلەتلىرى نامايان قىلىنغان ئادەت - ئەنئەنىلىرىنى پەش قىلغۇمىز كېلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ جامائەتچىلىك ئەنئەنىسى ئەنە شۇنداق پەش قىلىشقا ھەمدە ياش ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈشكە ئەرزىگۈدەك ياخشى ئادەتلەرنىڭ بىرى.

جامائەتچىلىك ئادىتى — ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ياشاش ئۇسۇلى ئاساسىدا شەكىللىنىپ، ئىپتىدائىي ئۇرۇق ۋە قەبىلىۋى ھايات شارائىتىدا مۇستەھكەملەنگەن ۋە ھەقىقىي مىللەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئومۇمىي ئادەت تۈسىگە كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق بىر ھاياتىي پائالىيىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۇنى ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىش، ياشاش شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىش جەريانىدا ئۆزئارا ھەمكارلىقتا، ئۈم- ئىناغلىقتا موھتاج بولغانلىقىنىڭ؛ جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي بىرلىكىنى ساقلاپ، قوشنىدارچىلىق، يۇرتداشلىق، قېرىنداشلىق ئاساسىنى چىڭىتىش — ئاۋام تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ساۋاب تېپىش (ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئىستەكلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش) تەك بىرقاتار زۆرۈرىيەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىدا بارغانسېرى ئېنىق تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن جامائەتچىلىك ئادىتى گەرچە بىر خىل ئادەت قانۇنى شەكلىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يوقاتمىغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇھىتى ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە خىرىس ئېلىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە.

ئېسىل ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك ئادىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆزگىرىپ بېرىشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىللار كۆپ. ئاساسلىقى زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى چەتكە قېقىشى، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ ئورنىغا ھازىرقى زامان قىممەت قارىشىنىڭ بۆسۈپ كىرىشى، مىللەت روھىيىتىدە بىرلىككە كەلگەن دىنىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك ئاڭ شەكىللىرىنىڭ غەيرىي پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر زەربىسىدە پارچىلىنىپ ياتلىشىپ بېرىشى، ئىجتىمائىيلىقىنىڭ ماددىيلىشىپ، خۇسۇسىيلىقىنىڭ يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ماشىنىلىشىپ، ئادەملەرنىڭ ماشىنا كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قېلىشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. ھازىرقى زاماندىكى ئەنە شۇنداق بىرقاتار يۈزلىنىشلەر خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن جامائەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ياخشى ئادەتنى بىر پۈتۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت دۇچ كەلگەن ياتلىشىش قىسمىتىگە تەقدىرداش قىلماقتا.

ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك ئادىتى بۈگۈنكى زامان تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ياشاۋاتقان مەركىزىي شەھەرلەر ئاھالىلىرى ئىچىدە بارغانسېرى يوقىلىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھازىرقى دەۋرگە ماسلاشقان ھالدا يېڭىچە مەزمۇن ۋە شەكىللەر بىلەن تۇرمۇشىمىزدا يەنىلا مەۋجۇت بولماقتا. كوچا - كويلارنى، بىنا - قورۇلارنى، ئىدارە - شىركەتلەرنى، دۇكان - سارايلارنى بىرلىك قىلىپ بولۇپ تۇرىدىغان قوشنىدارچىلىق، خىزمەتداشلىق، ساۋاقداشلىق، يۇرتداشلىق، كەسىپداشلىق، ئاغىنە - بۇرادەرچىلىك مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك پائالىيەتلىرى كونا -

يېڭى رەسىم - يوسۇنلار بارلاشقان ھالدا، ھەتتا پۈتۈنلەي دېگۈدەك يېڭىچە شەكىللەر بىلەن كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل جامائەتچىلىك ئادەتلىرىنىڭ قانچىلىك ئۆزگەرگەن بولۇشىدىن، رولى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا خەلقىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى جامائەتچىلىك ئادەتلىرىنىڭ بىر خىل راۋاجى. ئۇنىڭ خۇرۇچى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدىن كەلگەن. ئۇنىڭدا نامايان قىلىنغان ئۆملۈك ۋە ھەمدەملىك روھى خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى زېمىنىدا بىخ سۈرۈپ، تەدرىجىي ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋۇجۇدتىن - ۋۇجۇدلارغا يەتكۈزۈلۈپ، ئورتاق مىللىي ئاڭ ۋە مەدەنىيەت پسىخىكىسى سۈپىتىدە ساقلانغان؛ ئۇنىڭ يىلتىزى ئەجدادلارنىڭ گېن سىگىناللىرىغىچە گىرەلىشىپ، ئەۋلادلارنىڭ ئاڭ قاتلاملىرىدا ئاسانلىقچە يوقالمايدىغان چۆكمە ھاسىل قىلغان. شۇڭا، جامائەتچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەھەر تۇرمۇشى مۇھىتىدا مەۋجۇت بولۇش ھالەتلىرى، ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە فولكلورشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق نوقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئۇنى ماددىي قىزغىنلىق، پۇلپەرەسلىك، ھەشەمپەرەسلىك تەسىرىدىن قوغداپ، ئەسلىي قىممىتى ۋە ساغلام يۈزلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ناھايىتى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ئۇيغۇرلاردىكى ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك ئادىتىنى مەزمۇنى، مەقسىتى ۋە دائىرىسىگە قاراپ نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن. تۆۋەندىكىلەرنى ئۇنىڭ نىسبەتەن گەۋدىلىك بولغان شەكىللىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ:

### 1. لاپقۇتلىشىش شەكلىدىكى جامائەتچىلىك

بۇ ئاساسەن ئەمگەك پائالىيەتلىرىدىكى ھەمكارلىقتىن

ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىچىگە كوللېكتىپ ئورتاق دۇچ كەلگەن تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن ئىختىيارىي تەشكىللىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان نۆۋەتتىن تاشقىرى ھەمكارلىق پائالىيەتلىرىنىمۇ كىرگۈزۈش مۇمكىن. ئەمما، لاپقۇتلىشىش بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا، يەككە ناتورال ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىق ئەمگىكى شارائىتىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئۇنىڭدا پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان جىددىي، تەخىرسىز ئەمگەك تۈرلىرىنى بىر كەنت، مەھەللە ياكى قوشنا- قولۇملار تەڭ ھەرىكەتكە كېلىپ ۋە نۆۋەتلىشىپ ئىشلەش بىلەن، ئەمگەك قوراللىرىنى ئادەم كۈچىگە سۈندۈرۈپ ئورتاق پايدىلىنىش ئاساسى شەكىل قىلىنغان. دېمەك، لاپقۇتلىشىش — جىددىي تۇتۇش قىلىش زۆرۈر بولغان، شۇنداقلا ھەركىم ئۆز ئىشىنى ئۆز ئالدىغا قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئىش تۈرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ھەمكارلىق شەكلىدىن ئىبارەت. ئۇ ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشكە ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىجتىمائىي ھەمكارلىقتىن پەرقلىنىدۇ.

ئۆتمۈشتە كۆپ قىسىم ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ياكى ئۆز ئالدىغا تېرىيدىغان ئاز- تولا يېرى بولغان. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك قوراللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامداپ كېتەلمىگەچكە، ئۆزئارا تولۇقلاش خاراكتېرىدە ئۆتنە بېرىش ۋە ئۆتنە ئېلىش يولى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشقان. ئورما ئورۇش، خامان ئېلىش، ئوت - چۆپ تەييارلاش، چارۋا ماللارنى قىرقىش، ۋانىلاش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، قۇدۇق كولاش، توغان - دامبا ياساش،

زىيانداش ھايۋانلارنى يوقىتىش، ئوۋ سېلىش، تام- قورۇ چۆرۈش، ياغاچ ـ تاش يۆتكەش قاتارلىق كۆپ ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلىدىغان، پەسىل خاراكتېرلىك ئىش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى لاپقۇتلىشىش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. «ئۆتنىڭگە لاپقۇت، ئۆتەككە ئاپقۇت» دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇنداق ھەمكارلىق شەكلى ئىش ھەققى بىلەن ئەمەس، ئەمگەك كۈچى بىلەن ئەمگەك كۈچىنى، ئەمگەك كۈچى بىلەن ئەمگەك قوراللىرىنى باراۋەرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يەنى ئۆتنىڭگە ئۆز لايىقىدا لاپقۇت بېرىش يولى بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن. يەككە ناتۇرال ئائىلىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا تەبىئىي يولغا قويۇلۇپ كەلگەن لاپقۇتلىشىش شەكلىدىكى جامائەتچىلىك، زامانىۋىلاشقان، ماشىنىلاشقان ۋە تاۋارلاشقان ئىگىلىك، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆز رولىنى يوقىتىشى ياكى ئاساسلىق ھەمكارلىق شەكلى بولماسلىقى مۇقەررەر. بىراق، تېخىچە ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ بولالمىغان، ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، تاۋارلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بىرقىسىم دېھقانچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرىگە نىسبەتەن ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى لاپقۇتلىشىشنىڭ بەزى ئالامەتلىرى پۈتۈنلەي يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سۇ قۇرۇلۇش، يول قۇرۇلۇش، ئورمان ئەھيا قىلىش دېگەندەك ئومۇمنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمگەكلەر ھېلىھەم مەلۇم دەرىجىدە لاپقۇتلىشىش خاراكتېرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى نۆۋەت بويىچە قاتنىشىش، كۈچى بارلار كۈچ، پۇلى بارلار پۇل، سايمىنى بارلار سايمان چىقىرىپ ئىشتىراك قىلىدىغان ئۇسۇل دەل لاپقۇتلىشىشقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ھەمكارلىشىپ ئىشلەش شەكلى

لاپقۇتلىششىنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىدىن چەتنىگەن بولۇپ، ئىشلىگۈچى بىلەن ئىشلەپ بەرگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى ناتايىن. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ خالىسانىلىك خاراكتېرى ئاجىزلاپ، مەمۇرىي ۋاستىلەر بىلەن مەجبۇرلاش تۈسى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتكەن. شۇ سەۋەبتىن، خەلق ئۇنى «مەجبۇرىيەت» دەپ ئاتايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدا ئەمگەك ئىش ھەققى تۆزۈمى ۋە مەبلەغ دېگەنلەر مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئايلىنىپ، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىش مەقسىتى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، لاپقۇتلىششتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك ئادىتى بازار ئىگىلىكىنى مەركەز قىلغان، ئادەم كۆچىگە قەدەر تاۋارلاشقان ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكىدە پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇنى بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ياخشى ئادەتلىرى قاتارىدا سۆيۈنۈپ تۇرۇپ تىلغا ئالالايمىز، خالاس.

## 2. مەشرەپ ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك

بۇ خىل ئىجتىمائىي بىرلىكنى خەلق ئىچىدە «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» ياكى «ئوتتۇز ئوغۇل، ئوتتۇز قىز» دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ كەلگەن. مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش شەكلى. خەلقىمىزنىڭ فولكلور ۋە سەنئەت مەكتىپى. ئۇ كۆڭۈل ئېچىشتىن باشقا يەنە خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتىنى بېيىتىش، ئەۋلادلارغا ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەدەپ- ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئۆم - ئىناق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ، مېھماندوستلۇقنى جارى قىلدۇرۇش؛ خەلق ئىچىدىكى تۇرلۇك نىزا ۋە تالاش - تارتىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ئەل - جامائەت

ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتۈرۈشتەك بىر قاتار ئىشلاردا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ. ئادەتتە ھەربىر يۇرتنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەشرەپلىرى ياكى مەشرەپ تۈسىنى ئالغان كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە «دولان مەشرىپى» ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ بىرقەدەر قەدىمىي شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تۇرپان، قۇمۇل تەرەپلەردە ئوينىلىپ كەلگەن «مىلىس مەشرىپى»، «كۆك مەشرىپى» قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كونا ئېتىقادلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە مەشرەپ تۈرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەيلى قايسى خىلدىكى مەشرەپ بولسۇن، مەشرەپ ئەھلى بولغان «ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز» نىسپىي ھالدا بىر جامائەت بولۇپ ئويۇشۇپ، يۇرت ئالدىدىكى تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتى كۆپ ھاللاردا مەشرەپ ئىچىدە ئۆتەپ كەلگەن مەجبۇرىيەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. تۇرمۇشتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، قۇدىلىشىش، ھال سوراش، ئۆتنە-يېرىم قىلىشىش، ھال-مۇڭ بولۇشۇش، كېسەل كۆرۈش، خەير-ساخاۋەت قىلىش، سەدىقە-پىتىر بېرىش دېگەندەك ئىشلارنى ئادەتتە مەشرەپ ئەھلى باشقۇشۇپ ياكى مەشرەپتىكى يىگىتبېشى، پاششاپ دېگەنلەرنىڭ تەشكىللىشى، مەشرەپ جامائىتىنىڭ تولۇق ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بارىدۇ. جامائەت ئىشلىرى، يۇرت بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق، كۆپچىلىك جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر بولسا، مەشرەپ ئويۇشتۇرغۇچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق مەشرەپ ئويۇشتۇرۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەقسىتى سۈپىتىدە كۈنتەرتىپكە قويۇلۇپ، مەشرەپ سورۇنىغا جەم بولۇش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ جامائەتكە

ئۇقتۇرۇلىدۇ ۋە كېڭىشىپ چارە ـ تەدبىر كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ياخشى جامائەتچىلىك ئەنئەنىسى بەزى چەت ـ ياقا يېزا ـ قىشلاقلاردا ھېلىھەم ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

مەشرەپ خەلقىمىزنىڭ سەنئەت مەكتىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزگىچە سەنئىتىنى نامايان قىلىدىغان، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، خەلق سەنئەتكارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان مۇھىم سورۇن. شۇنداقلا ياش ئەۋلادلارنى خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىي مىزانلىرى بىلەن، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ تۈزۈم ئېڭى بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئۇنىۋېرسال مەكتەپ. كونىلارنىڭ «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، مەكتەپكە بەرمىسەڭ مەشرەپكە بەر» دېگىنىدە، مەشرەپلەرنىڭ ئاشۇ جەھەتتىكى ئەھمىيىتى كۆزدە تۇتۇلغان. خەلقىمىز بۇنداق ئەھمىيەتلىك سورۇندىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى بىرلىك قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ زۆرۈر بولغان قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئادا قىلىپ كەلگەن. مەشرەپنىڭ زامانىۋى شەھەرلەردىكى ئۆزگەرگەن شەكىللىرى ھەر خىل «ئولتۇرۇش»لار ۋە «قاتار چاي»لار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز لايىقىدا قىسمەن جامائەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەشكىلىي بىرلىكى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇنى تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىل ۋە تۇراقسىزلىقى، سورۇن ئەھلىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغانلىقى، ياتلاشقانلىقى، ھەشەمەپەرەسلىك ۋە ئىسراپخورلۇققا ئېغىپ كەتكەنلىكى ھەمدە ساغلام بولغان مەنىۋى كەيپىياتلارنىڭ سۇسلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەنئەنىۋى مەشرەپ ۋە مەشرەپ بىرلىك قىلىنغان جامائەتچىلىككە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.

بىز خەلقىمىزگە كۆپ تەرەپلىمە مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلىپ

كەلگەن، ئۇلارنىڭ مىللىي روھىنى؛ ھاياتىنى، گۈزەللىكىنى، يۇرت ـ ماكانىنى سۆيىدىغان ئېسىل خىسلىتىنى؛ شۇنىڭدەك خۇشخۇي، ئوچۇق ـ يورۇق، كۆڭلى ـ قارنى كەڭ مىللىي پىسخىكىسىنى نامايان قىلىپ، مۇدھىش تەقدىر ـ قىسمەتلەردىن غالىب كېلىپ، ئۇمىدۋارلىق بىلەن توختاۋسىز ئالغا بېسىشقا روھىي مەدەت، جىسمانىي قۇۋۋەت ئاتا قىلغان مەشرەپ ۋە مەشرەپ ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك ئادەتلىرىمىزنى ياخشىراق ئۆگىنىپ، شۇ ئارقىلىق ئىجابىي، ساغلام يۇزلىنىشتىن ئاداشقان، ئاتالمىش «قاتار چاي» دېگەندەك شارابخورلۇق ۋە ئىسراپخورلۇق بىلەن خاراكتېرلەنگەن جامائەتچىلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆز ئىزىغا سېلىشىمىز زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

## 3. مەسچىت (نامازخانىلار) ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ئىسلام دىنى خەلقىمىزنىڭ ئېتىقادىنى، ئىدېئولوگىيىسىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە، بىر پۈتۈن تۇرمۇش شەكلى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. دىن ھەتتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرىغىچە ئارىلىشىپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» نى ئاساس قىلغان بىر يۈرۈش قانۇن ـ نىزام، دىنىي ئۆرپ ـ ئادەتلەر سىستېمىسى شەكىللىنىپ، «شەرىئەت» ھۆكمى ۋە «تەرىقەت» يولى بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان، خەلق ئارىسىدىكى دەۋا ـ دەستۇر ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان؛ نىكاھ، مۇھەببەت، ئائىلە، مىراسخورلۇق، ئېلىم ـ بېرىم ۋە باشقا تۇرلۇك ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىردىنبىر نوپۇزلۇق ئورۇننى ئىگىلىدى. ئىسلام دىنى

مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا، دىنىي ئىسلامنىڭ بارلىق قائىدە - ئەھكاملىرىنىڭ يىغىندىسى بولمىش «شەرىئەت» ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئاساسلىق تايانچ قورالى بولۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچى ئەڭ نوپۇزلۇق ئورگان «قازىخانا» ياكى «مەھكىمەئى شەرئى» دەپ ئاتالغان.

فېئوداللىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە، بارلىق مۇسۇلمان ئامما «مەھكىمەئى شەرئى»نىڭ ھۆكمىگە مۇتلەق ئىتائەت قىلاتتى. «مەھكىمەئى شەرئى» قارىماققا دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگىنىغا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، مەلۇم جەھەتتىن سىياسىي ھاكىمىيەت بىلەن مۇتلەق بېقىنىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. سىياسىي ھاكىمىيەتتە ئۆزگىرىش بولسىمۇ، دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسىي ئورگىنى بولغان «مەھكىمەئى شەرئى» ۋە «قازىخانا» دېگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى ۋە جەمئىيەتتىكى نوپۇزىنى داۋاملىق ساقلاپ قالالايتتى. دىنىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇنداق مۇھىم رولىدىن كۆپ ھاللاردا سىياسىي ھاكىمىيەت پايدىلىنىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسەلىشىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇلارنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. دىنىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئۇزاق مۇددەت سىياسىي ھۆكۈمرانلىق بىلەن ھەمنەپەس بولۇشى، بولۇپمۇ دىنىنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى سۈپىتىدە رول ئويناپ كېلىشى دىنىي قائىدىلەرنىڭ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قاتار دىنىي تۈس ئالغان مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنى بەلگىلىگەن ئاساسلىق ئامىل. قىسقىسى، ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەت شەكىللىرى، قانۇن - تۈزۈملىرى خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ دىنىي خاراكتېر

ئېلىشىنى، دىن بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كېتىشىنى بەلگىلىگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جامائەتچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر خىل شەكلىنىڭ دەل مەسچىتنى بىرلىك قىلغان ھالدا روياپقا چىقىشى ھەمدە شۇ ئاساستا يولغا قويۇلۇپ كەلگەنلىكى ئەنە شۇ خىل ھاكىمىيەت شەكلى ۋە جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان.

يۇقىرىقىدەك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە دىن ۋە شەرىئەتنىڭ ھامىيلىرى، مەزھەپ- سۇلۇكلەرنىڭ پىر - ئۇستازلىرى، تۈرلۈك دىنىي مۇراسىم ۋە سورۇنلارنىڭ تەشكىللىگۈچىلىرى، جۈملىدىن ھەرقايسى چوڭ - كىچىك مەسچىت - جامەلەرنىڭ، مەدرىسە - خانىقالارنىڭ ئىمام - مەزىن، خاتىپ - خەپتىملىرى، شۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي سالاھىيىتى، يولباشچىلىق نوپۇزى، يۈز - ئابرۇيى جەھەتتىن يۇرت ئەھلىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بىر تۈركۈم موللا- ئۆلىمالار ئاۋام- خەلقىنىڭ قانۇنىي ۋەكىللىرى سۈپىتىدە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، غەيرىي ھاكىمىيەت شەكلىدىكى باشقۇرۇش ۋە چەكلەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مەسچىت - مازار، خانىقا- مەدرىسەلەرنى بازا قىلىپ ئېلىپ بارغان تەلىم - تەرغىباتلىرى، پەتىۋالىرى ۋە ھۆكۈم - كېسىملىرى ئاممىۋى ئىشلاردا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي ۋە قانۇنىي ۋاستىلىرىسىزلا تولۇق كۈچكە ئىگە بولۇپ، خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۇنۇملۇك ھەل قىلىنىپ ئىزىغا سېلىنىپ كەلگەن، بولۇپمۇ يۇرت - يۇرتلاردا، ھەتتا ئەڭ يىراق يېزا - كەنتلەرگىچە كەڭ ئومۇملاشقان، مەسچىتلەر شۇ جايلاردىكى جامائەت ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلىشالايدىغان ئىناۋەتلىك كىشىلەرنىڭ دائىملىق توپلىنىدىغان، تائەت - ئىبادەتتىن باشقا

يۇرت ۋە جامائەت ئىشلىرىنى كېڭىشىدىغان ئاساسىي سورۇنى بولۇپ، ئەنە شۇنداق مەسچىتلەرنى بىرلىك قىلغان جامائەتچىلىك ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلاردا جامائەتچىلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

مەسچىتنى بىرلىك قىلغان جامائەتچىلىك دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، پۈتۈنلەي دىنىي پائالىيەت ئەمەس. ئەكسىچە، ئېتىقاد ياردىمىدە شەكىللەنگەن ئۆرپ - ئادەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان، ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن فولكلور ھادىسىسى. ئۇنى روزا تۇتۇش، تۈنەش، مەۋلۇت، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، مازار تاۋابىتى قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش لازىم. گەرچە بۇ خىل جامائەتچىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مەسچىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئۇ ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئادەمگەرچىلىك مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىشنى، ئۆزئارا مەسئۇل بولۇش ۋە بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشتەك ئىنسانپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلغان. يەنە كېلىپ سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈم ئىشلىرى خېلى دەرىجىدە مۇكەممەللەشكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئاۋام-پۇقرالار ئارىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلار يەنىلا دىنىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردا ئادەت قانۇنى رول ئوينايدۇ ياكى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاممىسى قانۇن ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرىدە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى دىنىي بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا چەكلەپ ياكى ئۇنىڭغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ھازىرمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن ئىشلار، بولۇپمۇ ئۆرپ - ئادەتلەر روشەن دىنىي تۈس ئالغان، شۇنىڭدەك بىر قىسىم دىنىي پائالىيەتلەرمۇ بىر خىل ئۆرپ - ئادەت شەكلىدە مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

## 4. قوشنىدارچىلىق ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك

ئۇيغۇرلاردا «قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول» دېگەن بىر گەپ بار. بۇ قوشنا ـ قولۇملارنىڭ ئۆزئارا ئۈم ـ ئىناق ئۆتۈشىنىڭ، بىر ـ بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، كەم ـ كۈتىلىرىنى تولۇقلاپ، تۇرمۇشىنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرىدىن، شادلىق ـ لەززەتلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن، يەنى قوشنىدارچىلىق مەجبۇرىيىتى ئىنچام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر ماقال. ئۇيغۇر خەلقى بىر يۇرۇش قائىدە ـ يوسۇنلارنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى بېيىتىپ كەلگەن ۋە ئەۋلادلىرىغا ئادەمگەرچىلىكنىڭ، ئىنسانىيلىقنىڭ ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىنى مىراس قىلىپ قالدۇرغان. ئۇ بولسىمۇ، قوشنا ـ قولۇملار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق، دوستلۇق مۇناسىۋەت ۋە شۇ ئاساستا يۇرگۈزۈلۈپ كەلگەن جامائەتچىلىكتىن ئىبارەت. بۇرۇنقى زامانلاردا ھەرقايسى يېزا ـ كەنتلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى كىچىك ـ كىچىك مەھەللىلەردە ۋە كوچا ـ كويلاردا ئولتۇراقلاشقان بىرنەچچە ياكى ئون نەچچە ئۆيلۈك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ھازىرقىدىن پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك قوشنا ـ قولۇم، ھەقەمسايە ۋەياكى «بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچكەن» كىشىلەردىن ھېسابلىناتتى. كېيىنچە قوشنىدارچىلىقنىڭ دائىرىسى نىسپىي ھالدا تارىيىپ، ئولتۇراق ئۆي ـ جايى ئۆزئارا ياندىشىپ تۇرىدىغان، قارىشىپ تۇرىدىغان ياكى تۇتىشىپ تۇرىدىغانلارلا يەنى باغ ـ ھويلىسى، قاشا تاملىرى بىلەنلا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئائىلىلەر قوشنا دەپ قارىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى ھەمدە ئۇلار يەنىمۇ ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈلۈپ، «تام قوشنا»، «يان قوشنا»، «ئۇدۇل قوشنا»،

«دۇمبە قوشنا» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئەمما، «قوشنا» سۆزى ئەنە شۇنداق چەكلىك مەنىنى ئاڭلاتسىمۇ، ئۇيغۇر يېزىلىرىدا يەنىلا مەلۇم بىر كوچا - كوينى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويىنى ياكى كۆجۇم مەھەللىنى ئاساس قىلىپ ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر توپى باشقىلارغا نىسبەتەن ئۆزلىرىنى قوشنا ھېسابلاپ ۋە بىر جامائەت بولۇپ ياشايدىغان ئادەت ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى قوشنىدارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرى تەكىتلىنىدۇ ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، يېقىن قوشنا- قولۇملارنى ئاساس قىلغان جامائەت ئىچىدە، نىسپىي مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي ھەمكارلىق شەكلى داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق قوشنا - قولۇملاردىن تەشكىللەنگەن جامائەت ئەزالىرى كۆپ ھاللاردا قانداشلىق جەھەتتىن بىر جەمەتكە تەۋە بولۇپ، بۇ خىلدىكى جامائەتنى ئۇلارنىڭ جەمەت نامى بولغان «لەقەم» بىلەن قوشۇپ ئاتايدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. بىر قىسىم مەھەللە - كەنتلەرنىڭ نامىمۇ ئاشۇ جەمەتنىڭ لەقىمى بىلەن ئاتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ بىر جايدا ھايات كۆچۈرگىنىدىن باشقا، تارىخ، ئېتنىك مەنبەسى، نەسەب جەھەتلەردىن باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكى قوشنىدارچىلىق ئاساسىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ مۇھىم ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

قوشنىدارچىلىقنى ئاساس قىلغان جامائەتچىلىك ئادەتلىرى زامانىۋى ياشاش ئادىتى ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ زەربىسىدە، بولۇپمۇ چوڭ شەھەرلەردە ئۆز ئورنىدىن تەدرىجىي قالماقتا. كۆپ قەۋەتلىك بىنا ئۆيلەردە ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە خىزمەت شارائىتى خەلقىمىزدىكى كەڭ ئاساسقا ئىگە بولغان قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ياكى ئۆزگىرىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

### 5. يۇرتداشلىق ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك

بۇ خىل جامائەتچىلىكنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار. بىرى، يۇرت ئىچىدە بولىدىغان كەڭ دائىرىلىك ھەمكارلىق ئىشلىرىدا، ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق تەبرىكلەش، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدە داغدۇغىلىق ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىلىشلىرىدا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ خىلدىكى جامائەتچىلىك ئادىتى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان ئۈستۈن ئاتۇشنى مىسال ئالساق، ئۈستۈن ئاتۇش خەلقى بىر يۇرت دائىرىسىدە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ياشاشتا پۈتۈن شىنجاڭغا داڭق چىقارغان. ئۇلار ئىش - ئەمگەك، ئۆي - جاي سېلىش، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، مېھماندارچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئاتۇش خەلقىنىڭ يۇرت قارىشى ۋەتەن ۋە مىللەت قارىشىغا تەڭداش بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئېڭىدا ھەتتا ۋەتەن، مىللەت ئېڭىدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلاردىكى يۇرتۋازلىق خائىشىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنىڭ بىرى دەل ئۇلاردىكى يۇرتداشلىق ئاساس قىلىنغان جامائەتچىلىك ئادىتىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى ئومۇمىي كەيپىيات سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى، مەھەللە - كويىنى، يۇرتنى بىرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان جامائەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ھەرقانداقى، ھەرقاچان ئەنە شۇ مەھەللە - كوي ۋە يۇرتنىڭ ئىچكى بىرلىكى ۋە پايدا - مەنپەئىتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئۆز يۇرت قارىشى، مۇنداقچە قىلغاندا، جامائەت مەنپەئىتى قارىشى، گەرچە يۇرتنىڭ ئىچكى

ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بەزىدە باشقا يۇرتلار بىلەن بولغان ھەر خىل زىددىيەت ۋە تالاش - تارتىشلارغا، شۇنداقلا يۇرتۋازلىق كەيپىياتىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشىغىمۇ سەۋەب بولغان. مېنىڭچە، بىز ئۆتمۈشتىكى نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا شەكىللىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىمىزغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان ئادەتلەر، ئاڭ ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىنى ئىلمىي ئاساستا تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى تۈگىتىشىمىز كېرەك.

يۇرتداشلىق ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك ئادىتىنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى كىيىنچە ياقا يۇرتلاردا، بولۇپمۇ چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھۆكۈمەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە تىجارەتچى - مۇساپىرلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان جامائەتچىلىك بولۇپ، كىشىلەردىكى ئەنئەنىۋى يۇرت قارىشى ۋە يۇرتۋازلىق ئېڭى تەسىرىدە كېلىپ چىققان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىجتىمائىي ھادىسە. بۇ خىل جامائەتچىلىك ئادەتتە توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا باشقوشۇپ ھەمدەمدە بولۇش، تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى ئۆتكۈزۈش، قاتار چاي باراۋىتى قاتارلىق شەكىللەر بىلەن يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىڭىتىش ۋە باشقا تۈرلۈك ئادەمگەرچىلىك پائالىيەتلىرىنى زۆرۈر بولغان جەمئىيەت ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئادەت كىشىلەرنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى تۇرمۇش شەكلىنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىپ بېرىۋاتقان تۇرمۇش رىتىمىنىڭ، ۋاقىت ۋە سۈرئەت قوغلىشىپ كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان رىقابەتلىك مۇھىتىنىڭ

ئۆز تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن بېسىمى ۋە زەربىسىنى ئازايتىش؛ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، كۆنۈككەن تۇرمۇش شەكلىنى قوغداش ھەمدە ياخشى ئادەتلىرىنى سېغىنىش — ئەسلىگە مايىل بولۇشتەك ئىنسان پسىخىكىسى تۈرتكىسىدە كېلىپ چىققان جامائەتچىلىك بولۇپ، ھەم ئىجابىي، ھەم سەلبىي تەسىرى بىلەن جەمئىيىتىمىزدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە. ساۋاقداشلىق ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك، خىزمەتداشلىق ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك قاتارلىقلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەنىۋى تەلەپلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ خاركتېرى جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## 6. دوست - يار، ئاغىنە - بۇرادەرچىلىك ئاساسىدىكى جامائەتچىلىك

بۇ قەدىمدىن بويان كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ھەر خىل سىنىپ، تەبىقە، گۇرۇھلار ئىچىدە تەبىئىي بولۇپ تۇرىدىغان، ئۆز سىنىپى، ئۆز تەبىقىسى، تەڭتۇشى ياكى تەقدىر - قىسمىتى ئوخشاش ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئىنسان تەبىئىتى تەقەززاسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، ئاساسى دېگەندەك مۇستەھكەم بولمىغان ياكى نىسپىي مۇقىم بولغان جامائەتچىلىك شەكلىدىن ئىبارەت.

ئادەملەر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ياشايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ئىنسانىيەت ماھىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم بىر تەرەپ. ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، بېقىنىش، تايىنىش ۋە ماسلىشىپ ياشىشىنى تەقەززا قىلغان ۋە بەلگىلىگەن. «ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ

نۇقتىنى چۈشەندۈردى. بىراق، ھەممە ئادەملەرنىڭ ئوخشاش شەكىلدە، ئوخشاش ئۇسۇلدا، ئوخشاش دەرىجىدە ۋە ئوخشاش دائىرىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىنى توقۇپ چىقىشى ناتايىن. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ دائىرىسى، دەرىجىسى، ئوبيېكتى ھەر خىل بولىدۇ. ئىنسان مەنىۋىيىتىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى، ئىنسان پسىخىكىسى ۋە مىجەز - خاراكتېرىنىڭ پەرقلىق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ نەرسە ئورتاقكى، ھەرقانداق بىر نورمال ئىنساننىڭ ئۆزىگە يارىشا، دائىملىق مۇئامىلە قىلىشىدىغان ۋە ھەر خىل ئالاقىدە بولىدىغان دوست - بۇرادەرلىرى بولىدۇ. بۇلارمۇ مەلۇم دەرىجىدە جامائەت شەكلىگە كىرگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نورغۇن ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىش - ئوقىتى ئاشۇ جامائەت ئىچىدە ياكى شۇ جامائەتنىڭ مەلۇم تەڭپۇڭلاشقان مۇناسىۋەت دائىرىسىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ياكى يۈرۈشۈپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۆيلىنىش، ھېيت - ئايەم، نەزىر - چىراغ، سەيلە - ساياھەت، ئۆي كۆچۈش، كېسەل كۆرۈش، خەير - ساخاۋەت، مېھماندارچىلىق قاتارلىق چوڭ - چوڭ ئىشلاردىن تارتىپ، ئادەتتىكى كىچىك ئىشلارغىچە ئەنە شۇ دوست - بۇرادەرلەرنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى، تەڭ كۈچ چىقىرىشى ئارقىسىدا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما، بۇ خىل جامائەتچىلىكنىڭ ئۇلى ۋە مەۋجۇت بولۇش ئاساسى ئادەملەرنىڭ سەمىمىي - سادىقلىقى، مېھىر - مۇھەببىتى ۋە ئۆزئارا ئىشەنچى، كۆيۈنۈشىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتكەن جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى تولىمۇ ئاجىز ۋە تۇراقسىز بولىدۇ. بىراق، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ خىل جامائەتچىلىك باشقا خىلدىكى جامائەتچىلىككە قارىغاندا دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى ئاساسىي

روھىي ئېنېرگىيە قىلىدىغان بولغاچقا، خالىسانىلىككە ۋە ئالىيجانابلىقا تېخىمۇ باي بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى قوغداش ۋە ساپلاشتۇرۇش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تۈرلۈك جامائەتچىلىك شەكىللىرىنىڭ ھەرقانداقى بىر - بىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشكەن ھالەتتە دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزئارا باغلاپ تۇرغان نەرسە جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، كونكرېتراق قىلغاندا، ھەرخىل شەكىلدىكى جامائەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە مەقسەت-مۇددىئالىرىنىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت. جەمئىيەت ئەزاسى بولغان ھەرقانداق ئىنسان يەككە - يېگانە ياشىيالمايدۇ. ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى كۆپ تەرەپلىمە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ياشىغاچقا، مەلۇم بىر كىشى ئۆز نۆۋىتىدە بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن جامائەتچىلىكنىڭ بىرقانچىسىغا، ھەتتا ھەممىسىگە دېگۈدەك ئىشتىراك قىلىدۇ. ئۇ تەبىئىي ھالدا ئاشۇ جامائەتچىلىك تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاشۇ جامائەت ئەزالىرى ئۆتەۋاتقان مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتەيدۇ. ئەمگەكتە لاياقەتچىلارنىڭ بىرى بولسا، مەشرەپتە ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بىرى، مەسچىتتە نامازخاننىڭ بىرى بولسا، مەھەللىدە يۇرت جامائىتىنىڭ بىرى بولىدۇ.

مەيلى قايسى خىلدىكى جامائەتچىلىك بولسۇن ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىش؛ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بىرلىكنى مۇستەھكەملەش؛ جەمئىيەت تەرتىپىنى، ئادەملەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ كىشىلەرنىڭ ئۆز بۇرچ - مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆزگە تونۇتۇش؛ ئادەمگەرچىلىكنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزئارا مەسئۇل بولۇش؛

جەمئىيەت ئالدىدىكى، قان - قېرىنداش، دوست - بۇرادەر، قولۇم - قوشنا ئالدىدىكى تېگىشلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش؛ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى قوغداپ، ياش ئەۋلادلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش؛ ئۇلارنىڭ يۇرت- ۋەتەننى سۆيۈش، دوستلۇقنى قەدىرلەش، ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇڭا، جەمئىيەتتە بولىدىغان ھەرقانداق بىر ساخاۋەتلىك ئىش، خەيرلىك ئىش، ساۋابلىق ئىش، نەتىجىلىك ئىش ۋە تەسىرلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى جامائەتچىلىك ئاساسىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ئاڭ ئاساسى، نېگىزلىك ئىجتىمائىي تەشكىلىي بىرلىكتۇر. بۇ خىل بىرلىكنى قوغداش، كۈچەيتىش، مۇنداقچە قىلغاندا جامائەتچىلىك ئەنئەنىسىنى ساقلاش ۋە ئۇنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش؛ باشقا سىياسىي، ئىجتىمائىي، قانۇنىي تۈزۈملەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ جەمئىيەتنىڭ تىنچ ۋە مۇقىم بولۇشىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، جۈملىدىن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئۇيۇشۇشچانلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ياتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.

ئۇيغۇرلاردىكى جامائەتچىلىك ئادىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

1) ئىختىيارىلىق. ئۇنىڭدا ھېچقانداق مەجبۇرلاش ۋاستىسى بولمايدۇ. جامائەتچىلىك شەكىللىرىنىڭ قايسى خىلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەلۇم دەرىجىدە ئاممىۋى تەشكىلات تۈسىنى ئالغان بولۇپ، گەرچە بىرلىككە كەلگەن، ھەممەيلەن تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان بىر يۈرۈش رەسىم- يۇسۇنلىرى، تەرتىپ - ئىنتىزاملىرى بولسىمۇ، ئۇ ھېچقاچان

مەلۇم بىر ھوقۇقلۇق ئورگان، سىياسىي ئاپپارات ياكى نوپۇزلۇق شەخس تەرىپىدىن، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تەشەببۇسى، كۆزقارىشى بويىچە قانۇنلاشتۇرۇلغان نەرسە ئەمەس. خەلق ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەت قانۇنى نوقۇل شەخسنىڭ ياكى گۇرۇھنىڭ، تەبىقىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنى، ئۇلارنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى چىقىش قىلغان ئەمەس. ئەگەر ئۇ شۇنداق بولغان بولسا، ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ئادەت قانۇنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى (فولكلورى) بولالمايدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنىمىز، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن، ھېچبىر شەخس ياكى گۇرۇھنىڭ خاس مەنپەئىتىنى چىقىش قىلمىغان، ئەكسىچە نورمال، ئادىل ۋە ئالىيجاناب ئىنسانىي مەجبۇرىيەتنى، يەنى ئومۇمىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلغان جامائەتچىلىكتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا گەرچە مەلۇم سىنىپىيلىق ئامىلى بولسىمۇ، ئۇ يېتەكچى ئورۇندا تۇرمايدۇ ياكى بولمىسا ئاۋام خەلقتىن ئىبارەت ئاساسىي گەۋدىنىڭ تەلىپى گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ. جامائەتچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ بەزىبىر شەكىللىرى گەرچە دىنىي ئەھكاملارنىڭ روھى، شەرىئەت قائىدىلىرىنىڭ تەلەپ - ئۆلچەملىرى بويىچە ۋە دىنىي ئاڭنىڭ بىۋاسىتە تۈرتكىسىدە تەشكىل تېپىپ، شۇ ئاساستا ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ئۇ يەنىلا دىندىن ۋاسىتە سۈپىتىدە پايدىلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى يەنىلا ئاۋامغا پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارنى يولغا قويۇشتۇر.

2) خالىسانىلىك. جامائەتچىلىك ئادىتىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى ۋە ئىزچىللىشىشىغا ساغلام ئەخلاق قارىشى، جۈملىدىن كىشىلىك مۇناسىۋەت مىزانى، ئىنسانىي بۇرچ ئېڭى، ئىچكى بىرلىكنى ۋە ئىناقلىقنى قوغداش ئېڭى يېتەكچىلىك

قىلغان. ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىمۇ دەل ئاشۇ خىل ساغلام ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى ۋە كىشىلىك بۇرچ تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ بارغانسېرى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەركىزىگە ئۆتۈشكە باشلىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىن نىسپىي ھالدا مۇستەسنا بولۇپ كەلگەن. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، جۈملىدىن ئىقتىسادنى ئۆزگە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلغان ۋە ئىقتىسادنى چىقىش قىلغان مەنپەئەتدارلىق قارىشى ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك ئادىتى ئۈچۈن ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. چۈنكى، خەلق ئىچىدىكى جامائەتچىلىك ئەنئەنىلىرى ئەسلىدىنلا ئىقتىسادىي كىرىمنى ۋە تاپاۋەتنى مەقسەت قىلىپ بارلىققا كەلگەن ياكى يولغا قويۇلغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭغا قاتناشقۇچى ياكى ئۇنىڭدا بەلگىلىك مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغۇچى ئۆز خىزمىتى بەدىلىگە مەلۇم ھەق، كىرىم ياكى ئىقتىسادىي تاپاۋەتنى كۆزلىمەيدۇ. ھېچبولمىغاندا ئۇ ئەسلىي مەقسەت ھېسابلانمايدۇ. دېمەك، پۈتۈنلەي خالىسانىلىكنى، ئىنسانىيلىقنى، ھەمدەملىكنى، رازىمەنلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بولىدۇ. بۇ يەردە ئىختىيارىيلىق كۆپرەك جامائەت ئەزالىقى سالاھىيىتىنى ھازىرلاشقا قارىتىلغان بولسا، خالىسانىلىك ئۇنىڭدىكى مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشقا قارىتىلغان.

3) مەنىۋى مەنپەئەتدارلىق. دۇنيادا مەقسەتسىز ئىش بولمايدۇ. ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ماماتلىق، ماماتلىقنىڭ مەقسىتى ھاياتلىقتۇر. مەنپەئەت قوغلاشمايدىغان ئىنسانمۇ يوق. خالىسانىلىكمۇ مۇتلەق نەرسە ئەمەس. خالىسانىلىك ئىچىگە مەلۇم مەنپەئەت قارىشى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەقەللىيسى سەن بىرسىگە كىچىككىنە ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىساڭ، ئالدى

بىلەن مەلۇم بىر خىل روھىي ئىستەك، يەنى روھىي جەھەتتىن يېنىكلەش ياكى كۆڭلۈڭنى تەسكىن تاپتۇرۇش تۇيغۇسى سېنى شۇ ئىشقا يېتەكلەيدۇ. شۇ ئىشنى قىلغان ھامانلا ئۇنىڭ مۇكاپاتى تەق بولىدۇ. بىر خىل ئازادىلىك سېزىمى ئىچىدە ئادىمىيلىكىڭگە يۈز كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمىسەن. سەن باھاسى يوق ھاياتتا بۇنىڭدىن باشقا نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ جامائەت ئىچىدە ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولغان ھەرقانداق بىر كىشىگە نىسبەتەن مۇئەييەن مەنپەئەتدارلىق قارىشى بار دېيىلسە، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز شەرىپى، ئاندىن قالسا جامائەتنىڭ پايدا ـ زىيىنى ۋە شان ـ شەرىپى كۆزدە تۇتۇلغان مەنپەئەت قارىشىدۇر. شەخسنىڭ مەنپەئەتى بولسا ئەنە شۇ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئىچىدە بولىدۇ. «ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم» قارىشىدا ئۆزىنىڭ ئادەم بولۇشى ئۈچۈن باشقىلارغا ئادەمچە مۇئامىلە قىلىش ۋە باشقىلار ئالدىدا ئادەملىك بۇرچىنى ئۆتەش كېرەكلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ سۆز ھەربىر كىشىنىڭ، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشى كېرەكلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ.

دېمەك، جامائەتچىلىكتە مۇھىم رول ئويناۋاتقان مەنپىئەتدارلىق مۇناسىۋىتى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتدارلىقتا ئەمەس، روھىيەتكە تېگىشلىك بولغان مەنپەئەتدارلىقتا، مەنىۋى قىممەتكە ۋە ئىنساننىڭ ئەسلىي مەنىۋى ئىستىكىگە قارىتىلغان. پۇلپەرەسلىك، ئىقتىسادىي مەنپەئەت قارىشى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، جەمئىيەتتىكى بارلىق مۇناسىۋەتلەر ھەتتا مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى؛ دوست ـ يار، ئاغىنە ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئاتا ـ ئانا، پەرزەنتلەر مۇناسىۋەتلىرىمۇ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تۈسىنى ئېلىپ، مەنىۋىيەتنى ئۇلۇغلايدىغان، ئادىمىيلىكنى ئالدىغا قويىدىغان، پاكلىق ۋە

سەممىيەتنى يۈكسەك بىلىدىغان، تۈز، مەردانە، ئوچۇق ـ يورۇق، بىر سۆزلۈك ئىنسان خاراكتېرىنى گۈزەللىك ۋە ئەڭ ئالىي خىسلەت ھېسابلايدىغان ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى، بىر تەرەپلىمە ھالدا پۇل ۋە ئىقتىسادنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان قىممەت نۇقتىئىنەزىرىگە كەسكىن ئۆزگىرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يوقىرىقىدەك ئىنسانىيلىقنى ۋە خالىسانىلىكنى يادرو قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسان تەبىئىتىگىمۇ ئۇيغۇنلاشقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىمىزنى قوغداپ قېلىش زىيانلىق ئەمەس.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن جامائەتچىلىك ئەنئەنىسى تارىختىن بويان خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن سۆيۈش ئېڭىنى، قېرىنداشلىق، قانداشلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، ئىنسانلىق بۇرچ تۇيغۇسىنى، ئىنسانپەرۋەرلىك، پىداكارلىق روھىنى مۇنبەت زېمىن ۋە ئۇرۇق بىلەن تەمىن ئېتىپ كەلگەن ئەھمىيەتلىك ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ئاستىدا، تۈرلۈك ھاكىمىيەت شەكىللىرى يولغا قويغان قانۇن ـ نىزاملار، بۇيرۇق ـ پەرمانلار ۋە سىياسەت ـ تەدبىرلەرنىڭ مۇھىم يارىدەمچىسى، تولۇقلىمىسى ھەتتا ۋاستىچىسى سۈپىتىدە جەمئىيەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئاۋام خەلق ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي روللارنى ئويناپ كەلگەن. مۇنداق جامائەتچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كىشىلىك ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلەر ئۈنۈملۈك قوغدىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد مەنىۋى مىراس سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەپسۇسكى، بىز يوقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىل مابەينىدە، جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىياتى ۋە بۇ تەرەققىيات ئاپىرىدە

قىلغان يېڭىچە قىممەت قارىشى، دۇنياۋى ئېقىمغا ئايلانغان ئىقتىسادىي ـ سودا رىقابىتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەنئەنىدىن ياتلىشىش، ئۆزلۈكتىن ياتلىشىشتەك ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئەنئەنىۋى جامائەتچىلىك ئادىتىمىزنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ، شەكلى ۋە خاراكتېرى ئۆزگىرىپ باشقىچە تۈس ئالغان، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمپەرەسلىك، ساختىلىق، ھەتتا قويمىچىلىق ئىللەتلىرىگە سورۇن ھازىرلايدىغان جامائەتچىلىك ئادەتلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مانا بۇ مۇئەللىپنى ئۇشبۇ يازمىدا مەدداھلىققا سالغان، ھەممىمىز باش قاتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر.

2001- يىل 1- ئاي، قەشقەر

# ئۇيغۇرلاردا تازىلىق

تازىلىقنى سۆيۈش — ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە ئېسىل خىسلەتلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

ئىنسان ھەرقاچان گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ. گۈزەللىكنى يارىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىجادىيەت گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ ياكى ھەرقانداق بىر ئىزدىنىش، ئىجادىيەت، يېڭىلىق يارىتىش پائالىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىنساندىكى گۈزەللىكنى سېزىش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ئېڭىدىن پەيدا بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتكە، جۈملىدىن سەنئەتكە قەدەم قويۇشىغا، شۇنىڭدەك ئۇنى بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بۈگۈنكى ھالەتكە ئېلىپ كېلىشىگە تۈرتكە بولغان مەنىۋى كۈچ ، جۈملىدىن ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ مەنبەسى دەل ئىنساننىڭ گۈزەللىكنى سۆيۈشتەك تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت. ئىنساندىكى تازىلىق ئېڭى ۋە ئۇنى گۈزەللىكنىڭ، ئېسىل خىسلەتنىڭ، ئادەمىيلىكنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قەدىرلىشى دەل تازىلىقنىڭ، پاكىزلىقنىڭ ئىنسانغا گۈزەللىك، ساغلاملىق بېغىشلايدىغانلىقى، ئىنسانغا گۈزەللىك يارىتىپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇزاق تارىختىن بۇيان مەنىۋى گۈزەللىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تازىلىقنى مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى،

دەپ چۈشىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى تازىلىقنى سۆيۈش ۋە تازىلىقنى دائىملىق ئەنئەنىگە، ئادەتكە ئايلاندۇرىدىغان ياخشى ئەنئەنىلەرنى بەرپا قىلغان. «خېنىمنىڭ قېشىغا قارىماي، تاۋىقىنىڭ تېشىغا قاراڭ» دېگەن ماقال يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن «خېنىمنىڭ قاش - كۆزىنىڭ جايىدا بولۇشى بىلەنلا، ئۇنىڭ گۈزەللىكى مۇكەممەل بولمايدۇ. ئۇنىڭ قاچىسى پاكىز بولسا، يەنى ئۇ تازىلىقنى سۆيىدىغان گۈزەل خىسلەتكە ئىگە بولسا، ئاندىن ھەقىقىي گۈزەل بولىدۇ» دېگەن قاراشنى يەكۈنلەپ چىقىشلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە «مەينەتچىلىكتىن بەرىكەت قاچىدۇ» دەپ قارايدۇ. تازىلىقنى قەدىرلىمىگەن، تازىلىققا سەل قارىغان كىشىلەرنى «تەبىئىتى يوق» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى تازىلىق ئادەتلىرىنى مۇھىت تازىلىق ئادەتلىرى، ئۆي ئىچى تازىلىق ئادەتلىرى، شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرى ۋە يېمەك - ئىچمەك تازىلىق ئادەتلىرى دەپ بىرقانچە چوڭ تۈرگە بۆلۈپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1) مۇھىت تازىلىق ئادەتلىرى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بۇيان ئۆزىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان تەبىئىي مۇھىتىنى پاكىز، ئازادە، چىرايلىق تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى. كەڭ يېزا- قىشلاقلاردا، كوچام بازار - رەستىلەردە مۇھىت تازىلىقى ئەزەلدىن مەخسۇس تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ ھەقلىق ئەمگىكى بىلەن قىلىنىپ كەلگەن ئەمەس. ھەرقانداق بىر ئائىلىدىكى قىز- چوكان ۋە كېلىن - ئاغىچىلارنىڭ ھەر كۈنى ناھايىتى سەھەر تۇرۇپ ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشى — ئۆي ئىچى ۋە ھويلا - ئارامىلارنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلاش، ئاندىن كېيىن ئۆي ئەتراپىنى، بولۇپمۇ ئىشىك ئالدى ۋە يول - كوچىلارنى خېلى

يەرلەرگىچە سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن. ئائىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن ئادەتتە بۇنداق ھەر كۈنى ئەڭ ئاز دېگەندە بىر قېتىم خالىس سۈپۈرۈپ سۇ چېچىلىپ تۇرىدىغان دائىرە ھېچقاچان بىراۋ تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە، قوشنا ـ قولۇملارنىڭ ئىشىك ئالدىلىرىغىچە خالىس تازىلاپ قويۇشنى ھەممە كىشى ساۋابلىق ئىش، دەپ قاراپ شەرەپ ھېس قىلىدۇ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدا ھۆل ـ يېغىن ئاز، قۇرغاق، قۇم ـ بوران ئۇچۇپ، توپا ـ چاڭ توزۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھويلا ـ ئارام ۋە يوللارغا يېقىن ئەتراپتىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆل ـ قۇدۇقلاردىن چېلەك ۋە داسلاردا سۇ توشۇپ كېلىپ، پات ـ پات چېچىپ تۇرىدىغان ئادەت كۆپ ئومۇملاشقان. بۇ خىل تازىلىقنى ئومۇمەن ئاياللار ۋە قىز باللار ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئەرلەر بامدات نامىزىدىن يانغۇچە ئارىلىقتا قىلىپ تۈگىتىلىدۇ. بۇ ئادەت ھويلا ـ قورۇسى ياكى ئەنئەنىۋى ئۇقۇمدىكى «ئىشىك ئالدى» بولمىغان بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرۇشلۇق ئائىلىلەردىمۇ ئاز ـ تولا ساقلانغان بولۇپ، ئۇ قوشنا ـ قولۇملار ئۆزئارا بەس قىلىشماي پات ـ پات كارىدور ۋە پەلەمپەيلەرنى تازىلاپ تۇرۇش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، كارىدور ۋە پەلەمپەيلەرنى ئۆزگىلەرگىمۇ تەۋە دەپ قاراپ تازىلاشتىن باش تارتىدىغان، ھەتتا ئىشچى ياللاپ تازىلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپىيىپ قالدى.

ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ياكى شالاڭ مەھەللە ـ كويلاردا بىرنەچچە ئائىلە، يەنى قوشنا ـ قولۇملار ئورتاق ئىشلىتىدىغان «يالاق» ۋە «سۈپۈندىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇنلار بولۇپ، يۇندى، سۆڭەك قاتارلىق نەرسىلەر «يالاق»قا، ئەخلەتلەر بولسا مەخسۇس «سۈپۈندىلىك»كە تۆكۈلىدۇ، ھەتتا كۆل تۆكۈلىدىغان

جايمۇ ئايرىم بولۇپ «كۈللۈك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق جايلار ئۆيلەردىن ۋە كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جايلاردىن، شۇنداقلا ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدىن يىراقراق جايلاشقان بولۇپ، مۇمكىنقەدەر ئىشلىتىلمەيدىغان ئۇنۇمسىز يەرلەر تاللىنىدۇ. بۇنداق جايلارغا دەسسىسە «يامان بولىدۇ»، «تەخسىرات كېتىدۇ» دەپ، كىشىلەرنى، بولۇپمۇ بالىلارنى ئۇ يەرلەردىن ئەيمەندۇرۇپ يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. مانا بۇمۇ بۇرۇنقى تۇرمۇش شارائىتىدا مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ، شۇنىڭدەك ھەر خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەلۇم رول ئوينىغان ۋە خەلقىمىزنىڭ مۇھىتنى قوغداش ئېڭىنى ئىنكاس قىلىپ بېرىدىغان ئادەتلىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش ئادىتىنى ئۇلارنىڭ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش جەھەتتىكى ئەنئەنىلىرىدىنمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن تارتىپ باغۋەنچىلىك ۋە گۈلخۇمارلىق بىلەن مەشھۇر بولغان خەلق. شىنجاڭدىكى كەڭ يېزا ـ قىشلاقلار ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا باغ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپ بولۇشى؛ خەلق چۆچەكلىرىدە، كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە چاھارباغ، گۈلشەن، چىمەن تەسۋىرلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى؛ گۈلنى ئاساسلىق تەسۋىري دېتال ۋە سىمۋوللۇق ۋاستە ئورنىدا قوللانغان بېيىت ـ قوشاقلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئىسمىدا گۈل سۆزى ۋە گۈللەر ناملىرىنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى قاتارلىقلار يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ ئوبدان ئىسپاتى بولالايدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار شارائىتى يار بەرسىلا، ئۆي ئالدىغا باغلىق ھويلا بەرپا قىلىشقا؛ ئۆي تېمى ئەتراپىغا كاۋا ـ قاپاق تېرىپ، تال باراڭلىرىنى ياساپ، ئۆيلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى

بوستانلاشتۇرۇشقا؛ ھەر خىل گۈل ۋە ئوتياش تىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆركەم كۆرۈنۈشىدىن، خۇش پۇراقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشقا ئادەتلەنگەن.

2) ئۆي ئىچى ۋە ھويلا ـ ئارام تازىلىق ئادەتلىرى. ئۇيغۇرلارنى ئەزەلدىن ئۆي ئىچى ۋە ھويلا ـ ئارام تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن خەلق دېيىشكە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئادەتلەرنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن كۆرسىتىشكە بولىدۇ: (1) ئۆي ئىچىنىڭ دائىملىق پاكى كۈندىلىك تازىلىقى. بۇلار سەھەر تۇرۇپ ئۆي ئىچى ۋە ھويلا ـ ئاراملارنى سىپىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ تۇرۇشتىن باشقا، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى رەتلىك يىغىپ، كەشتىلەنگەن ئورۇن ياپقۇ ۋە ياستۇق ياپقۇلار بىلەن ھەر خىل شەكىل چىقىرىپ يېپىپ قويۇش؛ ئۆي سەرەمجانلىرىنى رەتلىك ـ پاكىز قويۇپ، سۈرتۈپ تۇرۇش، شۇنداقلا ئۆي ھاۋاسىنى تەڭشەپ ياخشىلاش ئۈچۈن، خۇش پۇراق گۈل ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى لوڭقىلارغا سېلىپ قويۇش، ئىپار ـ ئەنبەرلەرنى چېچىپ تۇرۇش، شاڭ ۋە سەندەل، ئارچا ياغىچى بىلەن بوي ـ ئىسرىق سېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. (2) ئۆي ئىچىنىڭ قەرەللىك تازىلىقى. بۇلار ئۆيلەرنىڭ، ھويلا ـ ئاراملارنىڭ تام ـ تورۇسلىرىدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى پات ـ پات ئېلىپ تۇرۇش؛ گۈل ـ گىياھ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنى يۇيۇپ، پىت ۋە چاڭ ـ توزانلاردىن خالىي قىلىش؛ ئىسلاشقان تام ـ تورۇسلارنى ۋە ئاشخانىلارنى گەج ۋە ھاكلار بىلەن ئاقارتىپ تۇرۇش؛ كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە، كىگىز ـ گىلەملەرنى قەرەللىك ھالدا قېقىپ، ئاپتاپقا سېلىپ ۋە تازىلاپ تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. (3) ئۆي كۆتۈرۈش ئادىتى. بۇ ھېيت ـ ئايەملەردە، توي ـ تۆكۈنلەردە ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ياكى خاسىيەتلىك كۈنلەردە، شۇنداقلا

مېھمان چاقىرىلغان قوتلۇق كۆڭۈلدە ئاشۇ كۆڭۈلنىڭ ئۇلۇغ خاسىيىتى ۋە مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن پۈتۈن ئائىلە بويىچە ئىلىپ بارىدىغان چوڭ تازىلىققا قارىتىلغان. ئۇنىڭدا ئۆي ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەر دىڭگۈدەك قوزغىتىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك تازىلاپ چىقىلىدۇ. چاڭ - توزان، ئۆمۈچۈك تورلىرى ئادالىنىدۇ. يوتقان تۆشەك، ياستۇق قېپى ۋە پەردە - زەدىۋال دېگەنلەر يۇيۇپ دەزماللىنىپ قايتا قاپلىنىدۇ ياكى ئېسىلىدۇ. كىگىز - پالاس، زىلچا - گىلەملەر ئاپتاپقا سېلىنىپ قېقىپ تازىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەممە نەرسىلەر قايتىدىن سەرەمجانلاشتۇرۇلىدۇ.

3) شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرى. بۇرۇن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە «ئەۋرەز» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدىغان. ئۇ ئاساسەن يۇيۇنغاندا ياكى غۇسۇل - تەرەت قىلغاندا يۇندى سۈيىنى يەر ئاستىغا سىڭدۈرۈش ياكى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. «ئەۋرەز» ئادەتتە ئىچكىركى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئارقا تەرىپىگىرەك — خىلۋەترەك جايغا ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، ئانچە چوڭقۇر بولمىغان بىر ئورەك كولىنىپ، ئۈستى تاختايلار بىلەن كىچىكرەك ئاراچ قالدۇرۇلۇپ يېپىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېقىپ چۈشكەن يۇندى سۈيىنى يەر ئاستى يۇندى يولى بىلەن سىرتقا چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ (خوتەن قاتارلىق تۇپرىقى قۇمساڭغۇ جايلاردا سۇ ئېقىتىش ئېرىقى بولمايدۇ. سۇ قۇم تۇپراققا سىڭىپ تۈگەيدۇ). ئادەتتىكى چاغلاردا، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى كىشىلەر، كۆپرەك چوڭلار ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئەنە شۇ «ئەۋرەز»دە مەخسۇس تەييارلانغان ئۇشرۇقلارنى ئىشلىتىپ، پۈتۈن بەدىنىنىڭ تازىلىق ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا، شەھەر- بازار قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى مۇنچا(هاممام)لار بولغان. مەسچىت - خانىقا ۋە مەدرىسەلەردە

بولسا، مەخسۇس نامازخانلار، تاللىپلار ئۈچۈن ياسالغان تەرەت ئېلىش ئۆيلىرى( مۇستەھەپخانا)، غۇسۇل قىلىدىغان ھاممام، سەراپخانىلار بولغان. شۇنى قەيت قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا بۇرۇن داستا يۇز يۇيۇش ئادىتى يوق ئىدى. چۆگۈن، چىلاپچا، ئىۋرىق دېگەندەك مەخسۇس قول ۋە يۇز يۇيۇش سايمانلىرى بىلەن سۇنى ئېقىتىپ يۇيۇش ئومۇمىي ئادەت ئىدى. ئۇنداقتا، سۇنى تەكرار ئىشلىتىپ يۇز يۇيۇشقا قارىغاندا پاكىزلىققا تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. شۇڭا، بىۋاستە جۇمەك ئىشلىتىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بۇ خىل ئۇسۇلدا يۇز يۇيۇشنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ ئىلمىيلىقى بار، ئەلۋەتتە.

يېزىلاردا يازكۇنلىرى كىشىلەر ئېقىن سۇلاردا يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار مۇۋاپىق پەيتلەرنى تاللاپ چوڭقۇر ئازمىلاردا، شارقىراتمىلاردا، سۇيى ئۇلۇغ ئۆستەڭلەرنىڭ خىلۋەت جايلىرىدا يۇيۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئامبارلاردا، كىچىك - كىچىك دامبا - تېگەنلەر( سۇلار يېيىلىپ ئاققان جايلارغا قاش - تۇغانلارنى سوقۇپ، سۇيىنى سۇزۇلدۇرۇش ۋە پەس جايلارنى لايلىتىش مەقسىتىدە ياسالغان ۋاقىتلىق ئامبارلار )دە يۇيۇنۇش ھەمدە ئۆزئارا سۇ ئۈزۈش، شۇڭغۇش مۇسابىقىلىرى قىلىش ئادەتلىرىمۇ بار.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇغان ناماز ۋە قىلغان ئىبادەتلىرىنىڭ ئىجابەت ياكى خۇداغا مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم شەرت ھېسابلانغان پاكلىق شەرتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. دىنىي ئىسلامدا «ئۈچتە پاك» بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىرى، بەدەن پاك بولۇش؛ ئىككىنچىسى، كىيىم پاك بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، ئورۇن پاك بولۇش. بەدەننى پاك تۇتۇش ئۈچۈن جۇنۇپ ھالەتتە يۈرمەسلىك، جۇنۇپ بولسا دەرھال غۇسۇل قىلىش، ھەر قېتىملىق نامازدىن

بۇرۇن تەرەت ئېلىش ياكى تەرەتسىز ھالدا ناماز ئوقۇماسلىق، ھەتتا «قۇرئان كەرىم» نىمۇ تەرەتسىز تۇتماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. كىيىمنى پاك تۇتۇش ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەككە نىجاسەت ياكى كىچىك تەرەت يۇقۇپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش؛ ناماز ۋە ئىبادەتكە تۇرغاندا ئامال بار كىيىم ۋە دەستار(سەللە) ئالماشتۇرۇش؛ تەرەتنى مەھكەم ساقلاش ئۈچۈن مەسە ـ كالاچ كىيىش، يەل چىقىپ كېتىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەش قاتارلىق بەكمۇ چىڭ تەلەپلەر قويۇلىدۇ. ئورۇن پاك بولۇشتا، ناماز ئوقۇغاندا جەزمەن ئەڭ پاكىز جاينى تاللاش، مۇمكىن بولسا جەينەماز ئىشلىتىش، جەينەماز بولمىسا ئەڭ پاكىز دەپ قارالغان چاپان ياكى ياغلىق قاتارلىقلارنى ئاستىغا سېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار بەدەنىنىڭ پاكلىقىغا، جۈملىدىن سالامەتلىككە تەسىر يېتىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، چاچنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈشنى، بەدەنىنىڭ تۈكلۈك جايلىرىنىمۇ ۋاقتىدا ئادالاپ تۇرۇشنى، چىشنى يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقاپ تۇرۇشنى، قول ـ پۇت تىرناقلىرىنى ئۆستۈرۈۋە تمەسلىكنى سۈننەت ياكى ۋاجىپ ئىشلار قاتاردا تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. ئۇلارغا ئەمەل قىلماسلىقنى «يامان بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىلىك قاراش بويىچە چەكلەپ كەلگەن. بۇرۇنقى چاغلاردا قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەر ياكى ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ يىگىتلىك سۈلكىتى ۋە ئەرلىك سالاپىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، يارىشىملىق بۇرۇت قويۇپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا چەكتۈرۈپ تۇرۇشنى، بېلىگە بەلۋاغ باغلاپ، يېنىغا پىستان ۋە تاسمىلار بىلەن ئالاھىدە زىننەتلەپ ياسالغان غىلاپلاردا پىچاق ۋە مىسۋاك ئېسىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلىشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا مەخسۇس چىشنى تازىلاش ۋە ئاسراش ئۈچۈن، مىسۋاك ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ

ئادەتتە دورىلىق قىممىتى يوقىرى بولغان چوچوكبويا يىلتىزىنى ماتېرىيال قىلىپ ياسالغان. شوڭداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىسۋاك بوگونكى چىش پاستىسى بىلەن چىش چوتكىسىنىڭ رولىنى ئۆتەپ كەلگەن، خەلقىمىزنىڭ تازىلىق مەدەنىيىتى جەھەتتە ياراتقان يەنە بىر مۇھىم ئىجادىيەتلىرىدىن بىرى. مەن مىسۋاكنى كۆرۈپ باقمىغان، لېكىن بەزى پېشقەدەملەردىن، بۇرۇن كىشىلەرنىڭ چىش ئاغرىقىنى داۋالايدۇ دەپ قاراپ، چوچوكبويا يىلتىزىدىن بىر خىل چىش يۇيۇش ئەسۋابى(مىسۋاك) ياساپ، ئۇنى مەخسۇس خورۇمدىن تىكىلگەن قاپچۇق (غىلاپ) قا سېلىپ، دائىم يېنىغا ئېسىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مىسۋاك نوقۇل تازىلىقنىلا ئەمەس، بەلكى چىشنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسراشنى كۆزدە تۇتۇپ ئىشلىتىلگەن بولسا كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ چاچلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ بېلىملاپ ئۆرۈشى؛ سېكىلەك - ماڭلايلىرىنى ئۇزىنىڭ ياش قۇرامى ۋە سالاھىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ياسىشى؛ كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، قاشلىرىغا ئوسما قويۇشى؛ پۇت - قوللىرىغا خېنە يېقىشى قاتارلىق ئەسلىي ياسىنىش ياكى گىرىم قىلىشقا ياتىدىغان ئادەتلىرىمۇ شەخسىي تازىلىق بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

4) يېمەك - ئىچمەك تازىلىق ئادەتلىرى. ئۇيغۇرلاردا «كېسەللىك ئېغىزدىن كىرەر»، «چىۋىن دېگەن مەينەت نېمە، ئۇ قونغان نەرسىنى يېمە» دېگەنگە ئوخشاش يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىنى تەكىتلەيدىغان، ساغلام بولۇش ئۈچۈن، يېمەك - ئىچمەك تازىلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشنى ئاگاھلاندۇرىدىغان ماقال - تەمسىللەر كۆپ. مۇشۇ خىل ئاڭنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇرلاردا يەنە بىر يۈرۈش يېمەك - ئىچمەك تازىلىق ئادەتلىرى

شەكىللەنگەن. مەسىلەن، تاماقتىن ئىلگىرى قول چايقاش قاتارلىقلار. ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە ھۇنەر ـ سەنئەت بىلەن باسىلىدىغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا ئەنە شۇ خىل تازىلىق ئادىتىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ مەيدانغا كەلگەن؛ بۇرۇتنى زىيادە ئۆستۈرمەسلىك (بۇرۇت ئۇستۇنكى كالپۇكنى بېسىپ تۇرغان ھالەتتە بولسا، يېيىلىۋاتقان ئاش ـ تائاملارغا چىلىشىپ قالسا پاكى تېگىپ كەتسە «مەكرۇھ» بولىدۇ، دەپ قارالغاچقا)؛ تىرناقلارنىمۇ ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، چۈنكى تىرناق ئاستىدا كىر پاكى مىكروبلۇق نەرسىلەر يىغىلىپ قالىدىغان بولغاچقا، قول تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتسە، بىۋاسىتە قول بىلەن يېيىلىدىغان تائاملارنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئادەتنى ياشلارغا ياخشى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچى بويىچە « تىرناق ئۆسۈپ كەتسە شەيتان بالىلىرى ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئېلىپ تۇرۇش ۋە ئېلىۋېتىلگەن تىرناقنى قالايمىقان يەرگە تاشلىماي، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا، بوسۇغىنىڭ يېنىغا تاشلاش كېرەك» دەيدىغان كونا قاراشنى ساقلاپ كەلگەن؛ ئۆي ئىچىدە پاكى ئادەم بار يەردىلا ئەمەس، بولۇپمۇ تاماق يەۋاتقان چاغدا يەل قويماسلىق؛ قاچا ـ قۇچا ، قازان ـ چۆمۈچلەرنى پات ـ پات ئوتتا كۆيدۈرۈپ، قۇمدا سۈرتۈپ، ئاقارتىپ، مىكروبسىزلاندۇرۇپ تۇرۇش؛ يۇيۇپ چايقالغان قاچا ـ قۇچىلارنى ئوڭدا پاكى ئاغزى ئوچۇق ھالەتتە قويماسلىق؛ سۇپۇرا ۋە داستىخاننى ئۇلۇغلاپ ئۇلارغا مەلۇم ئەقىدە ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش؛ ئېرىپ قالغان سۇتنى ئىچمەسلىك؛ سۇيىنى ئادەملەر ئىچىۋاتقان كۆل ـ كۆلچەكلەردە ئۇلاغ سۇغارماسلىق؛ يۈز ـ قول ۋە كىر ـ قات يۇيۇشتا ئىشلەتكەن داس ۋە تەڭنىلەرنى تاماق ئېتىشتە ئىشلەتمەسلىك؛ ئاش ـ تائامغا پاكى باشقىلارغا ئۇدۇل

قاراپ چۈشكۈرمەسلىك، ئەسنىمەسلىك قاتارلىقلار ئەنە شۇنىڭغا ياتىدىغان ئادەت ـ ئەنئەنىلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى بىر قىسىم ياخشى تازىلىق ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە، بەزەن قەدىمىي ئانىمىستىك چۈشەنچىلەر ۋە شۇ ئاساستا پەيدا بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقادلار مۇھىم مەنبە بولۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن، تازىلىققا ئالاقىدار بەزى ئىش-ھەرىكەتلەر ۋە تەشەببۇسلار پەرھىزلىك چۈشەنچىلەر بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تازىلىققا چېتىشلىق بىر قىسىم پەرھىزلىك قاراشلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئەقىدىلەر ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار كىشىلەرنىڭ تازىلىق ئېڭىنى مۇستەھكەملەش ۋە بۇ جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن. مەسىلەن، «يۈزىنى يۇماي كۈنگە قارىسا يامان بولىدۇ»، «سۇغا سىيسە يامان بولىدۇ»، «ئوتۇن ئۇۋاقلىرىغا دەسسىسە يامان بولىدۇ»، «ئۆرە تۇرۇپ سىيسە يامان بولىدۇ»، «تىرناقنى ئۇزۇن ئۆستۈرسە يامان بولىدۇ»، «چوڭ تەرەتنى كۆممەي قويسا يامان بولىدۇ»، «قولنى يۇيۇپ بولۇپ سىلكىسە يامان بولىدۇ» ...دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيىۋى ئىشەنچلەر مۇھىت تازىلىقىنى قوغداش، شەخسىي تازىلىققا دىققەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بىر يۈرۈش تازىلىق ئادەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن فولكلور مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇلارنىڭ بەلگىلىك ۋارىسلىق قىممىتى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار. شۇڭا، ئۇلارنىڭ

ئىچىدىكى بۈگۈنكى كۈندە يوقىلىشقا يۈزلەنگەن بىر قىسىم ياخشى ئادەتلەرنى (ئىشىك ئالدى، كوچا - كويلارنى، جامائەت ئەسلىھەلىرىنى خالىسانىلىك بىلەن تازىلاشقا ئوخشاش) دەۋرىمىز ياشلىرىغا تونۇشتۇرۇشىمىز، ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسى قاتارىدا تەشۋىق قىلىشىمىز زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

2001- يىل 12- ئاي، قەشقەر



# مۇھەببەت مۇقەددەستۇر

مەن ھەر قېتىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت مەسىلىسى تېما قىلىنغان ئەسەرلەر ئۈستىدە دەرس ئۆتۈۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭدىكى ئۇلۇغۋار، پاك مۇھەببەتنىڭ تىمساللىرى بولغان ئاشىق - مەشۇقلار ئوبرازىنى تەھلىل قىلىشقا ئالاھىدە كۆچەپ كېتىمەن. بەزىدە ھاياجىنىمنى باسالماي، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەقىقىي، ئالىيجاناب مۇھەببەتنى زوق - شوق بىلەن ماختاپ كېتىمەن. ئاشۇ ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان خەلقىمىزنىڭ ئىلغار، ساغلام بولغان مۇھەببەت قاراشلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىمەن. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان چەكسىز ئىنتىزارلىقىنى، ئوتتەك مېھىر - مۇھەببىتىنى خەلقىمىزنىڭ پارلاق كېلەچەك، غايىۋى ھايات مەنزىللىرى، يۈكسەك ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى مۇھەببەتكە سەۋدايىلارچە بېرىلگەن ئۆزۈمچىل شەخسلەر قاتارىدا ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ يۈرەك ساداسىدىن پۈتكەن، يۈكسەك دەرىجىدە غايىۋىلەشكەن ۋە ئىندىۋىدۇئاللاشقان سىمۋوللۇق ئوبرازلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمەن. ئۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ رېئال تەقدىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۈلپەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى

بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشقا ھەرىكەت قىلىمەن. شۇ ئارقىلىق ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرىنىڭ قانداقتۇر ئايرىم شەخسلەرنىڭ ھايات پاجىئەلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر پۈتۈن مىللەت تراگېدىيىسىنىڭ ئوبرازلاشقان تىپىك كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىنى يورۇتماقچى بولىمەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ بەدىئىي تىپلار ھەسرەتلىك ئۆتمۈشىنىڭ، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ جانلىق سىيماسى بولۇپ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ. مەن بۇ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەسرەت ـ نادامەت، قاغاش- لەنەتلەر بىلەن تەڭداشسىز باتۇرلۇق، غەيرەت ـ شىجائەت ۋە ئۈمىدۋارلىق يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن سىيمالارنى ئۆزۈمنىڭ چولتا تىلىم بىلەن سىزىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىمەن.

مېنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلار توغرىسىدىكى ھېكايە ـ چۆچەك، قىسسە ـ داستانلارنى ئەنە شۇنداق ئەڭ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگىچە تەتبىقلاپ چۈشەندۈرۈشۈم ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، ئەدەبىي ئوبرازلارنى، بولۇپمۇ فانتازىيىلىك ئۇسۇلدا غايىۋىلەشتۈرۈلگەن ۋە تىپىكلەشكەن فولكلور قەھرىمانلىرىنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئىلمىي تەلىپىگە ئويغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، مەن بۇنى بىر ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆزكەسپىنى ئوقۇتۇشىدىكى ئەقەللىي تەلەپ دەپ قارايمەن. بىراق، مېنىڭ مۇھەببەت مەسىلىسىنى شۇنچە زور ئىشتىياق بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ، خەلق ئامىسىنىڭ تارىختىن بۇيانقى مۇھەببەت مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۇنىڭغا قويغان ئۆلچىمى ۋە تەشەببۇسلىرىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ تەشۋىق قىلىپ كېتىشىمنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بار.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش يولغا

قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، پەن -
تېخنىكا سەۋىيىسى، قاتناش - ترانسپورت، ئۇچۇر - ئالاقە
ئىشلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈكسىلىپ،
تۇرمۇشىمىزغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى.
مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق مەنىۋى
مەدەنىيلىككە ياتىدىغان ساھەلەردىمۇ ئاجايىپ كاتتا ئۆزگىرىشلەر
بارلىققا كەلدى. مانا بۇنداق تېز تەرەققىيات ۋە كاتتا
ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا غايەت زور
داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت
نۇقتىئىنەزىرىنى زور دەرىجىدە يېڭىلىدى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي
ئاڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پۇل
تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ
كاپالىتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى دەپ قارىلىدىغان
بولدى. پۇل پەقەت بىر ۋاسىتىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى
ھەربىر كىشىنىڭ تىرىشىش، كۈرەش قىلىش نىشانىغا ئايلاندى.
پۇل ۋە ئىقتىسادتىن ھالقىغان نىشان قۇرۇق شوئار، ئەخمىقانە
خىيال بولۇپ قالدى. مانا بۇنداق ماددىي مەنپەئەتنى چىقىش
قىلغان قىممەت قارىشىنىڭ بىردىنلا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈشى
كىشىلىك ھاياتنى بىر قاتار مەنىۋى ئىللەتلەرگە گىرىپتار
قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شۇڭا، ئىقتىسادنى يادرو قىلغان
قىممەت قارىشى مەنىۋى ساپاسى تۆۋەن، ئۇلى ئاجىز، بۇنداق تېز
ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ بولالمىغان جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ
ۋۇجۇدىدا كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىمۇ كەم كۆرۈلىدىغان
كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلدى. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز، كۆرۈپ
تۇرۇپتىمىزكى، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىقتىساد قوغلىشىش ۋە
ھەممىدە ئۇنى چىقىش قىلىش ئېلىپ كەلگەن بىر تالاي مەنىۋى
كرىزىسلارغا مۇپتىلا بولدى.

ئىنساننىڭ چىن ئىنسانلىق قىممىتى ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىدۇر. ئىنسانلىق ياكى ئادىمىيلىك ئىنسان بالىلىرى ئۇلۇغلاپ كەلگەن ئەڭ ئالىي دەرىجە. ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق سۈپەتكە ئىگە بولۇشتىنمۇ ئالىي دەرىجىسى يوق. ئىنسانىي سۈپەت ئىنساننىڭ ئىنسانغا خاس تەبىئەتكە، مىجەز - خاراكتېرگە، ئاڭ - پىكىرگە، قابىلىيەتكە، ھېس - تۇيغۇغا، جۈملىدىن مۇھەببەت - نەپرەتكە، ئېتىقادقا، مەجبۇرىيەتكە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ۋىجدانغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانلىق سۈپىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى چىقىش قىلىش دىن بىلەن ئىلىم - پەننىڭ بىردىنبىر زىت كەلمەيدىغان نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن. مۇسۇلمان ئامما ئۆز دىنىي ئېتىقادى بويىچە ھەقىقىي ئىنسانىي سۈپەتنى بەندىلىك سۈپىتى دەپ تونۇيدۇ. ئەگەر ھەرقانداق بىر دىنغا نىسبەتەن ئورتاق بولغان ئىجابىي خاراكتېرلىك بىر ئالاھىدىلىك بار دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۇ دەل ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يول ۋە شەكىلدە ئىنسانلارنى ياخشىلىققا ياكى ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تونۇشقا يېتەكلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ نۇقتىدىن ھەرقانداق بىر دىنىي تەشەببۇسنى ھېچبولمىغاندىمۇ ئىنسان قەلبىگە ئوڭاي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىلاھىيەت كوزىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىنسانلارنى ھەقىقىي ئىنسان بولۇشقا، ئادىمىيلىك يولىدىن چىقماسلىققا، ئادىمىيلىك پەرزى ۋە قەرزىنى ئادا قىلىشقا دەۋەت قىلىدىغان ئەڭ ئاممىباب شەكىل دېيىشكە بولىدۇ. دىنىنىڭ ئىنسان پسىخىكىسىنى ئەڭ توغرا ئىگىلىگەن يېرى، ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك تەبىئىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئاتالمىش جەننەت مەئىشەتلىرىنى ۋەدە قىلىشتۇر.

يۇقىرىقىدەك دىن روھىغا يېقىنىپ كەلگەن ئىنسانىي قىممەت قارىشى گەرچە ئىنساننى تۆۋەن ئورۇندا ئىتائەت كەمىرىگە بەند قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي قىممىتىنى ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى چەكلەپ كەلگەن بىر ئامىل بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىنساننىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە قەدىر - قىممىتىنى پۇل ياكى ماددىي بايلىق بىلەن ئۆلچىمەستىن، ئۇنىڭ بىلىم - قابىلىيىتى، پاك - تەقۋادارلىقى، مېھىر - مۇھەببىتى، سەمىمىي ساداقىتى، مەردۇ مەردانىلىقى، مۇلايىم - چىقىشقاقلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى قاتارلىق ئىنسانىي سۈپەتلىرى بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇ خىل قىممەت نوقتىئىنەزىرىنى بىر ھەرقانداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ۋاقتى ئۆتكەن، ئىلغار ئەمەس دېيەلمەيمىز، ئەلۋەتتە. ئەكسىچە، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىسىدە، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىجابىي خىسلەتنىڭ، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنىڭ يىمىرىلمەس مىزانى بولۇپ كەلگەن بۇنداق مەنىۋىيەت بېزەكلىرى مەڭگۈ قۇۋۋەتلەشكە ئەرزىيدۇ.

ھازىرقى كۈندە بازار تېپىۋاتقان بىر تەرەپلىمە ھالدىكى ماددىي مەنپەئەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش ۋە پۇلغا چوقۇنۇش خاھىشى — ئىنسانىيلىقنى، ئىنسانىي پەزىلەتنى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدىغان ۋە ئۇنى سەنئەتنىڭ، ئىجادىيەتنىڭ، ھەتتا مال - مۈلۈكنىمۇ ئىگە بولۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنى مۇتىۋەر ئورۇندىن مەھرۇم قىلدى. ۋاستە مەقسەتكە، مەقسەت قىسمەتكە ئايلاندى. مەن دائىم دوستلارنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىمنىڭ مۇئامىلىدە ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي بولغانلىقى ئۈچۈن زىيان تارتىپ يۈرگەنلىكىدىن زارلىنىۋاتقانلىقىنى؛ كىشىلەرگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قويۇلۇپ كېتىپ، پۇشايماننى

ئالغىلى قاچا تاپالماي يۈرگەنلىكىنى؛ بىر قورساقتىن چىققان قان- قېرىنداشلارنىڭ ئازغىنە پۇل - پۇچەك، مىراس دەۋاسى قىلىشىپ قان تۆكۈشۈۋاتقانلىقىنى؛ ئازراق پۇل تېپىشقا مۇۋەپپەق بولغان تىجارەتچى، سودىگەر بايۋەچچىلەرنىڭ پۇلىغا ئىشىنىپ كۆرەڭلەپ، پۇل خەجلەشتە تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان كېلىدىغان كىشىلەرنى كەمسىتىپ «پىششىق»، «پىخسىق» دەپ ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى؛ تاش يۈرەك ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نارەسىدە باللىرىنى كوچىلارغا تاشلاپ قويۇپ تىلەمچىلىككە سېلىۋاتقانلىقىنى؛ مەسۇمە - مەستۇرىلىكتە نامى بار ئۇيغۇر قىز - چوكانلىرىنىڭ چوڭ شەھەر - بازارلاردا پۇل ئۈچۈن ئۆزىنى بۇزۇپ، ئىشرەتخانىلاردا ۋە ئاللىقانداق يەرلەردە نومۇسسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى؛ نى-نى ئەركەكلەرنىڭ پۇل، يالغان مەنسەپ، ساختا ئابروي ئۈچۈن خۇشامەت ۋە يالاقچىلىق بىلەن ئۆزىنى دەپسەندە قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرىمەن. شۇڭا، مەن دائىم «خەلقىمىز تارىختىن بۇيان ئۆز ئېتىقادىنىڭ جەۋھىرى، ئىنسانلىقنىڭ يۈكسەك چوققىسى بىلىپ تەرغىب قىلىپ كەلگەن، مۇقەددەس ھېسابلاپ چوقۇنغان، داستان تۈزۈپ كۈيلىگەن ئاشۇ چەكسىز مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، قەھرىمانلىق خىسلەتلىرى قېنى؟ خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ غايىۋى مەنزىلگاھى، ئۇلۇغۋارلىقنىڭ مىزانى قىلىپ مەدھىيىلىگەن ئاشۇ مەردلىك، سېخىيلىق، ئۈمىدۋارلىق، چىدامچانلىق خىسلەتلەر قېنى؟ ھەركىم جېنىدىن ئەتىۋار بىلىدىغان، ھاياتىنى، ئىمانىنى سەرمايە قىلىپ قوغداشقا تەييار تۇرىدىغان غۇرۇر ۋە ئادىمىي ھېس - تۇيغۇلار قېنى؟ پۈتكۈل جەمئىيەت بىردەك ئېتىراپ قىلغان، ھەممىدىن مۇھىم بىلگەن ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد يادىكار قالدۇرۇشنى ئۇدۇم بىلگەن نۇرغۇنلىغان

ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلەرچۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ ھەسرەت چېكىمەن. بۇلار ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىمەن. ئويلىغانسېرى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت نۇقتىئىنەزىرىمىز دۈچ كەلگەن نۆۋەتتىكى سىناق گويا مىللەتنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىكتەك، مىللەتنىڭ روھىي تۈۋرۈكىگە سېلىنغان ئۆتكۈر ھەرە تىغىدەك بىلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەن ياتلىشىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە ياشلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا تىرىشىپ، ئېچىنىش ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، ھېچبولمىسا ئەنئەنىگە نەپرەت كۆزىدە قارىماسلىقىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئىلغارلىقتا ئىگە جەۋھەر مەدەنىيىتىمىزدىن ئالدىراپ ۋاز كەچمەسلىكىنى مۇراجىئەت قىلىمەن. «باشقىلارنىڭ ياخشى نەرسىلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كەمتۈك يەرلىرىمىزنى تولۇقلاشقا بولىدۇكى، باشقىلارنىڭ يات، چاكىنا نەرسىلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دەپ چۇقان سالىمەن. مېنىڭ مۆھەببەت مەسىلىسى توغرىسىدا دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە ئىشلىشىم ئەنە شۇ خىل ئىزتىراپلىق روھىي ھالىتىم بىلەن، شۇنداقلا زامانىمىزدىكى ياشلارغا ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر دەپ قارىغانلىقىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

ماڭا ھەممىدىن بەك ئايانكى، بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قىممەت نۇقتىئىنەزىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەنىۋى كرىزىسلار ئاپىرىدە قىلغان قىممەت نۇقتىئىنەزىرى ۋە ياتلىشىشنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىغان. يەنە كېلىپ ئۇلارغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، تەقلىد قىلىنغان

دەرسلەر، ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان نەزەرىيىلەر كۆپرەك سۆزلىنىپ، ئەنئەنىۋى، مىللىي پەنلەر ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسى يېتەرلىك ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، ئۇلار دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان يېڭى، يات نەرسىلەرگە، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرىگە نىسبەتەن ئۇلار پەقەت پاسسىپ ئورۇندىكى قوبۇل قىلغۇچىلار ۋە دورىغۇچىلاردىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئۇلارغا نىسبەتەن يەنىلا قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە، تۇرمۇش قارىشى تېخى شەكىللىنىمىگەن ياكى مۇقىملاشمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ سىرتتىن قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلىرى كۆپرەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردا نىسبەتەن ئايدىڭلاشقان ۋە تۇراقلاشقان مىللىي، ئەنئەنىۋى مۇھەببەت قارىشى، ئائىلە ۋە تۇرمۇش قارىشى بولسا ئىدى، قىسمەن بولسىمۇ تاللاش ۋە شاللاش ئېڭى، مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرۈش قارىشى ۋە ئىقتىدارى بولغان بولاتتى. ئەمما، ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىپ ، بەزىدە مۇۋاپىق پەيتتە ئوقۇغۇچىلارغا ئاز - تولا مۇھەببەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى، بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ساغلام مۇھەببەت قاراشلىرىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى ئۆز مەجبۇرىيىتىم دەپ قارايمەن.

مۇھەببەت — ھاياتلىق ئالىمىنىڭ قۇياشى، ھاياتلىق زېمىنىنىڭ بۇلىقى، گۈزەللىكنىڭ ئانىسى. ئۇنىڭسىز ھاياتلىق ياشىماس، زېمىستانلار ئىللىماس. ئۇ ھاياتقا لەززەت، تەم، ئۈمىد، ئىشەنچ، چىدام، غەيرەت ئاتا قىلىدۇ. ھەرقانداق ئېتىقاد ۋە ئىنتىلىش مۇھەببەتنىڭ خاسىيەتلىك كۈچىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇنداق مەنىۋى قۇدرەتنى،

روھىي كۆچىنى ئەلمىساقتىن بۇيان ھەرقانداق سەنئەت يۈكسەكلەشتۈرۈپ مەدھىيىلىگەن ۋە ئىجادىيەتنىڭ ئوزۇقى، يۇقىرى پەللىسى، ئالتۇن تاجى قىلىپ كەلگەن، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئادىمىيلىك خىسلىتىنى ئۆلچەيدىغان تارازا قىلىپ كەلگەن. ھاياتلىق ئالىمىدە شۇنداق بىر قانۇنىيەت مەۋجۇتكى، ھەرقانداق جانلىقتا مۇھەببەت بولىدۇ. ئىنساننىڭ مۇھەببىتى ئىجتىمائىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك، تۆۋەن دەرىجە بىلەن يۇقىرى دەرىجە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا، ئىنساننىڭ مۇھەببىتى تەربىيىگە ھەممىدىن بەك موھتاج بولىدۇ. مۇھەببەتمۇ بارلىق شەيئىلەرگە ئوخشاش يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولمايدۇ. مۇھەببەتسىز نەپرەت يوق، نەپرەتسىز مۇھەببەت يوق. بۇ خۇددى قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. قاراڭغۇلۇق بولمىسا يورۇقلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. يورۇقلۇق بولمىغان بولسا، قاراڭغۇلۇق ئۇقۇممۇ، شۇنداقلا قاراڭغۇلۇقنى سەلبىيلەشتۈرۈش ئېڭىمۇ بولمىغان بولاتتى. بۇلار بىر- بىرىنى مەۋجۇت قىلىپلا قالماي، بىر - بىرىنى كۈچەيتىدۇ. ئاسمان قانچىكى قاراڭغۇ بولسا، يۇلتۇزلار شۇنچە پارقىراق بولىدۇ. گۈلخان يالقۇنى قانچىكى كۈچلۈك ۋە يورۇق لاۋۇلداپ كۆيسە، ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇقنى ئىلغا قىلماق شۇنچە تەس بولىدۇ.

تارىخ بىر بۈيۈك تراگېدىيىدۇركى، بۇ تراگېدىيىنىڭ سەۋەبكارى دەل مۇھەببەتتۇر؛ تارىخ بىر چوڭ، غەلىتە كومېدىيىدۇركى، بۇ كومېدىيىنىڭمۇ باش - ئاخىرى مۇھەببەت؛ جەننەت نېسى ئەمەستۇركى، ئۇ مۇھەببەت بار جايدۇر. پەرھادنى تاغ كەستۈرگەن نېمە؟ تاھىرنى دەريادا ئاقتۇرغان نېمە؟ ئىپارخاننى چيەنلۇڭ خانغا خەنجەر سالدۇرغان نېمە؟

نۇزۇگۇمنى دار ئالدىدا تىك تۇرغۇزغان نېمە؟ ئادىل ھوشۇرنى بۇ دۇنيادىكى پۇلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزگەن نېمە؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى. ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتسىز، ئۇلۇغۋار ئەل - يۇرت مۇھەببىتىسىز، ھاياتقا، كەلگۈسىگە بولغان چەكسىز مۇھەببەتسىز ئاشۇنداق پىداكارلىقتىن، چىدام - غەيرەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. خەلقىمىز مۇھەببەتنى شۇقەدەر يۈكسەك ئورۇنغا قويغانكى، ئۇ بىر ئىلاھىي ئوت كەبى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمانىي كامىللىقىنىمۇ، ئاجايىپ تەڭداشسىز تەقۋادارلىقى ۋە سوپپەرۋەرلىكىنىمۇ ئۆز يالقۇنىدا ئۆرتىگەن. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ ئەڭنىسىز جىسمىغا مۇز ئۇستىدىمۇ ھارارەت ئاتا قىلغان. ئۇلارنىڭ 400 يىللىق جۇدالىقىمۇ بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمىگەن.

كاككۇك بىلەن زەينەپ ئۆمۈرلۈك ۋىسال ئەييامى تەقەززالىقىدا بىر - بىرىنىڭ نامىنى تىلدىن چۈشۈرمەيدۇ. بۇلبۇل قىزىلگۈل پىراقىدا باغرىنى چاك ئېتىپ ئىشق نەغمىسىنى توختاتمايدۇ. قۇياش ئۇپۇقنى سۆيمەك تەشنالىقىدا ئوتلۇق گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ھەر سەھەر بىر مۇشەققەتلىك سەپەرنى ئىختىيار قىلىدۇ. دۇنيا ئۇنىڭدىن نۇر ئالىدۇ. زىمىستان ئاشۇ نۇردىن ئىللىقلىقا ئېرىشىپ، باھارنى قۇچاقلايدۇ. ئىزغىرىن شاماللار گۈل - گىياھلارنىڭ ھىدىغا قانماي، باغمۇ باغ، گۈلشەنمۇ گۈلشەن سەير قىلىپ تىنمايدۇ. سۇلار چاڭقاق دىللارنىڭ ۋە قۇملۇق زېمىنىنىڭ تەشنالىقى ئۇچۇن ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ، تومۇر - تومۇرلىرىدا ئېقىش بىلەن پاكلىنىدۇ. پاكلىنىش بىلەن مۇقەددەس ئابىزەمزەمگە ئايلىنىدۇ. قۇشلار باھار زەۋقى ۋە ھايات شەۋقى بىلەن ئۆز نەغمىسىنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. يۇلتۇزلار يۈكسەك كائىنات كۆكسىگە بېزەك

بولۇپ، كېچە زۇلمىتىنى ئۆز جىسمى بىلەن يورۇتۇپ، زېمىنغا يورۇقلۇق ئاتا قىلغىنىغا سۆيۈنۈپ، كۆزلىرىنى تىنماي چىمچىقلىتىدۇ. گاھىلىرى تاقەت قىلالماي زېمىن باغرىغا ئۆزلىرىنى ئاتىدۇ. تاغلار كۆك يۈزىنى سۆيۈشكە شۇنچىلىك بوي سوزسىمۇ، تۇپراقتىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئۆز مەشۇقىنىڭ قۇچۇقىدا يانپاشلىنىپ يېتىشىدۇ. شەبنەم دانچىلىرى سەھەر قۇياشنىڭ پارلاق ھۆسنىگە نەزەر سېلىش تەمەسىدە ياپراقلار ئۈستىدە سىمابتەك لىغىرلاپ، تىترەپ تۇرۇپ تاڭنى كۈتىدۇ. كېپىنەكلەر گۈلزارلىق تاماشىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئۆز گۈزەللىكىنى كۆز - كۆز قىلىپ، گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ھارمايدۇ. يەر كۆككە باقىدۇ، كۆك يەرگە باقىدۇ. ئاسمان كۈلسە يەر تەبەسسۇم قىلىدۇ. يەر سوغۇق نەپەس ئالسا ئاسمان ياش تۆكىدۇ. ئاسمان قاپاق تۈرسە، يەر پەرىشان بولىدۇ.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، ئىنسان بالىسى ئۆزىدىكى، تەبىئەتتىكى بۇ سىرلارنى بىلمەيدۇ. ئۇلار مۇھەببەتتىن لاپ ئۇرۇشىدۇ. ئەمما، مۇھەببەتنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار مۇھەببەت دەۋاسى قىلىشىدۇ. بىراق، ئۇنى ئۆزلىرى ئاياغ ئاستى قىلىشتىن ئۇيالمايدۇ. مۇھەببەتنى كۆككە كۆتۈرۈپ، چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن مەدھىيىلىشىدىيۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىز مۇئامىلە قىلىپ ئۇۋال قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. مۇھەببەت ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا، ئەتراپىدا، يېنىدا تۇرسا مۇھەببەت ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشىدۇ. ئۆز ئىلكىدىكى ئەڭگۈشتەرىنى قەدىرلىمەيدۇ.

مۇھەببەت — قەلب ئېتىزىدا ئۆسىدىغان گۈل. ئۇنى ئېچىلدۇرۇپ خۇش پۇراق تارقىتىش ياكى خازان قىلىش ھەركىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئەگەر ئۇنى پەرۋىش قىلىپ ئېچىلدۇرالىساڭ بەختىڭ ئېچىلىدۇ، نامۇشەرىپىڭ چېچىلىدۇ.

ئەگەر سەن ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلالمىساڭ ياكى ئۇنىڭغا قاغا ـ قۇزغۇنلارنى قوندۇرساڭ، ئۇنى نىجىس، ئىپلاس ئايىغلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا يول قويساڭ، ھايۋانلارنىڭ دەسسەپ ـ چەيلىشىگە تاشلاپ بەرسەڭ، ئۇنى ۋاقىتسىز نابۇت قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈڭنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا رازى بولغان، ھاقارەتنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرگەن بولىسەن. ماھىيەتتە سېنىڭ ئىنسانلىقىڭ، ئىنسانىي سۈپىتىڭ خۇنۇكلەشكەن، قەدىر ـ قىممىتىڭ دەپسەندە قىلىنغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭ چەيلەنگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇھەببەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۆزى سېنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىڭنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەڭگۈشتەر بولغان مۇھەببەت مەسىلىسىگە ئەنە شۇنداق يۈكسەك نۇقتىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغان، ھەتتا ئىلاھلاشتۇرۇپ، دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى، ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى يېگانە ئالەم روھى ئاساسىدا چۈشەندۈرىدىغان «ۋەھدەت» تەلىماتىنىمۇ «ئىشق» سۆزىگە يىغىنچاقلاپ، سوفىستىك پەلسەپىنىڭ ۋە سەنئەتنىڭ ئالەمشۇمۇل كاتتا ئىمارەتلىرىنى ئىلاھىي مۇھەببەت شەربىتىنى ئىچكەن پوئىتىك ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن قوپۇرغان. ئىلاھىي مۇھەببەت مۇنداقچە قىلغاندا، سوفىستىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان سەنئەت ئۈنچىلىرى بىلەن، ئەقىل دۇردانىلىرى بىلەن، جۈملىدىن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە شېئىر ـ قوشاق، ناخشا ـ كۈيلىرى بىلەن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلىغان. ئۇنى ساپ، ئالىيجاناب پەزىلەتنىڭ، ھەقىقىي ئىنسانىيلىقنىڭ، چىن ئېتىقادنىڭ ئۇرۇقى ۋە مېۋىسى سۈپىتىدە تەرغىب قىلىپ كەلگەن.

ئېنىقكى، ئادەم ئۈچۈن ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاشنىڭ

ئۆلچىمى ھېسابلىنىدىغان، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتتىن، يەنى ئىنسانىيلىقتىن دېرەك بېرىدىغان مۇھەببەت ھەركىمنىڭ چۈشەنچىسىدە ئوخشاشلا ئۆلچەملەشكەن بولۇشى ناتايىن. خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا، ئۇلارنىڭ فولكلور نەمۇنىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئۆزگىچە خاس مۇھەببەت ئۆلچىمى بار. ئۇنىڭ بىرسى، چىن ھېسسىياتنى، يەنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى ئاساس قىلىش. ھېسسىياتنى ئاساس قىلىش بولسا، ساپ مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چۈنكى، مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە زاھىر ئېتىلىشىگە پەقەت غەرەزسىز ھۆرمەتلەش ۋە سۆيۈنۈش، ياقتۇرۇش ۋە مايىل بولۇش تۇيغۇسى سەۋەب بولغاندىلا، ئۇ پاك بولغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ھەرقانداق مەنپەئەتپەرەسلىك ئېڭى ئارىلاشماسلىقى كېرەك. مۇھەببەتنى ھەرگىز ۋاستە قىلىشقا بولمايدۇ. پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلغان مۇھەببەت مۇھەببەت ئەمەس. ئەگەر مەنپەئەت قارىشى ئۇنىڭغا يېتەكچىلەك قىلىدۇ دەپ قارالسا، ئۇ قارشى تەرەپنىڭ ياكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئەتى بولۇشى كېرەككى، مەلۇم بىر تەرەپنىڭ شەخسىي، ئۆزۈمچىل مەنپەئەتى بولماسلىقى كېرەك.

يەنە بىرى، مۇھەببەت ساداقەت دېمەكتۇر. ھېس - تۇيغۇ تۇراقسىز بولىدۇ. مۇھەببەت ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى بولغانىكەن، ئۇنىڭ تۇراقسىز بولۇشى تەبىئىي. بىراق، ئىنسان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە مەخلۇق بولغاچقا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى ئىچىدە بەلگىلىك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى ئۇستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەجبۇرىيىتى ئەخلاقىي، دىنىي، قانۇنىي ۋە ۋىجدانىي نۇقتىلاردىن بەلگىلەنگەن ۋە كاپالەتلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ خىل كاپالەتلەر تاكامۇللىشىپ مەدەنىيلەشكەن ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسىدا

دېموكراتىيىلەشكەن جەمئىيەتتە مۇھەببەت ئەھلى ئۈچۈن ساداقەتنى ئىنسان مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۆلچەم قىلىش، يەنى ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىش چەندان ئىلغارلىق سانىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق تەشەببۇس خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئەنئەنىلىك قاراشلار ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇھەببەت داستانلىرىدىكى ئاشىق-مەشۇقلارنى ساداقەتمەنلىكنىڭ سىمۋولى قاتارىدا چۈشىنىش، ئۇلارنى ساداقەتمەنلىكنى چەكسىز بىر باسقۇچقا كۆتۈرگەن قاتاردا تەھلىل قىلىش ئەنە شۇ داستانلاردا ئىزچىللاشقان باش تېمىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئۈچىنچى بىرى، مۇھەببەت سەۋر - تاقەت دېمەكتۇر. خەلق ئەدەبىياتىدا ھىجران، جۇدالىق دەردى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان سەھىپە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇلار مۇھەببەت ئەھلىنىڭ سەۋر-تاقىتىنى سىنايدىغان ۋە مۇھەببەتنى تاۋلايدىغان ئوچاق. ساداقەتنى ۋايىغا يەتكۈزىدىغان زۆرۈرىي جەريان. مۇشكۈلات ۋە قاتمۇقات سىناق ئىچىدە مۇرەككەپ روھىي كەچمىش ھەمدە ئىچكى چېنىقىش ئارقىلىق سەۋر - تاقەتنى، چىدامچانلىقنى ۋە شۇ ئارقىلىق ساداقەتنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ۋەقەلەر سەنئەت مىراسلىرىمىزدا كۆپ ئۇچرايدىغان قەدىمىي مۇتىفلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق مۇتىفلار ساداقەتمەنلىكتىن ئىبارەت مۇھەببەتنىڭ ئاساسلىق ئۆلچىمى بولغان ئالىي پەزىلەتنى ئوبرازلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھنە ھازىرلاشقا خىزمەت قىلىدۇ. «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر»، «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەنلەر مۇھەببەتنىڭ ھاياتىي كۈچى بولغان سەۋر - تاقەت ھەققىدىكى دۇردانە سۆزلەردۇر. مۇھەببەت ئەھلىگە نىسبەتەن سەۋر - تاقەت پەزىلىتى، ئۈمىدۋارلىق خىسلىتى ئوخشاش بىر نۇقتىدا مىزان ئېتىلگەن.

يەنە بىر مىزان شۇكى، مۇھەببەت ئۆز نۆۋىتىدە نەپرەت دېمەكتۇر. مۇھەببەتسىز نەپرەت بولمىغىنىدەك، نەپرەتسىز مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ. بۇلار بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ. سۆيگىنىڭگە بولغان ئوتتەك مۇھەببەت مۇھەببەت كۆشەندىلىرىگە بولغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرەتنىڭ مەنبەسى بولىدۇ. سېنىڭ مۇھەببەتلىك بولالىشىڭ رەقىبلىرىڭگە نىسبەتەن شۇنچە نەپرەتلىك بولالىغىنىڭنىڭ مەھسۇلى. بۇ ئىككى قارىمۇقارشى ئۇقۇم بىر - بىرىنى شەرت قىلغان، بىر - بىرىنى رىغبەتلەندۈرگەن ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسان ئۇچۇن ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە ياكى ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ مەنىۋى يوقىتىشى ۋە ياكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋقەسىز رەۋىشتە خەتەرلىك يۈنىلىشكە قاراپ مېڭىپ كېتىشى دەل ئىنساندىكى مۇھەببەت - نەپرەت تۇيغۇسىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە سۇسلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ بىز قۇۋۋەتلەۋاتقان ھاياتلىقنىڭ قۇياشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيىسى بولغان ساپ، ئالىيجاناب مۇھەببەت پەرىشتىسىنىڭ كۆزىنىڭ كور بولغىنىغا، ئەقلىنىڭ بۇلغانغىنىغا، بىھوشلانغىنىغا ياكى ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىغا، ھېچبولمىغاندا قاناتلىرى يۇلۇنۇپ، بوغۇچلانغىنىغا ئوخشاش بىر ئەھۋال. مۇشۇ نوقتىدىن خەلقىمىز تاجاۋۇزچىلارغا بولغان چەكسىز غەزەپ - نەپرەت ۋەتەنگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببەتتىن تۇغۇلىدۇ، زۇلمەت قانچە كۈچلۈك بولسا يۇلتۇزلار شۇنچە يورۇق چاقنايدۇ، دېگەنگە ئوخشاش پەلسەپىۋى قاراشلارنى يەكۈنلەپ چىققان.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇھەببەت تەقدىم قىلىش، بېغىشلاش دېمەكتۇر. مۇھەببەتتە پىداكارلىق، ئۆزىنى بېغىشلاش دېگەنلەر ئاشىق ئۇچۇن ئالىي ھىممەت ۋە ئىخلاسمەنلىكنىڭ يوقىرى

چېكى سانىلىدۇ. بۇنداق بىغەشلاش ۋە چەكسىز ھىممەت كۆرسىتىش پۈتۈنلەي خالىسلىقتا تايانغان بولۇپ، ھەرقانداق شەخسىي تەمە ۋە شەخسىي غەرەزدىن خالىي بولغان بولىدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىق، بىراۋغا تەقدىم ئېتىلگەن مۇھەببەت ئۆزى ئۈچۈن زور خۇشاللىق، مەمنۇنىيەت ۋە روھىي توقلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە» دېگەننىڭ ئىجابىي تەرىپىنى مۇشۇ ئەھۋالغىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن. ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىدىن رازى بولۇشى، ئۆز - ئۆزىدىن سۆيۈنۈشى ياكى ئۆز - ئۆزىگە بولغان رازىمەنلىك تۇيغۇسى جەننەت مېۋىسىدىن شېرىن، ھۆر- پەرىنىڭ بۆسىسىدىن تاتلىق بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنى سۆيۈش ماھىيەتتە ئۆزىنى سۆيۈشكە باراۋەردۇر. باشقىلارنى رازى قىلىش ئۆزىنى رازى قىلىشقا ئوخشاشتۇر. باشقىلار ئۈچۈن جان پىدا ئەيلەش، ئۆزگەدىنىدىكى تاغدەك ئېغىر يۈكنى — گۇناھ تۇيغۇسى ياكى خىجىللىق ئىزتىراپلىرىنى بىر يولىلا ئىرغىتىپ تاشلاپ، پەرىشتىلەركەبى پاكلانغان روھ بىلەن ئەرش تامان پەر قېقىپ ئۇچۇپ كەتكەندەك بىر خاسىيەتلىك ئىشتۇر. بۇنداق روھىي ئازادىلىك ۋە ئىلاھىي پاراغەتنى ئۆز- ئۆزىنى رازىمەنلىك بىلەن تەقدىم قىلىش شاراپىتىگە مۇيەسسەر بولغان چىن مۇھەببەت ئىگىلىرىلا ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. كېچە - كۈندۈز ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانغىمۇ كۆزى قىيمايدىغان، كۆڭلى گۆرىستاندىن پەرقلەنمەيدىغان ئادىمىي ھايۋانلار بۇنى نەدىن بىلسۇن!

بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز مۇھەببەتنى ھېچقاچان جىسمانىي جەھەتتىكى بىردەملىك ھۇزۇرلىنىشنىڭ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋېلىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارىغان ئەمەس. ئەكسىچە،

ئۇنى ئىككى روھنىڭ يۈكسەك بىر نۇقتىدا قوشۇلۇشى، ئىنسان روھىنى پاكلايدىغان، مەنىۋى كامالەتكە باشلايدىغان مۇقەددەس نەرسە؛ ئىنسانىي ئىنسانىي سۆيەتكە، ئىمانىي كامىللىققا نائىل قىلىدىغان مەنىۋى قۇۋۋەت دەپ تونۇپ مەدھىيىلىگەن. ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ھاياتبەخش شەربىتىدىن قانغۇچە ئىچىپ، ھۆرمەت تەختىدىن، سەنئەت گۈلشىنىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان سانسىزلىغان چىن ئىنسانلار شەنىگە داستانلار توقۇغان. شۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارغا ھاياتنىڭ مەنىسىنى، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇتقان ۋە بۇ ھەقتە ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان پەند - نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

نۆۋەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاق دۇچ كەلگەن كىرىزىسلار، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىشلار ياشلىرىمىزنىڭ ساغلام مۇھەببەت قارىشى تۇرغۇزۇشىغا زور تۇسالغۇ پەيدا قىلماقتا. جۈملىدىن ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى ياشلار ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشى بىلەن ئۆگىنىش، كەسىپ، خىزمەت مەسىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، تېڭىرقاش، روھىي ۋە جىنسىي پاركەندىچىلىك ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدىغان، بەكمۇ تەستە ئېرىشكەن ئوقۇش پۇرسىتىنى ئويۇن - تاماشىلارغا تېگىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ زىيىنىنى جەمئىيەتكە چىققاندا تارتىدىغان ئەھۋاللار ئېغىر بولماقتا.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك تەرەققىيات جەھەتتىن مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولىدۇ. ئۇلارنى قانۇن، بەلگىلىمە ئارقىلىق مۇھەببەتلىشىشتىن چەكلەش ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ جەھەتتىكى بىردىنبىر ئىلمىي تەربىيە ئۇسۇلى، ئالىي

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توغرا، ساغلام مۇھەببەت قارىشى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. ھازىر كېلىپ چىقىۋاتقان ئەخلاقىي مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ مۇھەببەتنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، مۇھەببەتكە نىسبەتەن توغرا تونۇشتا بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىغانلىقتىن، شۇنداقلا مۇھەببەتتىن ئىبارەت مۇنداق بىر سىرلىق، قۇدرەتلىك، مەنىۋى، پسىخىكىلىق ھادىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالغا بېسىشىدىكى تۈرتكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆزلىرىگە توسالغۇ - پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلىقتىن كېلىپ چىقماقتا. ئۇلار ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە مۇھەببەت يولىغا يەڭگىللىك بىلەن قەدەم قويۇشىدۇ. ئۇنى ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆرىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۈچۈن مۇھەببەت دېگەن خۇددى بىر تال تاماكىنى چېكىپ، خۇمارى چىقسىلا تاشلىۋەتكەندەكلا بىر ئىش. ئەگەر خالىسا شوراپ ئىچىگە ئېلىپ پۇۋلەيدۇ، خالىمىسا بىر - ئىككى تارتىپ تاشلايدۇ. دېمەك، بىر ئادەمنىڭ قەلب ھېسسىياتى بىلەن ئوينىشىدۇ.

گەرچە مۇھەببەت شۇنچىلىك مۇقەددەس، دەخلىسىز ھېسسىيات بولسىمۇ، شەيتانغا يېقىن نەرسە. شەيتان ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئىنساننىڭ ھېسسىياتقا بېرىلىشىدىن ئىبارەت بۇنداق ئاجىزلىقى شەيتاننىڭ ئىنساننى يولدىن چىقىرىشتا پايدىلىنىدىغان بىردىنبىر ئەپچىل كوزىرىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى ئىنساننىڭ تۇپراق تەبىئەتلىك، شەيتاننىڭ ئوت تەبىئەتلىك بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاچقا، ئىنسان ھەرۋاقىت ئۆزىگە ئاگاھ بولۇشى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى كەمچىلىكىنى ئەقىل جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن تولۇقلاپ تۇرۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ئازراق بولسىمۇ ئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان،

ھېسسىياتقىلا ئەمەس، ئەقىلگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغان بىر پەزىلەت بولسا ھەقىقەتەن ياخشى بولغان، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋە ئاتا - ئانىلارنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزگەن بولاتتى. ھازىرقى ياشلىرىمىزدا دەل مۇشۇ خىل خىسلەتنىڭ كەملىكىدىن ئالىي مەكتەپ ھاياتىنىڭ مۇھەببەتلىشىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەيدىغان، مۇھەببەتنى ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە كەلگۈسى پىلانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلالمايدىغان ئەھۋاللار بەك ئېغىر بولماقتا.

يەنە بىر ئېغىر ۋە ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان مەسىلە شۇكى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىز مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى تولىمۇ پاخاللاشتۇرۇپ، ئۆز- ئۆزىنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇلار خەلقىمىز جېنىدىن ئەتىۋار بىلىدىغان، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىدە ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن: ئىنساننىڭ ھەقىقىي ھۆسن - جامالى دەپ تەبىر بېرىلگەن ئەدەپ - ئەخلاق، ھايا - نومۇس دېگەنلەرنى ئانچە مۇھىم بىلمەس بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى زامانلاردا ياشلار ئوچۇق- ئاشكارا مۇھەببەتلىشىشتىن ئۇيىلىدىكەنمىش. شۇڭا، مۇھەببەتلىشىش ئادەتلىرى ئىچىدە «ئېرسالنەمە» يوللاش، گۈلدەستە تەقدىم قىلىش، چىلتەكلىك قولياغلىق سوۋغا قىلىش قاتارلىق تولىمۇ ئىززەت - ئىكراملىق، ھۆرمەت - تەۋززۇلۇق ۋە شېئىرىي تۇيغۇغا باي قائىدە - يوسۇنلار بولغانىكەن. بۇنداق ئادەتلەرنى ئەدەپ - ئەخلاق نۇقتىسىدىن ھەرگىزمۇ فېئودالىزم شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن قالاق ھادىسە دېيەلمەيمىز. مەيلى قايسى زاماننىڭ بولسۇن، ساغلام، ئىلغار، پايدىلىق، گۈزەل بولسىلا ئۇنى ئەھمىيەتسىز ھېسابلىساق بولمايدۇ. دەرۋەقە، ئىنتېرنېت تېخنىكىسى ئومۇملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەت يېزىشىپ مۇھەببەتلىشىڭ، ئادەم بار

يەردە كۆرۈشمەك، ئاخشاملىرى شورىلاردىن ئاتلاپ، تاملاردىن سەكرەپ مۇھەببەتلىشىشنىڭ دېمەكچى ئەمەسمەن. زامانغا خاس مۇھەببەتلىشىش ئۇسۇللىرىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىش تەرىپىدىمۇ ئەمەسمەن. مەيلى سىز قانداق ئۇسۇلنى تاللاپ مۇھەببەتلىشىڭ، خەلقىمىز كۆچەپ تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن شەرم - ھايا، باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىش دېگەنلەر مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆسن - جامال مىزانى بولالايدۇ. ئۇلار سىزنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا، ئەركىن مۇھەببىتىڭىزگە تېخىمۇ سۈلكەت، نازاكەت ۋە جەلىبكارلىق ئېلىپ كەلسە كېلىدۇكى، ھەرگىزمۇ سىزنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ. ئەكسىچە، سىزنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىڭىزنى ساقلايدۇ. سۆيگىنىڭىز ئالدىدا تېخىمۇ قەدىرلىك قىلىدۇ. مۇھەببىتىڭىزنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ. پەرزەنتىڭىزنى ئىناقلىقنىڭ ۋە بەختنىڭ ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ.

ياشلىرىمىزدا شۇنداق بىر بىنورمال ئەھۋال مەۋجۇتكى، ئۇلار قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەمگەرچىلىككە مۇۋاپىق ئەخلاقىي چۈشەنچىلەرنى، ئىش - ھەرىكەتلەرنى كونىلىق ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە يارىشىدىغان، كىشىگە ھۆسن ئاتا قىلىدىغان، ھۆرمىتىنى، قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان پايدىلىق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دەۋرىمىزدىكى مائارىپ تەربىيىسىنىڭ ئاجىز ھالقىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلار بىزگە ئىنقىلاب قىلىش قىزغىنلىقى داۋامىدا تاشلىنىپ قالغان ئەنئەنىۋى ئەخلاق تەربىيىسىنى قايتىدىن كۈچەيتىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر تەرەپ.

مېنىڭچە، ئادەملەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ. پايدىلىق نەرسىلەر نۇرغۇن ئىجابىي تەجرىبىلەرنىڭ

توپلىنىشى نەتىجىسىدە تەدرىجىي توپلىنىپ ۋە ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلگەن نەرسىلەر ئىچىدىن ئىبارەتتۇر. يېڭى نەرسىلەر تېخى مۇنداق سىناقتىن ئۆتمىگەن بولىدۇ. شۇڭا، يېڭىسىدىن كونىسىنىڭ ئىشەنچلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى تەمسىل سۆزلەر ئاساسسىز بولمايدۇ. زىيانلىق يېڭى نەرسىدىن پايدىلىق كونا نەرسە ياخشى دېيىش مېنىڭ مىزانىمدۇر. كونا پايدىلىق نەرسىلەرنى يېڭى پايدىلىق نەرسىلەرگە ئايلاندۇرغاندا ياكى ئىككىسىنى قوشقاندا، تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەرنىڭ مەيداغا چىقىشى تەبىئىي.

مەن ياشلارغا تەۋسىيە قىلىمەنكى، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىبلىس ئاتلىق بىر كۆشەندەڭلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار. سىلەر مەھلىيا بولغان نۇرغۇن تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال نەرسىلەر سىلەر بىزار بولغان ياكى ئاللىقاچان تاشلىۋەتكەن تەبىئىي، ساپ، تونۇش ئۆز نەرسىلىرىڭلاردەك سىلەرگە مەنپەئەت، ۋاپا قىلالىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇھەببەتلىشىشتە ماڭىدىغان، سىلەرنىڭ غايىۋى، خىزىر سۈپەت مەدەتكارلىرىڭلار بولغان يەتتە ئاشىق - مەشۇق ئاچقان ۋە گۈللەرگە پۈركەنگەن تېخىمۇ پارلاق ۋە ئۇلۇغۋار بىر يول مۇ بار.

2000- يىل قەشقەر



# چۆچەكتىن چۆچەككە

بۇ ماقالىنى يېزىشىمغا دوكتور نەبىجان تۇرسۇننىڭ «موسكۋا خىياللىرى» دېگەن ماقالىسى سەۋەب بولغان ئىدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتا مەن نەبىجاننىڭ خەلقىمىز ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىدىن قانچىلىك پەخىرلەنگەن بولسام، ئۇنىڭ بارلىق ئەقلى ئويغاق قېرىنداشلىرىمغا ھەقىقەتەن ياخشى بىر ماقالە تەقدىم قىلغانلىقىدىن شۇنچىلىك سۆيۈنگەن ئىدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ ھاياجاندىن تۇغۇلغان پىكىر-خىيالىم ئۆز لاياقەتسىزلىكىم ئۈستىگە مەركەزلىشىپ، يېزىشنى مانا مۇنداق باشلىدىم:

مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. 10 نەچچە يىلدىن بۇيان مائارىپ سېپىدە ئوقۇتۇش، ئادەم تەربىيىلەش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىمەن. مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا ئۆز سالاھىيىتىمگە مۇناسىپ ھالدا ئۆز كەسپىمنى تىرىشىپ پۈختىلاپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنى روھىي چاڭقاق، بىلىمگە تەشنا ياشلارغا ئۆگىتىش بىلەن ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىشقا تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن. مەن مۇشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك بىر خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغىنىمدىن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىشقا ھەقلىقمەن، دەپ ئويلايمەن. بەزىدە بىر خىل شان-شەرەپ تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلەپ تارتقان

جاپالىرىمنى، ئۇچرىغان نامۇۋاپىق مۇئامىلىلەرنى، پاسىق كىشىلەردىن كۆرگەن ھاقارەت - خورلۇقلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىمەن. ئوقۇتقۇچى بولغانلىقىم سەۋەبلىك، ئۆمرۈمنىڭ ھەرھالدا بىر قىسىم ھارامخورلارغا قارىغاندا مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن قانائەتلىنىپمۇ قالىمەن تېخى. بىراق، ئىنساندا مەڭگۈ قانائەت دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ. قانائەت بولغاندىمۇ، ئۇ دائىملىق بولمايدۇ. مەن كۆپ ھاللاردا يەنىلا ھەسرەت چېكىمەن. چۈنكى، مەندە تالاي ئارزۇ - ئارمانلار، ئۇلۇغۋار غايە - ئىستەكلەر بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ غايە - ئىستەكلەرنىڭ ھەممىسى رېئاللىقا ئايلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر غايە - ئىستەك سۈپىتىدە قەلبىم ئۆيىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. بۇنداق تۈيغۇنىڭ ئادەمنى ھەسرەتلەندۈرۈشى تۇرغان گەپ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن مەن تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆز خىزمىتىمدىن رازى بولمايدىغان، ئۆزۈمنى ئىقتىدارسىز ھېسابلايدىغان، ئىرادىسىزلىكىمدىن، ھۇرۇنلۇقۇمدىن ئاغرىنىپ ئۆز- ئۆزۈمنى ئەيىبلەيدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنداق پىسخىك ھالەت گەرچە ئۆزۈمگە تەلەپنى ناھايىتى قاتتىق قويغانلىقىمدىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئالغا بېسىشقا، ئىجادچانلىققا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا، مەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز - ئۆزۈمدىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردىمكى، مەن ھەقىقەتەن لاياقەتسىز بىر ئادەم ئىكەنمەن. زىيالىي، ئوقۇتقۇچى دېگەنناملارغا مۇناسىپ كەلمەيدىكەنمەن.

كاللامدا ھەر ۋاقىت تەشۋىشلىك ئويلار، ئىزتىراپلىق خىياللار، ئېغىر، چىگىش سوئاللار. بۇلار مېنى قىينايدۇ. تېڭىرقاش، مەڭدەش ئىچىدە ئۆمرۈمنىڭ خېلى مۇساپىسىنى

ھېچ نام ـ نىشانسىز بېسىپ تۈگەتتىم. چاچلىرىم بىمەھەل ئاقىرىشقا باشلىدى. جۇشقۇن، ئىنتىلىشچان ياشلىق باھارىم خازان پەسلىگە يېقىنلاشتى. مۇھەببەت گۈللىرىنىڭ قانچىلىك خۇش پۇراق تارقاتقانلىقىنى، ئۆمۈر دەرىخىمنىڭ قانچىلىك مېۋە بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئازابلىق دەقىقىلەر بارغانسېرى قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، خۇشال مىنۇتلارنىڭ ئۈستىگە قارا سايە تاشلاشقا باشلىدى. مۇشۇنداق چاغلاردا بالىلىقىمنى ۋە رومانتىك تۈيغۇلارغا باي ئالىي مەكتەپ ھاياتىمنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالىمەن.

بالىلىق دەۋرىم خىيالچان ۋە خىيالغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئاسمىنى كەڭرى سەھرا قۇچىقىدا، سەبىي ئارزۇ ـ ئىستەكلەر ئىلكىدە ئۆتكەن ئىدى. ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىممۇ ھەر ھالدا زېرىكمەي كىتاب ئوقۇش، شېرىن خىياللار دېڭىزىدا رومانتىك ھېس ـ تۈيغۇلارغا غەرق بولۇپ، مۇڭلۇق ۋە لىرىك مىسرالارنى تۈزۈش بىلەن ئۆتكەن ئىدى. دائىم ۋەتەن، مىللەت دەپ چۇقان سېلىپ؛ ۋەتەن، مىللەتنىڭ شەرەپلىك ھەم قان ـ ياشلىق تارىخىي مۇساپىلىرىنى ۋاراقلاپ؛ يەنە تەگسىز خىياللارغا چۆكۈش بىلەن ئۆزۈمنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇلۇغۋار ۋە پارلاق تۇستە بېزەپ؛ ئىجادىيەتتە يۈكسەك بىر پەللىگە يېتىش ئۈچۈن مەنىۋى ھازىرلىق كۆرگەن ئىدىم.

ئەنە شۇنداق رېئاللىقتىن ئايرىلغان، ماددىي ۋە ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتتىن، ئەمەلىي ئىمكانىيەتلەردىن مۇستەسنا ھالدا تۈزۈلگەن پىلانلار جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشۇم بىلەن بىر ـ بىرلەپ بۇرنىغا يېيىشكە باشلىدى. «ئۆيدىكى بوداق بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دەپ، رېئاللىق ھەدېگەندە مەن بىلەن سىغىشالمىدى. مېنىڭ كىتابىي دۇنيايىم بىلەن رېئال دۇنيا

ئوتتۇرىسىدا غايەت زور ھالقا پەيدا بولۇپ، مېنى تالاي سىناق ۋە ئىمتىھان، ھەتتا دۇئېل مەيدانلىرىغا ئېلىپ چىقتى. رېئاللىق بىلەن خىيال ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە مەن ھەرقانچە تىركەشكەن بولساممۇ، ئاستا ـ ئاستا رېئاللىق، ۋاقىت مەندىن غالىب كېلىپ، ئۆز تەشەببۇسكارلىقىمنى يوقىتىشقا باشلىدىم. رېئاللىق ھەقىقەتەن رەھىمسىز ئىدى. ئۇ مەندەك كۆڭۈلچەك، ساددا، ھېسسىياتچان، گۈل، باغرى يۇمشاق ۋە بىرنى بىر دەپ تۇرۇۋالىدىغان بىر ئادەمگە قىلچە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىدى. مەن نېمىشقىمۇ بۇنداق ئاجىز، تەبىئىتى نازۇك، تۈز ۋە چۈرۈك بولۇپ يارىتىلغان بولغىيدىم: نېمىشقىمۇ ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، رەھىم ـ شەپقەتلىك، ئادىل، ئىنساپلىق، مۇرۇۋۋەتلىك بولۇشنى سۆزلەيدىغان كىتابلارغىلا بېرىلىپ، ئۇشبۇ دۇنيانىڭ ناز ـ كەرەشمىلىرىگە، ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ۋە تۈمەن خىل تاپان تۇزاقلىرىغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگەتمەيدىغان كىتابلارغا سەل قارىغان بولغىيدىم. مېنى يېتەكلىگەن ئۇستازلىرىم، مېنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن خەۋەردار قىلىشنى خالىماي، قانداقتۇر پەرىشتىلەر ئالىمىنىڭ سىرلىق، يېقىملىق چۆچەكلەر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇ يەردە مېنى پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرسۇن دېگەنمىكىنە، دەپ پىچىرلىدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە. ئاھ! كىم ئاق كۆڭۈل، ناتىۋان، باش پاناھسىز، غېرىب ـ غۇرۋا، يالاڭتۆش، قوڭالتاق بولسا، ئاخىر بايلىققا، بەختكە، پادىشاھلىق سەلتەنەتكە مۇيەسسەر بولىدىغان چۆچەكلەر دۇنياسى!

مەن چۆچەك ئىچىدىن چىققاندىن كېيىن، زامانىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئىگىلەشكە باشلىدىم. بىر مەزگىل قېرىشىپ، تىركىشىپ، نەپسىمنىڭ قىستىشى بىلەن ئاخىر كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر يولنى تاللىدىم. ئۇنى

بىردىنبىر ئاقىلانە يول دەپ پەتىۋا توقۇپ، ئۆز - ئۆزۈمنى پەردازلاشقا ئۇرۇندۇم. ئىنسان نېمىگە كۆنمىگەن. شۇنداق قىلىپ مەنمۇ كۆنۈپ قالدىم. بۇ خۇددى دارۋىننىڭ «تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى» دىكى تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ بىر مىسالى ئىدى. مەن تەدرىجى تەرەققىياتىم جەريانىدا ماسلىشالىغىنىم ئۈچۈن ھايات قالدىم. بىراق، يېڭى بىر تۈر بولۇپ شەكىللەندىم. مېنىڭ ئۆز- ئۆزۈمدىن رازى بولماي، ئۆز- ئۆزۈمنى تۆۋەن كۆرۈپ ھەسرەت يۇتۇپ يۈرگىنىمنىڭ سەۋەبى، ئەنە شۇ ئەسلىدىكى ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغانلىقىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

بىراق، ئۆزۈمنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىم جەريانىدا، چۆچەكلىرىم ئىچىدىن چىقىپ، يېڭى بىر تۈر بولۇپ شەكىللەنگىنىمدىن مەن ھەقىقەتەن رازى بولمىدىم. چۈنكى، مەن ئەسلىي ئۆزۈمنى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇنى سۆيەتتىم. ئۇنى ماڭا تەڭرى ئاتا قىلغان ئىدى. چۆچەكچى مومام، تەربىيىچىلىرىم ئۇنى ماڭا تونۇتقان ۋە مېنى چۆچەك ئىچىگە ئۇلار ئېلىپ كىرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن يەنىلا كېيىنكى بىر تۈر بولۇپ قالدىم. سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەسلىدە مەن ئادەم بولغان بولسام، ھازىر مەن نېمە؟ ئەگەر مەن ھازىر رەسمىي ئادەم بولغان بولسام، ئۇ ھالدا بۇرۇن مەن نېمە ئىدىم؟...

شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئاختۇرۇپ چىقتىم. دەرۋەقە، مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ سۆيۈملۈك، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك دەپ قارالغان نۇرغۇن نەرسىلەر مەندىن يىراقلاپ كېتىپتۇ. بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ماڭا تېخى بۇلغانمىغان مۇقەددەس ئانا تۇپراق، مۆجىزىلىك ئانا تەبىئەت ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ تەكلىماكانغا تۇتاش كەتكەن سەھرا- جاڭگاللىقلاردىن كۆكلەپ چىققان تەبىئىي، ساپ، شوخ، تېتىك، ئوچۇق- يورۇق مىجەز -

خاراكتېر ئىدى.

كېسەل قاپلىغان روھىي ھالىتىم بىلەن زەئىپ تېنىم، ئىچىش ۋە چېكىشتىن خۇنۈكلەشكەن چىرايىم ۋە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس شولا تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرىم مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمدىن دېرەك بېرىدۇ. مەن ھايات ئىكەنلىكىمنى خىرە - شىرە ھېس قىلىمەن. ئەمما، باشقىلارغا ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. مەن نېمە بولدۇم؟ مەن نېمىگە ئايلىنىپ قالدىم؟

مەن پەقەت شۇنىلا بىلىمەن: مەن بىر ئادەم. مەن بىر ئوقۇتقۇچى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. مېنىڭ ئالدىمدا ۋەتەنىمنىڭ، مىللىتىمنىڭ كەلگۈسى ھېسابلانغان ساناقسىز گەۋدىلەر، جۈپ - جۈپ قارا كۆزلەر. بۇ گەۋدىلەر كۈندىن - كۈنگە زورايماقتا. بۇ كۆزلەر تېخىمۇ نۇرلانماقتا يوق، بارغانسېرى خۇنۈكلەشمەكتە. مېنىڭ ئالدىمدا ۋەتىنىمنىڭ، مىللىتىمنىڭ شانلىق تارىخى؛ يۈلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان باتۇر ئوغلانلارنىڭ بۈيۈك سىيماسى؛ مەرىپەت مەشئەللىرىنىڭ، ئۇلۇغ زاتلارنىڭ قەيسەر، ئىجادچان، ئۈمىدۋار پەزىلەتلىرى مۇجەسسەملەشكەن بىر تالاي كىتاب دۆۋىلىرى. ئۇلارنى چاڭ - توزان باسقان. چاشقانلار غاجاپ ھالىنى قويمىغان. مېنىڭ ئالدىمدا يەنە ئەقىل- پاراسەت، ھېكمەت ۋە نەسىھەت خەزىنىسى بولغان مول فولكلور مىراسلىرى. ئۇلارغا قەھرىمانلارنىڭ سەلتەنەتلىك ئىش- ئىزلىرى، پاراسەت ئەھلىنىڭ سەنئەتلىك كەشپىياتلىرى، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ پالاكەتلىرى بىلەن ئامەتلىرى، ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ ئۆچمەس مەدھىيىنامىسى، ئەقىلنى لال قىلىدىغان مۆجىزىلەر كانى، دانىشمەنلەرنىڭ ئۈگۈت - نەسىھەتلىرى خاتىرىلەنگەن. بىراق، مۇگدەك باسقان خۇنۇك كۆزلەر؛ غەمكىن، خاراموش ۋە ھېچبىر ئىپادىسىز چىرايلار؛ بىپەرۋا، سوغۇق

نەزەرلەر؛ ھەرتەرەپكە قىيسايغان گەۋدىلەر ھەر دائىم مېنىڭ تەشەببۇسكارلىقىمغا، قىزغىنلىقىمغا زەربە بېرىپ، مېنى بازىرى كاساتلاشقان بىر ئەخمەق مەدداھقا ئوخشىتىپ قويىدۇ. ئېغىر ئۇھ تارتىمەن. ئارىلاپ - ئارىلاپ تاشلانغان سوئاللار، ئاندا - ساندا شولا چاچىدىغان تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى مېنى ئاجايىپ روھلاندۇرۇپمۇ قويىدۇ. مەن ئەنە شۇ روھلىنىشنىڭ بەرىكىتى بىلەن جېنىمغا جان، غەيرىتىمگە غەيرەت قوشۇپ ئۆز خىزمىتىمگە بەند بولىمەن.

مەن خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان، بارلىقىمنى ئوقۇتۇشقا ئاتىدىم. يارامىلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەش، خەلقىمنى ئاقارتىش، ئۇلاردىكى ئىنتىپاقسىز، چۇشكۇن، بىپەرۋا، قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دەرسخانا مۇنبىرىدىن پايدىلىنىپ، بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلىشنى ئۆزۈمگە ئەڭ ئالىي غايە قىلىپ تاللىۋالدىم. مەن مۇشۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تىرىشتىم. ۋاقتىمنى، زېھنىمنى مۇشۇ يولدا سەرپ قىلدىم. ھېلىھەم شۇ يولدا تەر تۆكۈپ كېتىۋاتىمەن. ئەپسۇس، يەنە ئەپسۇس، مەن قىلغان ئىشلىرىمدىن زادىلا قانائەت ھاسىل قىلالمىدىم. مەقسەت دوقمۇشى كۆزۈمگە كۆرۈنمەي تۇرۇپلا، كونا رەقىبىم بىلەن تار يولدا ئۇچرىشىپ قالدىم، يەنى جاھىل مىجەزىم تۇپەيلى رېئاللىق بىلەن يەنە تىركىشىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن كۆزلىگەن مەنزىللەر مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، مەنمۇ ئالدىمغا ماڭماي، ئەكسىچە كەينىمگە كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. مەن زادى ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋاتامدىمەن ياكى كەينىمگە قاراپ كېتىۋاتامدىمەن؟ مانا بۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مېنى قىيناۋاتقان بىر سوئال بولۇپ قالدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولغان «موسكۋا خىياللىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ماڭا ئەنە شۇ قىيىن

سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۇچۇن يېزىلغاندەكلا تۇيۇلدى. مەن ئۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋالدىمكى، مەن ھېچنېمە بولماپتىمەن. مەن يەنە چۆچەك ئىچىگە كىرىپ قاپتىمەن. چۆچەك بىلەن كۆز ئالدىمدىكى بۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدە ھېچقانداق زىتلىق، قارىمۇ قارشىلىق ۋە ياكى ئۇزۇن مۇساپە يوق ئىكەن، ھەتتا بۇ ئىككى دۇنيا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىكەن. مېنىڭ ئۆز بۇرچۇمنى تونۇپ يەتكىنىم چۆچەككە ئايلانغىنىم، ئويغاق يۈرگىنىم چۆچەككە كىرگىنىم؛ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىنىم ياكى ئۇخلاپ ياتقىنىم بولسا، بۇ دۇنياغا قايتا كېلىشكە تەييارلانغىنىم ئىكەن.

چۆچەك مېنىڭ ماكانىم. چۆچەك خىياللار دۇنياسى. مەن چۆچەك ئىچىدە تۇرۇپ خىياللار كۆكىدە سەير ئېتىمەن. ئېزگۈ خىياللار مارجان بولۇپ بوينۇمغا ئېسىلغان. مارجانغا ئايلانغان خىياللار تىزمىسىغا شۇنداق بىر يىپ ئۆتكۈزۈلگەنكى، تارىخ — ئۇ ئەڭ ئادىل سوتچى. تارىخ ھەممىنى يارىتىدۇ (ھەتتا ئادەم تارىخنى ئەمەس، تارىخ ئادەمنى يارىتىدۇ دېيىش ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ)، ھەممىنى يوق قىلالايدۇ. تارىخ دېگەن بارلىق بىلەن يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئۇزۇن مۇساپە. سەندىكى روھنىمۇ تارىخ يارىتىدۇ، يەنە تارىخ ئۆزى يوق قىلىدۇ. سەندىكى ئۈمىدمۇ تارىخنىڭ ئاپىرىدىسى، ئۇنى ھەم تارىخ يوقىتىۋېتەلەيدۇ. سېنىڭ تىرىشچانلىقلىرىڭنىمۇ تارىخ پەيدا قىلغان، يەنە تارىخ يوق قىلىدۇ. دېمەك، تارىخ ئەنە شۇنداق ھايات بىلەن ماماتنى، پەيدا بولۇش بىلەن يوقىلىشنى بىر-بىرىگە چېتىپ، ئۇنىڭدىن زەنجىرسىمان چۆچەك توقۇيدىغان ماھىر چۆچەكچى.

ماركسىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، شۇ قەدەر قۇدرەتلىك، ھەممىگە قادىر بولغان تارىخنى ئادەم يارىتىدۇ. تارىخ يارىتالىغان ئادەملەرلا تارىختىن كۆتكىنىگە ئېرىشەلەيدۇ. تارىخ يارىتىشقا

قادىر بولالىمغان ئادەملەر بولسا، تارىختىن بىرەر نەرسە كۈتۈشكە ھەقلىق بولالمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇلار تارىخنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ مەسخىرە قىلىنىدۇ.

خىياللار تىزمىسىغا ئۆتكۈزۈلگەن يىپىنىڭ بىر ئۇچى شۇنىڭغا تۇتاشقانكى، ۋەتەن سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ. ۋەتەن سېنىڭ شان - شۆھرىتىڭ. ۋەتىنىڭ تەل ھەممەڭ تەل. ھەممە مۇھەببەتنىڭ ئانىسى، ئاپىرىدىگاھى — ۋەتەن. ۋەتەن سېنىڭ مۇھەببىتىڭ. ۋەتەن سۆيسەڭ سەندە مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ. ۋەتەن ئۇچۇن ئۆلسەڭ سېنىڭ مۇھەببىتىڭ ۋەسلىگە يېتىدۇ... يېنىدىكى يارىنى سۆيەلمىگەن، ئۇنىڭغا ھەقىقىي كۆيەلمىگەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلەلمىگەن ئادەم ئۇچۇن ھەسرەت يۇتۇش تەبىئىي ئەھۋال ئەمەسمۇ؟

مېنىڭ خىيال يىپىمنىڭ يەنە بىر ئۇچى شۇنىڭغا باغلانغانكى، مىللەت بىر خىل ئورتاق روھ ۋە ئورتاق تەقدىرنىڭ قوشۇلمىسى. ئۇ ئاشۇ ئورتاقلىقتىن، ئاشۇ قوشۇلمىدىن ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىدۇ. قان - قېرىنداشلىقتىن ياشىرىدۇ. بىراق، «مىللەت» ئۇقۇمىغا قارىغاندا، «ئىنسان» ئۇقۇمى مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە. شۇڭا، مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ ياخشى پەزىلەت بولۇش- بولماسلىقى نىسپىي بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقاچان ئالىيجانابلىق بولۇۋېرىشى ناتايىن. ئەمما، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ياخشى پەزىلەت بولۇشى بولسا مۇتلەق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ مەڭگۈ ئالىيجانابلىققا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن مىللەتپەرۋەرلىككە قارىغاندا ئىنسانپەرۋەرلىك تېخىمۇ ئۇلۇغۋار قىممەتكە ئىگە. ئەمما، يۇرتىنى سۆيۈش بىلەن ۋەتىنىنى سۆيۈش قارىمۇقارشى بولمىغىنىدەك، ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك قارىمۇ قارشى نەرسە ئەمەس، پەقەت بىر- بىرىنى تولۇقلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولسىلا.

مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ مۇتلەق ھالدا ئالىيجاناب پەزىلەت بولالماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، مىللەتپەرۋەرلىك، بولۇپمۇ چېكىدىن ئاشقان مىللەتپەرۋەرلىك(ئادەتتە مىللەتچىلىك دېيىلىدۇ) كۆپىنچە دۈشمەنلىكنى، قارشىلىقنى، ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. 2- دۇنيا ئۇرۇشى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئىنسان بالىلىرىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان تارىخي ساۋاقلار بۇنىڭغا جاۋاب بېرىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، نېمىس مىللىتى گىتلېر قاتارلىق بەزى مىللەتچىلەر تەرىپىدىن ئەسەبىيلەشتۈرۈلگەن مىللەتپەرۋەرلىكى(مىللەتچىلىكى) ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىدى؟ مىللەتپەرۋەرلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ نېمىس خەلقىنىڭ داھىيسى بولۇۋالغان، ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ خوجىسى بولۇش چۈشىنى چۈشىگەن ئەشەددىي مىللەتچى گىتلېرنىڭ تەقدىرى قانداق بولدى؟ بۇنىڭغا «موسكۋا خىياللىرى» ناملىق ماقالە جاۋاب بېرىدۇ.

ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكتىن ئۈستۈن تۇرالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىنسانپەرۋەرلىك دۇنيانى قۇتقۇزالايدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەرقاچان دوستلۇق، مۇھەببەت، غەلىبە - نۇسرەتتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئىنسانپەرۋەرلىك دوستلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. دۇنيانىڭ گۈزەللىكى، قىيامەتنىڭ كېچىكىپ كېلىشى دوستلۇق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ يەنە ماكان، زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ، دۇنيانىڭ تۈۋرۈكى. مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى. شۇڭا، ئۇ بار يەردە مۇھەببەت ھەرقاچان بىخ سۈرۈشتىن، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشتىن توختاپ قالمايدۇ. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭدا مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ مۇقەددەسلىكىدە. بۇنداق مۇقەددەس مۇھەببەت ئەنە شۇ ئىنسانپەرۋارلىكنى يىلتىز قىلغان. نەۋايىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پەرھادنىڭ مۇھەببىتى

گېپىمىزنىڭ ھەقىقەتتىنگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق مىللەتلەرنى بىر فرونتقا توپلىغان نېمە؟ ھەتتا دۇنيانىڭ قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپىدا بىر - بىرىگە قورال تەڭلىشىپ تۇرغان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكىنى ئىتتىپاقداشلارغا ئايلاندۇرغان نېمە؟ سىز بۇ سوئاللارغىمۇ «موسكۋا خىياللىرى» دىن جاۋاب تاپالايسىز.

مەن ئۆزۈمدىن چىقىپ، ئۆزۈمگە قايتىپ كەلگۈچە يەنى چۆچەكتىن چىقىپ، چۆچەككە كىرگۈچە بولغان جەرياندا تارىخ، ۋەتەن، مىللەت، ئىنسان توغرىسىدا كۆپ نەرسىنى بىلىۋالدىم. بۇلار چۆچەك دۇنياسى، ياق، مۇشۇ رېئال دۇنيا ماڭا ئاتا قىلغان نەرسىلەر.

مۇشۇ تاپتا چۆچەكتىن چىقىپ ئۆزۈمگە، غەپلەتكە پاتقان ئۆزۈمگە نەزەر سالدىم. شۇنى خىجىلچىلىق ئىچىدە ھېس قىلدىمكى، مەن ئۆزۈمنى گۈزەل كېلەچەككە ئاتىدىم، مىللىي مائارىپقا بېغىشلىدىم، ئەۋلادلار يۈكىنى ۋىجدانىي بۇرچ بىلدىم دېسەم يەنىلا يالغان گەپ قىلغان بولىدىكەنمەن، يۈزۈم چىمىلدايدىكەن. ئېتىراپ قىلىشىم كېرەككى، يۇقىرىقى سەپسەتىلىرىمنىڭ مەنچىلىكىمۇ بولالمىغان يارامسىزلارغا ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ، ئىلگىرىلەش يولۇمنى شۈكرىلەردىن ياسالغان بىر چوڭ تام بىلەن توسۇپ، جان بېقىشنىڭلا كويىدا يۈرگەنلىكىمنى ئاقلىشىمغا بىر دەستەك بولۇپ بەرگەنلىكى راست. چۈنكى، مېنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم — بار ئاماللار بىلەن ھازىرقى خىزمەت ئورنۇمنى ساقلاپ قېلىش، تاماق يەپ ئادەتلەنگەن قازىنىمنى چېقىپ قويماسلىقتىن ئىبارەت، ھەتتا ئاشۇ ئېھتىياجىم ئۈچۈن ئۆز غۇرۇرۇمنى بەدەل قىلسامۇ مەيلى. مانا بۇ ئوقۇتقۇچى ئاتالغان، ئالىيجاناب قىياپەتتە ھۆرمەت تەمە قىلىپ يۈرگەن ماڭا

ئوخشاشلارنىڭ راست گېپى. بىراق، مەن بۇ يەردە دېيىشكە پېتىنغان بۇنداق راست گەپلەر ساختىپەزلىكنى غالىب ئورۇنغا چىقارغان بىر زاماندا، پەقەت بىزنىڭ ئىچىمىزدىلا تۇرۇشى كېرەك ئىدىكى، ئاشكارىلاشقا بولمايتتى. ساختا، يالغان، كۆپتۈرمە گەپلەر بولسا دائىم تەكرارلىنىپ، شوئار قىلىپ توۋلىنىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىكى، ئۇنىڭغا تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىنلا ئورۇن بېرىشىمىز لازىم ئىدى. مانا بۇ مېنى چۆچەك دۇنياسىغا ئىنتىزار قىلغان، ئادەمنى چۆچەك ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە قىستايدىغان نەرسە. ئەپسۇس، بۇ مۇمكىنمۇ؟...

ھاسىل كالام، مېنىڭ مۇشۇ يازمىلىرىم كىشىلەرگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى كىچىككىنە ساۋاق بەرسە ئەجەب ئەمەسكى، ئىنسان پىكىرسىز ياشىيالمايدۇ. مەيلى ئۆزى ئۇچۇن بولسۇن ياكى باشقىلار ئۇچۇن بولسۇن، تەپەككۇر قىلسىلا ئۇ ھاياتلىقنىڭ بىر قىسمى ئۈستىدە ئويلانغان، باش قاتتۇرغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى بۇ دۇنياغا، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىك بولىدۇ. ھەقىقەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەنلىك ۋە ئۇنى تېپىشقا ئۇرۇنغانلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ماھىيىتى ھەم قەدىرلەشكە تېگىشلىك سۆيۈملۈك خىسلەتلىرىنىڭ بىرى ئەنە شۇ. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ھازىرقى كۈندە كىشىلەردىن بىز ئۈمىد قىلغۇدەك ئۇنىڭدىنمۇ ئوشۇق نەرسە تېپىلارمۇ؟ گېپىمنى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ئاخىرلاشتۇراي: «تارىخ ئىنكاسسىز ئادەملەرنىڭ سەھنىگە چىقىپ قېلىشى تۈپەيلى ئاقىلانە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن قۇرۇق قالىدۇ.»

1999- يىل، قەشقەر

# قانىتى سۇنغان دۇنيا

ھەرقانداق بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىش، ئۆز سالاھىيىتىگە مۇناسىپ ئىشنى قىلىش — ئۆز-ئۆزىگە يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، مەن ئالدى بىلەن بىر ئىنسان. شۇڭا، ھەرقاچان ئۆزۈمنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىم، ئىنسانلىق سۈپىتىمگە ماس بولغان ياشاش يولىنى تاللىشىم شەرت. ئۇنىڭدىن قالسا مەن بىر ئەر كىشى. شۇڭا، مەن مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن، مەيلى ئائىلىدە بولسۇن ئەرلىك بۇرچۇمنى ئاقلاپ، ئەرلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم زۆرۈر. ئىجتىمائىي قاتلام نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەن بىر زىيالىي. شۇنداق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى تېخىمۇ ئوبدانراق بىلىشىم لازىم. مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ ئىجتىمائىي، كەسپىي سالاھىيىتىمدىن ئېيتقاندا بىر ئوقۇتقۇچى. يەنە كېلىپ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. شۇنداق بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھەممىدىن ياخشى بىلىشىم كېرەك. ئۇشبۇ كەسپىي سالاھىيىتىمنىڭ ئۆزىلا مېنىڭ نېمە ئىش قىلىشىم كېرەكلىكىمنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. مېنىڭچە ھەربىر ئادەم ئەنە شۇنداق مەن كىم، مەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم، دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا توغرا، مۇپەسسەل جاۋاب

تېپىشقا ئىنتىلىشى كېرەك.

ئىنسانىنىڭ ئاڭ جەھەتتىكى ئويغىنىشىنى ئۆزىدىن چىقىپ ئۆزىگە قايتىش جەريانى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئۆزىدىن چىقىپ ئۆزىگە قايتىش جەريانى ئۇنداق ئاددىي جەريان ئەمەس. ئۇ بىر جاپالىق مەنىۋى مۇساپە. بۇنداق جاپالىق مەنىۋى مۇساپىنى تامامەن ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. ئاۋام خەلقىنىڭ چەكسىز ئەقىل - پاراسەت جۇغلانمىسىدىن باراقسانلاشقان سەنئەت گۈلزارلىقىدا پىشىپ يېتىلىپ، چىن مۇھەببەت، ۋاپا تىمسالللىرىغا ئايلانغان جاھانشۇمۇل ئاشىقلار ئۆز دىلدارىنى چۈشىدە ياكى «جاھاننەما ئەينىكى»دە كۆرۈپ، تاكى ئۇنىڭ ۋەسلى دىدارىغا مۇلاققات بولغۇچە بولغان جەريان قانچىلىك مۇشكۈل، ئەگرى - توقاي، سىر - ئەسرارغا تولغان بولسا، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلگۇدەك دەرىجىدە روھىي كامالەت تېپىش جەريانىنى، مۇنداقچە قىلغاندا، ئۆزىدىن چىقىپ ئۆزلۈككە يەتكۈچە بولغان جەريانىنى شۇنىڭغا قىياس قىلىش مۇمكىن.

ۋەھالەنكى، ئۆزىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن ئادەم ئوتقا كىرگەنگە ئوخشايدۇ. ئادەمنىڭ لىيى شورلۇق (تۇزلۇق) سۇ، كۆز يېشى ياكى بولمىسا تەردىن يۇغۇرۇلغان بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى چۈشەنگەنسېرى، ئۆزىنى ئۆزى تېتىغانسېرى ئازابقا مۇپتىلا بولىدۇ.

مەن ئۆزۈمگە ھارماي تەلەپ قويۇپ، ئۈمىد شامىنى يورۇتۇپ، ئەمدىلەتىن مېڭىشنى ئۆگەنگەن بوۋاقتەك كالامپاي قەدەملىرىمنى دەۋر يولىغا توغرىلاپ، ئاۋۋالقىلار ياققان ئىلىم-مەرىپەت گۈلخانلىرىغا چاۋار - چاتقال تاشلاپ يۈرگەن خاسىيەتلىك دەملەردە، كۆزۈم يەنە ھەرەڭ - سەرەڭ ناباب ئىشلارغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل غەلىتە ھادىسىلەر مېنى

ئويلاندۇردۇ. بەزىسى يۈرىكىمنى ئۆرتەيدۇ. بەزىسى ئەقلىمنى لال قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز خىزمىتىمنىڭ مەقسىتى بولغان ئوقۇغۇچىلىرىمغىمۇ تەلەپ قويۇپ ھارمايمەن. بىراق، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆز ئالدىمدىكى مەن ئۈمىد كۈتكەن چىرايلىق، كېلىشكەن جۈپ - جۈپ قارا كۆزلەر مېنى بىرنى سۆيۈندۈرۈپ مىڭنى ئېچىندۇردۇ. مېنىڭچە، بۇنىڭ مۇھىم ئىچكى سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى شەكلەن بىلسىمۇ، مەنەن تونۇمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەن ئوقۇغۇچى دېگىنى ھەرگىز ئۆزىنى بىلگىنىگە باراۋەر ئەمەس. شۇنداق تۇرغان يەردە ئۆزلىرىنىڭ باشقا سالاھىيىتىنى خىيالىغا كەلتۈرسۇنمۇ؟ ئەنە شۇنداق ئاتا- ئانىسىنىڭ ھېسابسىز جەبىر - جاپاسى، كۆز يېشى، قان - تەرى بەدىلىگە ئاران تەستە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز سالاھىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان ناباب ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىنى بىلمەي يۈرۈشلىرى مېنى ئازابلايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى چىندىن بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى، ئاتا - ئانىلارنىڭ، دەۋرنىڭ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۇلاردىن نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇلارمۇ ئازابلىنىشنى ۋە ئۆز - ئۆزىدىن نومۇس قىلىشنى بىلگەن بولاتتى.

مېنىڭ ۋىجدانىمنى ئازابلايدىغان نەرسە شۇكى، بۇنداق نالايىق، نامۇناسىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىلدىن- يىلغا كۆپىيىۋاتقان شارائىتتا، خۇددى ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلالمايۋاتقاندەك، ئۆز سالاھىيىتىمگە، ئۆز- ئۆزۈمگە، شۇنداقلا ۋەتەن، خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك بىر خىل شەرمەندە روھىي

ھالەت مېنى قىينايدۇ، ھەتتا جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان يامان ئىشلارمۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولۇۋاتقاندەك، مېنىڭ لاياقەتسىزلىكىمدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتتەك، ھەممىگە مەن جاۋابكاردەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىمەن. ھېچبولمىغاندا بىر كىشىلىك مەسئۇلىيىتىم بارغۇدەپ ئويلايمەن. مەن ھەرقانچە ئۆزۈمنى ئاقلاشقا، مەسىلىنى ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا ئىتتىرىپ ئۆزۈمنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىپ كۆرسەممۇ، مەسئۇلىيەتنى ئالدى بىلەن ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىش ئېڭىم يەنىلا غالىب كېلىدۇ. مەن ۋە ماڭا ئوخشاش تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان باغۋەنلەرنىڭ قېتىرقىنىپ بەرگەن پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى، سىڭدۈرگەن ئەجىر - مېھنىتى، زېرىكمەي قىلغان پەند - نەسىھەتلىرى؛ مەكتەپنىڭ ھەربىر ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدا داۋاملىق ئىشلىنىپ تۇرىدىغان ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەتلەر بەزى ئوقۇغۇچىلاردا ئازراق بولسىمۇ بىرەر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالمايۋاتقانلىقىغا ئەقلىم ھەيران. بىز ئوقۇتقۇچىلار راستىنلا ئۆز خىزمىتىمىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىمىزمۇ ياكى باشقا سەۋەبلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرامدۇ؟ بۇ بىر مۇرەككەپ مەسىلە. ئاختۇرۇپ كەلسەك، بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئوقۇتقۇچىلاردىنمۇ، جەمئىيەتتىنمۇ، مائارىپ تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىنمۇ تېپىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى ئامىلى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىمنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئۆز- ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىپ بىپەرۋا يۈرۈۋېرىشىم مۇمكىنمۇ؟

بىز مەكتەپلىرىمىزدىكى بۇنداق ناچار ھالەتلەرگە تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كەلدۇق ۋە جەمئىيەتكە دۆڭگىدۇق. تەقسىماتتىكى نائادىل قىلمىشلارغا باغلىدۇق.

ئوقۇتقۇچىلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈۋاتقان مەسىلىلەردىن ئىزدىدۇق. ئىشقىلىپ، تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتۇق. دەرۋەقە، يۇقىرىقى ئامىللارنىڭمۇ تەسىرى بار. بىراق، مائارىپ سۇپىتىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان يۇقىرىقى ئامىللار تاسادىپىي مەيدانغا چىققانمۇ؟ ئەگەر بىز ئۇلارنى رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىپ مەكتەپلەرگىچە كېڭىيىپ بېرىشىغا ئىلگىرىكى چولتا، يېتەرسىز ياكى بىرتەرەپلىمە بولغان مائارىپنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوقمۇ؟ مائارىپنىڭ مەسئۇلى بولغان جەمئىيەتنىڭ، جەمئىيەت ۋە مىللەتنى يېتەكلەپ ماڭغۇچى زىيالىي، ئوقۇتقۇچى، رەھبىرىي كادىر دېگەنلەرنىڭ قىلچە جاۋابكارلىقى يوقمۇ؟ مەن شۇنداق قارايمەنكى، يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئۇستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە سەۋەبنى ئالدى بىلەن ئۆز - ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لاياقەتسىزلىكى ۋە بۇ لاياقەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مائارىپنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي بولمىغانلىقى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكى، مائارىپقا مەبلەغ سېلىش ئىگىمىزنىڭ يېتىلمىگەنلىكى قاتارلىق ئامىللارنى كۆپرەك تىلغا ئېلىش زۆرۈر.

مائارىپتىكى يېتەرسىزلىك دېگىنىمىزدە، مەسىلىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى شۇ يەردىكى، بىزدە ئەنئەنىۋى ئەخلاق، كىشىلىك ساپا قاتارلىق ئامىللار مۇھىم نىشان قىلىنغان گۇمانىتارلىق مائارىپى دېگەندەك چىڭ تۇتۇلمىغان.

گۇمانىتارلىق مائارىپى دېگىنىمىز — ئادەمنىڭ ھوقۇقى، قەدىر-قىممىتى، بۇرچى قاتارلىقلارنى تونۇشىنى، شۇ ئاساستا ئىنساننىڭ ئالىي مەنىۋى خىسلەتلىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇشىنى مەقسەت قىلغان، ئىنساننى پاكلىققا ۋە ئەسلىي تەبىئىتى بولغان ئۇلۇغۋارلىققا يېتەكلەيدىغان مائارىپتۇر. ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بولىدۇ. ئۇ بىلىم ئىگىلىتىشنى، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى، تېخنىكا يۈكسەلدۈرۈشنى، شۇ ئارقىلىق ماددىي بايلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلغان پەننىي مائارىپ بىلەن بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئىنساننىڭ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشىنى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر قۇشنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇچۇشىغا ئوخشاتساق، پەننىي مائارىپ ئۇنىڭ بىر قانىتى بولسا، گۇمانىتار مائارىپ ئۇنىڭ يەنە بىر قانىتىدۇر. مائارىپنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىساق، گۇمانىتار مائارىپ ئۇنىڭ ئۇلىدۇر. مائارىپنى بىر جانلىق ئورگانىزم دەپ قارىساق، گۇمانىتار مائارىپ ئۇنىڭ جېنى، روھىدۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ دەسلەپ يولغا قويۇلغان دىنىي خاراكتېردىكى مائارىپ ئەنە شۇنداق گۇمانىتار مەزمۇنلارنى ئىلاھىيەت تەلىماتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغان. پەننىي مائارىپ گۇمانىتار مائارىپ زېمىنىدا ئۇندۇرمە ھالەتتىن تەدرىجىي ئۆسۈپ زورايغان. ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداليزم جاھالىتىنىڭ كۆشەندىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن گۇمانىستىك پىكىر ئېقىمى دىنىي ئىلاھىيەت تونىغا ۋە مىستىك پەردىلەرگە ئورالغان مەدرىسە مائارىپىنى ھەقىقىي ھالدىكى گۇمانىتارلىق مائارىپى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، زور تەرەققىياتلارغا ئىگە قىلدى. پەننىي مائارىپ گۇمانىتار مائارىپنى دىنىنىڭ ئاسارىتىدىن ئازاد قىلدى. گۇمانىتار مائارىپ بولسا پەننىي

مائارىپنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈردى.

گۇمانىتارلىق مائارىپ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار، ياڭراق ۋە ئىسيانكار شوئار ئاستىدا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە مىسلى كۆرۈلمىگەن پارلاقلىق، نىجاتلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى سىگنالنى چالغان بولسىمۇ، سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ كەلگەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى ۋە بۇ تەرەققىياتنى تەمىن ئېتىش ئېھتىياجىدىن پەيدا بولغان دۇنيا تالىشىش (زېمىن، بايلىق، خام ئەشيا ۋە بازار ئىگىلەش) كۈرىشى مائارىپنىڭ مەقسىتىنى مەلۇم دەرىجىدە بۇراپ، ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلمىچانلىقىنى بارغانسېرى كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە مۇستەملىكىچىلىك پائالىيەتلىرى، مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى تەقەززا قىلغان سانائەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە ھەربىي تەييارلىقلار ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان پەننىي مائارىپ، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان تەبىئىي پەن مائارىپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. كارامەت مۆجىزىلىك كەشپىياتلار ۋە يېڭى - يېڭى ئىجادىيەتلەرنىڭ ماتېرىيال تەييارلىغۇچىسى؛ مۇستەملىكە ئىگىلەش، ھوقۇق - ئىمتىياز تالىشىش جېڭىنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى بولغان پەننىي مائارىپنىڭ ھەيۋەت - شىجائىتى، كۈچ - قۇدرىتى ۋە سېھرىي جەلىبكارلىقى ئالدىدا گۇمانىتار مائارىپ ئۆز ئورنىنى تەدرىجىي ئاجىزلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئاچ كۆزلۈكى(ماددىي ئېھتىياجى)ئۈچۈن بىۋاسىتە ئىستېمال قىلىش قىممىتى بولمىغانلىقتىن، ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمىدى. ئېتىبارغا ئېلىنىدى دېيىلگەندىمۇ، كۆپرەك بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىش، مىللەتچىلىك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش، بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەش ۋە روھىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. بۇ خىل

يۈزلىنىشىنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى، بولۇپمۇ 2 ـ دۇنيا ئورۇشى ئۆز نىشانىغا ھەقىقىي يانداشتۇرۇلمىغان گۇمانىتارلىق مائارىپ بىلەن نوقۇل بايلىق ئىگىلەشكە خىزمەت قىلدۇرۇلغان پەننىي مائارىپنىڭ نىسبەت تەڭپۇڭلۇقىدىكى چوڭ بۇزۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنى ئاچ كۆزلۈك، چېكىدىن ئاشقان مىللەتچىلىك ۋە كۈچلۈكلۈك تالىشىشتىن كېلىپ چىققان تەلۋىلىك پەيدا قىلغان دۇنياۋى بالايىئاپەت دېيىشكە بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا تېخىچە داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي كەمسىتىش، تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق ۋە باشقا بالايىئاپەتلەرنىڭ يىلتىزىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، ئۇنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىلەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز.

قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ بېرىۋاتقان زوراۋانلىق، تېررورلۇق، دىنىي ئەسەبىيلىك، مىللىي ئۆچمەنلىك، نومۇسىنى سېتىش، زەھەر ئەتكەسچىلىكى، بالىلارنى ئالداپ سېتىش قاتارلىق ئەسلىدە گۇمانىتارلىق مائارىپ تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىپ كەلگەن چىرىك، پەسكەش قىلمىشلار پەننىي مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلدى. تاقابىل تۇرۇش تەس بولۇۋاتقان تەبىئىي ئاپەتلەر، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇرمىلىنىشى، كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى، مىللىي ياتلىشىش قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان قاباھەتلىك قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئوزاقتىن بۇيان ئىنسانلار تەرىپىدىن تاشلىنىپ قالغان پاكى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىشتىن مەھرۇم قالدۇرۇلغان گۇمانىتارلىق مائارىپنىڭ

ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مائارىپ ئىنساننىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنى يۇقىرى چەكتە جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئىنساننى جاھالەت ۋە ئاسارەتتىن ئازاد قىلىپ، زۆرۈرىيەت ئالەمىدىن ئەركىنلىك ئالەمىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، مائارىپقا سەل قارىغان ياكى مائارىپى تەرەققىي تاپمىغان ئەلنىڭ كېلەچىكى بولمايدۇ. مائارىپنىڭ تارىختىكى تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مائارىپنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. دېمەك، مائارىپ بۈگۈن ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى كەلگۈسى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بۇنى دۇنيادا پەن - تېخنىكىسى، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ 100 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىيىتى تولۇق ئىسپاتلاپ چىققان. بىراق، شۇنداق بىر تەجرىبە - ساۋاقنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەككى، مائارىپتا بىر تەرەپلىمىلىك ياكى ئېغىش كېلىپ چىقسا ھەمدە بۇ ئېغىش ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشسا، بىز يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ئىنتايىن ئېغىر بالايىئاپەت ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلىنىدۇ. بۇ خۇددى ھوسۇلنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇشنىلا كۆزدە تۇتۇپ، خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆپلەپ ئىشلىتىش نەتىجىسىدە يېمەك - ئىچمەكلەرنىڭ سۈپىتىنى بۇزۇپ، تۇپراقتا، مۇھىتقا ۋە ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلگىنىمىزدەك بىر ئىش.

بىزنىڭ مائارىپتا ئارقىدا قالدۇق دەپ قاقشىغىنىمىزدا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرىمىز، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىمىز دەپ شوئار توۋلىشىمىزدا ئاساسلىقى ئەنە شۇ پەننىي مائارىپ يەنى بىۋاسىتە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشقا، پۇل تېپىشقا خىزمەت قىلىدىغان پەننىي مائارىپ ۋە بۇ جەھەتتىكى قالاقلىقىمىز، ئاجىز ھالقىلىرىمىز كۆزدە تۇتۇلغان. نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن قىيىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن خالاس تېپىشقا، مەنىۋى، ئەخلاقىي كرىزىسلاردىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىدىغان؛ ئىنسانلارنى ئاچ كۆزلۈككىلا ئەمەس، ئۆزىنى، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى تونۇپ يېتىشكە يېتەكلەيدىغان گۇمانىتار مائارىپ ۋە بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىز بولسا يەنىلا دىققەتتىن چەتتە قېلىنىۋاتقان بىر ساھە. ئەگەر بۇ ھەقتە گەپ ئېچىشقا توغرا كەلسە، مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن تېخىمۇ ئېچىنىماي، مائارىپىمىزنىڭ كەلگۈسىدىن تېخىمۇ ئەنسىرىمەي تۇرالمايمىز. ئەقەللىيسى، تەقلىدىي ئاساستا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەننىي مائارىپىمىزنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرەلمەيۋاتقان يەردە، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي خاسلىق ۋە مىللىي روھنى مەنبە قىلىدىغان گۇمانىتارلىق مائارىپىمىزدىن سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟ مائارىپ تۈزۈلمىمىزدە، دەرسلىك قۇرۇلمىلىرىدا، باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىمەيلا قوياي.

ھازىرقى شارائىتتا «ساپا مائارىپى» تەشەببۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. ئۇ بىزگە مائارىپىنىڭ ئەسلىي تەلىپىنى، ئۆزىدىن چەتنەشتۈرۈۋېتىلگەن تەلىم ـ تەربىيە نىشانىنى قايتا ئەسكەرتىپلا قالماستىن، بەلكى رېئاللىقنىڭ ھازىرقى مائارىپقا قويغان جىددىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ئۇ

بولسىمۇ مائارىپتىكى تارىخىي ئېغىش ۋە بىرتەرەپلىمىلىك ھەمدە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇش تەقەززاسىدىن ئىبارەت. مەنتىقىي جەھەتتىن ئەسلىي «ساپا مائارىپى» دەيدىغان گەپ بولمايدۇ. چۈنكى، مائارىپنىڭ ئۆزى ساپانى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، مائارىپ دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن ساپا يېتىلدۈرۈش پائالىيىتى دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇقۇمدىن مۇستەسنا ھالدا ئۇنى مائارىپ دېگىلى بولمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساپا ئۇقۇمىدىن ئايرىلسا، مائارىپ ئۆز مەنىسىنى تاپالمايدۇ. مېنىڭ بۇ ماقالە ئارقىلىق ئادەملەرنى ئۆز ـ ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇشقا دەۋەت قىلىشىم ۋە بۇ تونۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان گۇمانىتارلىق مائارىپنى پەننىي مائارىپ بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىشىم ئاتالمىش «ساپا مائارىپى» نىڭ تەلىپى بىلەن بىردەك. «ساپا مائارىپى» نى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش تەشەببۇسى بىزگە ھازىرقى مائارىپىمىزنىڭ مەزمۇنلىرىنى گۇمانىتارلىق مائارىپ بىلەن يەنىمۇ تولۇقلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. دېمەك، مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ساپا مائارىپى» نى يولغا قويۇش دېگەنلىك، ماھىيەتتە مائارىپنى پەننىي مائارىپ بىلەن گۇمانىتارلىق مائارىپنى بىرلەشتۈرۈش يۆنىلىشى بويىچە ئىسلاھ قىلىش دېگەنلىكتۇر.

پەننىي مائارىپ گەرچە ئىنسانىيەتنى ماددىي جەھەتتىن مىسلىسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى ئىگىلىگەن مىللەتلەرنى ئادەتتىن تاشقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى، قۇلاي ئۇچۇر ـ ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە باياشات تۇرمۇش شارائىتلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە قارانىيەت كىشىلەرنىڭمۇ ئۈنۈملۈك قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلدى. تارىختىكى بىر تۈركۈم ئۆز تەبىئىتىنى يوقاتقان، ھېچنېمىدىن

ئەيمەنمەيدىغان تەلۋە سىياسىي سۈيىقەستچىلەر، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار پەننىي مائارىپنىڭ نەتىجىلىرىدىن زوراۋانلىقنىڭ، ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ، ھوقۇق ۋە كۈچ - قۇدرەتنىڭ سەرمايىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلدى. ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، شۇنىڭدەك مۇھىتنى بۇلغاش خاراكتېرىدىكى سانائەت ۋە تېخنىكىلار شۇنچىلىك تەرەققىي قىلدىكى، ئادەم قۇتقۇزۇش، مۇھىتنى ياخشىلاش ۋە ھەر خىل تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئاپەتلەرنى يوقىتىپ دۇنيانى قۇتقۇزۇش مەقسەت قىلىنغان پەن - تېخنىكىلار ئۇلارغا زادىلا يېتىشەلمەي قالدى. بۈگۈنكى كۈندە بەلكىم قورال ياساش تېخنىكىسى دورا ياساش تېخنىكىسىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولۇشى مۇمكىن.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەرب ئەللىرىدە گۇمانىتارلىق مائارىپ ۋە گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش خائىشى روشەن ئورۇنغا ئۆتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەن ياپونىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ پايدىلىق تەجرىبىلىرى بار. بۇلار بىزنىڭ ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا، پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. يېقىندا دۆلىتىمىزدە «پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى ئۆگىنىش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە، ئەخلاق بويىچە باشقۇرۇش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا چىقتى. قەدىمدىن تارتىپ خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە يارىتىلىپ، شاللىنىپ، تاللىنىپ مۇقىملاشقان، كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى، گەپ - سۆزىنى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان ئۆلچەم - پرىنسىپلار بويىچە قېلىپلاشتۇرىدىغان، سەلبىيلىرى چەتكە قېقىلىپ، ئىجابىيلىرى قۇۋۋەتلىنىپ ساغلاملاشقان ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭمۇ بۈگۈنكى كۈندە قايتا

قورۇشقا موھتاج بولۇپ قالغانلىقى ئوخشاشلا تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس. ئۇنىڭ ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمىغان قانۇنىنىڭ ھەمدەمچىسى، چىرىكلىككە قارشى تەشۋىقات ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى خۇددى «ساپا مائارىپى»نىڭ ئوتتۇرىغا چىققىنىغا ئوخشاشلا كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئۇ ئالدى بىلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ھازىرقى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە، جۈملىدىن چىرىكلىك، چۈشكۈنلۈك، پۇلپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، بۇزۇقچىلىق قاتارلىق جەمئىيەت ئامانلىقىغا، مۇقىملىقىغا، قىسقىسى دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتكە خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە رەسمىي دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، ئۆزىمىزنى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى دەپ ئاتىۋالغان بىز ئوقۇتقۇچىلار كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆزىنى تېخىچە چىن مەنىسىدىن تونۇپ يېتىشكە قادىر بولالمىغان ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ ئىلغار ۋە يېڭى بولغان دۇنياۋى پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا مۇھىمى قانداق ئادەم بولۇش، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى قانداق سۆيۈش، ئۆزئارا قانداق كۆيۈنۈش، گۈزەللىكنى، سەنئەتنى، ئىناقلىقنى قانداق قەدىرلەش، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى قانداق ئادا قىلىش، ئۆز تەبىئىتىنى، ئۆز ماھىيىتىنى قانداق ساپلاشتۇرۇش ھەمدە چۈشكۈنلۈك ئۈستىدىن قانداق غالىب كېلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلىسەك؛ شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇتالىساق؛ كىم بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇلارغا بىلدۈرەلىسەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنى ئۈمىدۋار ياشاشقا ئادەتلەندۈرەلىسەك؛ قىسقىسى، ئۇلارنى بىلىم - تېخنىكا ئىگىلىگەن، ئەمما ھېسسىياتسىز،

شەپقەتسىز مەخلۇقلارغا ئەمەس، بەلكى بىلىم قابىلىيىتىمۇ بار، ئۆزىنىمۇ تونۇپ يەتكەن ھېسسىياتلىق، مېھىر-شەپقەتلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇشنى بىلسەكلا كەلگۈسىمىزدىن غەم يېيىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

2000 - يىل، قەشقەر



# مۇھەببەت — ئېتىقاد يولىدىكى مېھنەت

مۇھەببەتنىڭ چېكى بولمايدۇ، خۇددى ئالەمنىڭ چېكى بولمىغاندەك. مۇھەببەتنىڭ باھاسى بولمايدۇ، خۇددى كۆڭۈلنىڭ باھاسى بولمىغاندەك. دۇنيانى مۇھەببەتسىز تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. كۆڭۈلنى مۇھەببەتسىز ياشارتقىلى بولمايدۇ. مۇھەببەتنى شۇنداق تەرىپ ئېتىشكە بولىدۇكى، ئۇ ھەم ئۇلۇغۋار، ھەم ئادەتتىكچە. ھەم سىرلىق، ھەم تولىمۇ ئاددىي. ئۇ ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق، ھەم يېقىملىق، ھەم ئازابلىق. ئۇ سەن ئارزۇ قىلغاندەك، سېنى چۈشلىرىڭدىن بىدار قىلىپ خىيالىي لەززەتلەرگە چۆمدۈرگەندەك ئۇ جەلپكار بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ سىناق - ئۆتكەللىرى، تاغ - داۋانلىرى كۆپ. ئۇنىڭغا كىملەر مەھلىيا بولمىغان؟ ئۇنىڭدىن كىملەر ھېسابسىز ھوزۇر-شادلىققا چۆممىگەن؟ يەنە كىملەر ئۇنىڭ رەھىمسىز تىغ-نەشتىرىدىن باغرىنى قان - زەرداب ئەيلەپ ، ئازاب دەشتلىرىنى، نادامەت سەھرالىرىنى كەزمىگەن؟

شۇنداق، مۇھەببەت دېگەن بۇ سۆزگە تەبىر بېرىش ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ سىر - ئەسرارىنى يەشمەكمۇ بەسى مۇشكۈل. ئەگەر ئۇنى قارىمۇقارشى جىنستىكىلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەبىئىي مايىللىقى، بىر خىل جىنسىي ئىستەك ۋە ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى دەپلا چۈشەنسەك، ئۇنداقتا ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى بولىدۇ. بۇنداق مۇھەببەت ئىنسانغىلا خاس

ئەمەس. ئۇ ھەتتا قۇرت ـ قوڭغۇز، ھاشاراتلاردىمۇ بولىدۇ. ئىنسانغا خاس بولغان، ئاڭلىق ئاساستا ئۆز قىممىتىنى يارىتىدىغان مۇھەببەتنىمۇ نوقۇللا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈش، بىر ـ بىرىدىن كۆڭۈل تەشنالىقىنى قاندۇرۇش دەپ چۈشەنسەك ياكى بولمىسا بىر خىل پسىخىك ئېھتىياجدىنلا تۇغۇلغان نەرسە دەپ قارىساق، ئۇنى بەكمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋەتكەن بولىمىز. ئۇ ئىنساننىڭ ئادەتتىكى مەنىۋى تۇرمۇشىنى قامداش ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشىنىڭلا زۆرۈر شەرتى بولالايدۇ. شۇڭا، مۇھەببەتنى تېخىمۇ ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە قىلىش، ئۇنىڭ قىممىتىنى ئەڭ يۈكسەك دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن رىيازەت چېكىش ئىنسانلارنىڭ باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان ماھىيەتلىك بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىق سۈپىتىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش دەرىجىسى، مەنىۋى ساپاسى پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلاردىكى مۇھەببەتنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مۇھەببەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىمۇ بىردەك بولمايدۇ. مانا بۇ مۇھەببەتكە تەبىر بېرىشنىڭ تەسلىكىنى بەلگىلىگەن ئاساسىي ئامىل. بىز بۈگۈنكىدەك بىر مەدەنىي دۇنيانى بەرپا قىلغۇچى ئىنسان ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، مۇھەببەتنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئىنساننىڭ مەنىۋى ئىستىكى، ئېھتىياجى، ئېتىقادى، ئېستېتىك ئېڭى، بۇرچى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغۋارلىقىنى، مۇقەددەسلىكىنى، كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭمۇ زورلۇقىنى ۋە مەنە دائىرىسىنىڭمۇ چەكسىزلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شەيخ مەنسۇر ھەللاجنىڭ زىنداندا مەھبۇس چاغلىرى ئىدى. شەيخ شىبلى شەيخ مەنسۇردىن سورىدى:

— مۇھەببەت زادى قانداق نەرسە؟

— بۇ سوئالنى ھازىر سورىما، — دېدى شەيخ مەنسۇر ھەللاجى، — ۋاقتى كەلگەندە مېنى دارغا ئاسىدۇ، شۇ چاغدا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىمەن.

شەيخ مەنسۇر ھەللاجىنى دارغا ئاسقان ۋاقىتتا شەيخ شىبلى ئۆتكەنكى سوئالنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. شەيخ مەنسۇر ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— ئەي شىبلى، مۇھەببەتنىڭ ئاۋۋىلى كۆيمەك، ئاخىرى ئۆلمەكتۇر.

مانا بۇ ھېكايەتتىن مەلۇمكى، مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى بويىچە چۈشەندۈرگەندە، ئۇنى ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ قوشۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جاپا-مۇشەققەتلىك روھىي جەريان يەنى ئۆزىنىڭ شەخسىي نەپسى-خاھىشىنى چەكلەپ، ھەممە گۇناھىنىڭ ئۇۋۇسى دەپ قارالغان تەننى يوقىتىپ، روھىي نىجاتلىققا ئېرىشىشتەك ئىنسانىي كامىللىقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇش جەريانى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، مۇھەببەت قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئېرىشىلىدىغان روھىي قانائەت. تەننى تۇترۇق قىلىپ، قەلبتە يالقۇنجىتىدىغان گۈلخان. يۇقىرىقى ھېكايەتتىن ئاڭلىشىلغىنى گەرچە سوفىستىك پەلسەپىنىڭ جەۋھىرى بولغان «ئىلاھىي ئىشق» قارىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىش يولى يەنىلا ئىنسانىي ئىشقتىن ئىبارەت. مۇنداقچە قىلغاندا، ئىنساننى ۋاستە قىلغان «ئىلاھىي ئىشق» تۇر. مۇشۇ نۇقتىدا، تەسەۋۋۇپچە ئىشق-مۇھەببەت قارىشى بىلەن بىز ئالغا سۈرۈۋاتقان غەرەزسىز، تەمەسىز بولىدىغان، ئۆزىدىن كېچىش ئارقىلىقلا ئۆز مەنىسىنى تاپىدىغان ھەقىقىي مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوق. مەيلى دىنىي تۇستە ئېيتىلسۇن ياكى ئادەتتىكى

پەلسەپىۋى ئىبارە شەكلىدە دېيىلسۇن، ئۇلاردىن ئوخشاشلا ئۆزىنى تەقدىم قىلىش، ماددىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىنى قۇربان قىلىش، كېچىش بەدىلىگە روھنى قامداش، يەنىمۇ يۈكسەكلىككە، ئەبەدىيلىككە مۇيەسسەر قىلىش چىن مۇھەببەتتۇر دېگەن چۈشەنچە كېلىپ چىقىدۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە قەيت قىلىش زۆرۈركى، سوفىزملىق ئىشق-مۇھەببەت نوقتىئىنەزىرى پەقەت ئىسلام كالامىزمى (بىرلا ئاللاغا بەيئەت قىلىش ئىدىيىسى) ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ بىرلا ئاللاغا بولغان مۇھەببەت (باشقىسى ۋاستە ھېسابلىنىدۇ) ۋە بۇ خىل مۇھەببەتتە ۋىسال تېپىش، يەنى ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىش ياكى ئۆلۈم ئۈستىدىن ئۇزۇل-كېسىل غالىب كېلىش غايىسىنىڭ مەھسۇلى. بۇنىڭدەك مىستىك پەلسەپىۋى قاراش دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دىنىي ئېتىقاد، پەلسەپىۋى سىستېما، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسى، سەنئەتلىك ئاساسى بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد، ئىپتىدائىي سەنئەت، ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلاردا ئالغا سۈرۈلگەن دۇنيا قاراش، ھايات قارىشى ۋە مۇھەببەت قارىشى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.

يۇنان ئەپسانىلىرى ئىچىدىكى پرومېتوس[1] نى ماركس «ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى تەرىقەت قۇربانى» دەپ ئاتىغان

① پرومېتوس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئالدىن سەزگۈچى ئىلاھ. ئادەمنى توپىدىن يارىتىپ روھ كىرگۈزگەن ۋە ئادەمزاتقا تۇرلۇك ھونەر-تېخنىكىلارنى ئۆگىتىپ، تورمۇش بۇيۇملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەممىدىن ئۇلۇغ ئىلاھ زېۋسنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا قولىدىن كەلگەن ھەممە ئامالىلارنى ئىشلەتكەن، ھەتتا ئادەملەر ئۈچۈن ئوتنى ئوغرىلاپ زېۋس تەرىپىدىن جازالانغان. زېۋس ئۇنى مۇستەھكەم تۆمۈر زەنجىر بىلەن ھەممىدىن ئېگىز ھالقا تاشقا مىخلاشنى بۇيرۇسىمۇ، تۇرلۇك ئازابلارغا چىداپ تاكى ھېراكلىس تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانغا قەدەر مىخلىنىپ تۇرغان.

ئىدى. پرومېتوس ئىنسانىيەتنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارغا نىجاتلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىلاھىي ئوتنى ئوغرىلاپ زېۋسنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولدى. ئەگەر ئۇ ئۆز تەرىقىتى يولىدا زېۋسنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىنسانلارغا زۆرۈر بولغان ئوتنى ئوغرىلاپ بەرمىگەن بولسا، كاپكاز تېغىغا بەند قىلىنمايتتى. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاشۇنداق بىر مۇھەببەت بولمىغان بولسا، بۇ ئىشقا تەۋەككۈل قىلمىغان بولاتتى. ئۇ ئۆز جىسمىنى بەدەل قىلىپ تۆلەش ھېسابىغا ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتلىق ئىزدەش غايىسىنىڭ تىمسالى، تەرىقەتنىڭ قۇربانى بولالىدى. بۇنىڭ مەنسۇر ھەللاجى بىلەن مەشرەپنىڭ دارغا ئېسىلىشى بىلەن نېمە پەرقى بار؟

ھېراكلېس[1] يۇنان مىفولوگىيىسىدە مەيدانغا كەلگەن، كوللېكتىپ ئاڭ ۋە قەھرىمانلىق ئىدىئالى بويىچە يارىتىلغان يەنە بىر «سوفى» دۇر. ئۇ ئازابلىق سىناقلار ئارقىلىق ئىلاھ بىلەن مۇلاقات بولىدىغان سوفىلىق يولىنى تاللايدۇ. ئۇنىڭ سوفىلىق يولى يەنى ئۆزىنى تاۋلاش، روھىنى چېنىقتۇرۇش يولى خۇددى سوفىلارنىڭ تۆت باسقۇچلۇق ( شەرىئەت ، تەرىقەت،

---

① ھېراكلېس— يۇنان ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىدىكى ئەڭ زەبەردەست قەھرىمان. ئۇ زېۋسنىڭ ئوغلى بولۇپ، بوۋاق ۋاقتىدىلا ئىككى زەھەرلىك يىلاننى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى چوڭ تاللاشتا «ھوزۇر ـ ھالاۋەت» لەقەملىك «بەخت» مالائىكىسى كۆرسەتكەن «ھېچ ئاۋارە بولماي، ئەجىر قىلمايلا ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە ئىگە بولىدىغان» يولنى ئەمەس، بەلكى «پەزىلەت» مالائىكىسى كۆرسەتكەن «بارلىق ئۇلۇغۋار ۋە ئالىيجاناب ئىشلارنىڭ تەڭداشسىز قەھرىمانىغا ئايلىنىپ، تەڭرى ۋە مالائىكىلەرنىڭ ئىنسانىيەتتىن كۈتىدىغان بارلىق ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان مۇشكۈل ھەم شەرەپلىك يولنى تاللىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن 12 تۈرلۈك مۆجىزىلىك ئىشنى قىلىشقا بەل باغلاپ، بۇ دۇنيادىكى ھەممە جەبىر ـ جاپالارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن تەڭرى ۋە مالائىكىلەردەك مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولىدۇ ۋە مەڭگۈ قېرىمايدىغان تەڭرىچە ھېبە بىلەن توي قىلىدۇ.

مەرىپەت ۋە ھەقىقەت) [1] يولى بويىچە بولماي، بەلكى پاكلىق، ئالىيجانابلىق، قەھرىمانلىق، چىدامچانلىق، قانائەت، سەۋر-تاقەت، پىداكارلىق، ساداقەت ئارقىلىق يېتىپ تاماملىنىدۇ، يەنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن روھىي كامالەت تاپىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ راھەت - پاراغىتىنى، نەپسى - ھەۋىسىنى، مۇنداقچە قىلغاندا ۋۇجۇدىدىكى شەيتانىنى كونترول قىلالايدىغان ھەقىقىي سوفىلارغا خاس خىسلەت بولغاندىن باشقا، قۇرۇق ئىبادەتتىن (تەركىدۇنياچىلىقتىن) ئەمەلىي ھەرىكەتنى ئەۋزەل بىلىدىغان، بارلىقىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلاپ، ئۇلۇغۋار ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن روھىي كامالەت تاپىدىغان ئېسىل پەزىلەت بار. ھېراكلىتىسنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈشى دەل سوفىلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىۋى مەنزىلى بولغان «ۋەسلى ئىلاھىيە» قارىشى بىلەن ئورتاغلىققا ئىگە.

ھەللاجىنىڭ ئاۋۋىلى كۆيمەك، ئاخىرى ئۆلمەك دېگەن سۆزىدىكى ھېكمەت ھېراكلىتىس ھېكايىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئېستېتىك غايىدە، يەنى ھېراكلىتىسنىڭ «پەزىلەت» مالائىكىسىگە كۆڭۈل باغلاپ، مۇشەققەت چېكىش شەرتىنى قوبۇل

---

① سوفىزمدا روھىي جەھەتتىن كامالەتكە يېتىشىشنىڭ ئاساسىي يوللىرى— شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەتتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى باسقۇچتا سوفى ياكى تەسەۋۋۇپ ئەھلى شەرىئەتنىڭ بارلىق تەلەپلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك. ئىككىنچى باسقۇچتا مۇرىدلار ئۆز پىرلىرىگە (مۇرشىدلارغا) ئىتائەت قىلىشى، شەخسىي ئارزۇلىرىدىن كېچىشى شەرت. بۇ باسقۇچتىن ئۆتكەنلەر يۇقۇرىراق باسقۇچ— مەرىپەتكە كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ باسقۇچتا سوفىلار كائىناتنىڭ بىرلىكى ئاللاھتا مۇجەسسەم بولىدىغانلىقىنى (ئالەم ئاللاھنىڭ نۇرى ئىكەنلىكىنى)، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ نىسپىيلىكىنى قەلب بىلەن كۆرۈشى ۋە ئاڭلاشلىرى كېرەك. تۆتىنچى باسقۇچ ھەقىقەت بولۇپ، ئۇنىڭغا يېتىشىش سوفىنىڭ «شەخس سۈپىتىدە يوقىلىپ»، «ئاللاھقا سىڭىپ، ئەبەدىيلىككە يېتىشىشى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا سوفىلار مەخسۇس روھىي ۋە جىسمانىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىنتىلىدۇ.

قىلىپ، جىسمانىي مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ (پرومىتۇسنىڭ بەدىنى، ئىچ ئەزالىرىنى يىرتقۇچلار چوقۇپ يېگەن بولسا، ھېراكلېس ئوتتا كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، مۇقەددەس ئولىمپىيە تېغىغا چىقىپ كېتىدۇ)، روھىي ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئىلاھلار ماكانىغا ئۇچۇپ كەتكەن كۆرۈنۈشتە ئىپادىلەنگەن مەنتىقىي يەكۈن بىلەن تامامەن ئوخشاش. ھەللاجىنىڭ دارغا ئېسىلغان ۋاقتى بەلكىم ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆز- ئۆزىگە دۈشمەن بولغان نەپسى - خائىشى ۋە ئۇنىڭ گۇناھقا، ھارامغا ماكان بولغان تەندىن خالاسلىق تېپىپ، ئۇ ئىستىگەن ئاخىرقى روھىي ۋىسالگاھىغا قاراپ سەپەر قىلغان ۋاقتى بولسا كېرەك. شۇڭا، ئۇ ئۆلمەكىنى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدىكى «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق»، «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس» دېگەن ماقال- تەمسىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مېھنەت سەرپ قىلماي يەنى ئۆلۈمدەك ئېغىر ئازابلىق جەرياننى قوبۇل قىلماي تۇرۇپ مۇھەببەت مېۋىسىدىن نېسىۋە ئالغىلى بولماسلىقتەك قانۇنىيەتنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بىز نېمە ئۈچۈن ھېراكلېسنىڭ ھايات مۇساپىسى بىلەن بىر ھەقىقىي سوفىنىڭ تەرىقەت يولىنى باراۋەرلەشتۈرۈپ قارايمىز؟ رەسمىي سوفى نامى بىلەن ئاتالغان سوفىلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىي بويىچە بىرلا ئاللاغا ئىشق باغلاشنى، ئاللانىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن بىر قاتار زۆرۈر بولغان مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتۈشنى تەرغىب قىلىدۇ. تەسەۋۋۇپ تارىخىدا بەزىبىر ئىلغار خاھىشتىكى( باھاۋىدىن نەقشىۋەندىگە ئوخشاش) سوفىلار ئاللا ۋىسالىغا يەتمەك ئۈچۈن ئاللانىڭ تەجەللىيسى بولغان يەنى ئاللانىڭ ئالىي خىسلەتلىرىنى ئۆزىدە ئەڭ كۆپ ئىپادە قىلغان

ئىنسانىي سۆيۈش، ئاللاغا مۇھەببەت باغلاش ئۈچۈن ئادەمگە مۇھەببەت باغلاش زۆرۈر دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى سەنئەت ئىجادىيىتىدە دۇنياۋى خاھىش ھاسىل قىلغان ئاشۇ گۇمانىستىك ئېقىمنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇلارنىڭ ئىبادەت يولى تەركىدۇنياچىلىقتىن تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ، ھالال ئەمگەك، مېھنەت ۋە ئەمەلىي مەشغۇلىيەت ئارقىلىق جىسمىنىڭ ھارامغا مايىل ۋەسۋەسىسىدىن، ئادەمنى گۇناھقا باشلىغۇچى تەنىنىڭ ئاسارىتىدىن خالىي بولۇشنى تەرغىب قىلغانىدى. مانا مۇشۇ خىل ئىدىيىۋى ئېقىمدىكى سوفىلار بىلەن ھېراكلىپسىنىڭ تۇتقان يولى ۋە قىلغان ئەمەللىرىدە بەزىبىر ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى يوق دېيەلمەيمىز.

شۇنى سۆزلەش كېرەككى، ئەلۋەتتە، قەھرىمانلىق ئىدىئالى ئاساس قىلىنغان قەدىمكى دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك غايىسى بىلەن ئىسلام تېئولوگىيىسىدىكى سوفىلىق يولىنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، پەرقلىق تەرەپلىرىمۇ بار.

قەھرىمانلىق دەۋرلىرىدىكى «تەرىقەت» چىلىك قەھرىمانلىق ئىدىئالىدا ئىپادىلەنسە، بىر خۇدالىق دىنىنىڭ روھىي بىلەن سۇغۇرۇلغان سوفىزمنىڭ تەرىقەت يولى مەنىۋى تاۋلىنىش، گۇناھتىن خالىي بولۇپ پاكلىنىش (بۇنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ ھەر خىل) يوللىرى بىلەن بولىدۇ. بىراق، ئىلاھىيەت ۋە سەنئەت يېپىنچىسى بىلەن ئىككى خىل يۆنىلىشتە راۋاجلىنىپ ماڭغان ئىبادەتنى ۋاستە قىلغان مۇھەببەت قارىشى بىلەن ياخشىلىقنى ۋاستە قىلغان مۇھەببەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا تارىخىي باغلىنىش بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام سوفىستىك ئىدىئالىغا مۇھىم بىر ئىدىيىۋى

مەنبە بولۇپ خىزمەت قىلغان پىلوتىن[1] نىڭ «يېڭى پلاتونىزم» تەلىماتى بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن يۇنان ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدىكى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان غايىۋى مەزمۇنلاردىن پۈتۈنلەي مۇستەسنا بولمىسا كېرەك.

ئەمدى سوفىستىك ئەدەبىياتنىڭ دۇنياۋى ئىلغار يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان مەشھۇر مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر ئاغدۇرساق، ئۇنىڭدىن مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك باسقۇچىنى ئىنكاس قىلغان، تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلغار قاراشلىرىنى ئىدىيىۋى مەنبە قىلغان تىپىك ئۆرنەكلەرگە ئېرىشەلەيمىز. نەۋايى پەرھادنىڭ مۇھەببىتىنى بىلىم، ھېكمەت، ھۈنەر - قابىلىيەت، تەڭداشسىز جاسارەت ۋە مېھنەت بەدىلىگە قولغا كەلگەن «جاھاننەما» (بەلكىم «تەجەللى»گە قىياس قىلىنغان نەرسە بولسا كېرەك) ئەينىكىدە ئەكس ئەتكەن شىرىننىڭ جامالىنى كۆرۈشتىن باشلايدۇ. مېنىڭچە، خەلق داستانلىرىدا ئومۇملاشقان بۇ خىل سىرلىق ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن ياكى چۈشتە نامايان بولىدىغان تەڭداشسىز گۈزەل، پەرى سۈپەت مەشۇققا ئاشىقى بىقارار بولۇش مۇتىفىنى «ئىلاھىي ئىشق»نىڭ سوفىستىك ئاڭغا ۋەكىللىك قىلغان باش قەھرىمان ۋۇجۇدىدا نامايان قىلىنىشى دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، پەرھادنىڭ سوفىزمنىڭ ئىلغار تەشەببۇسلىرىغا ئاساسلىنىپ شەكىللەندۈرۈلگەن: چىدامچانلىق، جاسارەت، باتۇرلۇق، ئەمگەكچانلىق، ۋىجدان - ساداقەت، پاكلىق

① پىلوتىن (205—270) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى پىلاتون (ئەپلاتون)نىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك تەلىماتىنىڭ ۋارىسى. ئۇ پىلاتون تەلىماتىنى خرىستىئان ۋە شەرق ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاتالمىش «يېڭى پىلاتونىزم» پەلسەپە مەكتىپىنى ياراتقان. ئۇ، «دۇنيانى تەڭرى ئىمموناتسىيە قىلىپ ياراتقان، دۇنيا تەڭرىنىڭ ئىپادىسى، ئۇ ماددىغا ئايلانغانسىرى مۇكەممەللىشىپ قالغان، ئۇ ئالىي چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىر گەۋدىسى...» دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش سوفىزمغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن.

سىناقلىرىدىن ئۆتكۈزۈلگەن: ئەمەلىي ئىبادەتتە بېسىپ ئۆتۈشى شەرت قىلىنغان ئۆزىنى پاكلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىغا بېغىشلانغان سۈژىت ۋەقەلىكى قانات يايدۇ. بۇ يەردىكى پەرھادنىڭ "شېرىن ۋەسلىگە يېتىش مۇساپىسىدە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى نەۋايىنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى، ھەقىقىي مۇھەببەت ئەھلىگە قويغان ئۆلچىمى، ئىجتىمائىي غايىسى، جۈملىدىن گۇمانىستىك ئىدىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنى ئەسەرنىڭ رېئال قىممىتىنى ماددىلاشتۇرغان ئاساسىي ئامىللار، ئىشق - مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغۋار ۋە يۈكسەك چوققىسىنى كۆزلىگەن كىشىلەرنىڭ يەنى ھەقىقىي سوفىنىڭ نەۋايىچە ئىبادەت يولى دېيىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا تەركىدۇنيالىق، قۇرۇق ئىبادەت، زىكرى - ساما قاتارلىقلارنىڭ ئورنىغا ئىلىم - ھۈنەر ئىگىلەش (مەرىپەت باسقۇچىنى تاماملاش)، ھالال ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش كىشىنى چىن مۇھەببەتكە باشلايدىغان ۋە ھەقىقىي ۋىسالغا ئېرىشتۈرىدىغان (روھ بىلەن روھنى قاتىدىغان) بىردىنبىر يول ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زۇلۇم - ستەم، زوراۋانلىق، خىيانەتكارلىق، ھىيلىگەرلىك قىلمىشلىرىنى خىسراۋدەك، جادۇگەر كەمپىردەك كىشىلەر ئوبرازىدا ئىپادىلەپ، ئەنە شۇنداق مەنىۋى كېسەللىكلەر يامراپ كەتكەن زاماندا ھەقىقىي سوفىلىق يولىدىن، چىن مۇھەببەتتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا مۇھەببەت ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن يەنە ئاتالمىش «ۋەسلى ئىلاھىيە»گە يېتىش ئۈچۈن پەرھادقا ئوخشاش ساداقەتمەن بولۇپ، پىداكارلىق كۆرسىتىش كېرەك، دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن نەۋايى قەلىمى ئاستىدا چىن مۇھەببەتنىڭ يەنى تەسەۋۋۇپ پەردىسىگە ئورالغان، ھەقىقىي ئىنساندىلا بولىدىغان

چىن مۇھەببەتنىڭ ئالەمشۇمۇل كارتىنىسى سىزىپ كۆرسىتىلگەن. ھەللاجى مۇھەببەتنى ئۆلمەكلىك بىلەن كامالەت تاپتۇرغىنىغا ئوخشاش، نەۋايىمۇ پەرھاد ـ شىرىن تراگېدىيىسى بىلەن ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزدۇ. شۇ ئارقىلىق مۇھەببەت ئۇقۇمى بىلەن مېھنەت ئۇقۇمى تەڭلەشتۇرۇلدۇ. دېمەك، نەۋايىچە مۇھەببەت دېمەك مېھنەت دېمەكتۇر. نەۋايى «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنى «مېھنەتنامە» دەپمۇ ئاتايدۇ.

نەۋايىنىڭ سوفىستىك شەكىلدە پاكى سوفىستىك دۇنياقاراش ئاساسىدا شەرھلەپ ئۆتكەن مۇھەببەت قارىشى بىلەن خەلقىمىزنىڭ فولكلور مىراسلىرىدا خىيالىي، رومانتىك، سىمۋوللۇق ۋاستىلەر بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان مۇھەببەت قارىشى ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بار. بۇ نەۋايىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىكى ماتېرىياللاردىن، ئوبرازلاردىن ۋە باشقا ئىپتىك شەكىللەردىن، جۈملىدىن تىل دۇردانىلىرىدىن كۆپلەپ پايدىلىنىپلا قالماي، مۇھىمى خەلقىمىزنىڭ مول، ئۆلمەس تەپەككۇر خەزىنىسىدىن، جۈملىدىن ئەمگەكچانلىق بىلەن ياخشى پەزىلەت ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلگەن ئىلغار، ساغلام مۇھەببەت قارىشىدىن ئوزۇقلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نەۋايىنىڭ «پەرھاد ـ شىرىن» داستانىغا ئوخشاش، مۇھەببەت ۋەقەلىكىگە بېغىشلانغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا شۇنداق بىر ئورتاقلىق باركى، ئىشققا مۇپتىلا بولغۇچى ئاشىق (تەسەۋۋۇپ تىلى بىلەن ئېيتقاندا سوفى) سىرلىق ۋە ئىلاھىي خىسلەتلىك نەرسىلەرنىڭ ياردىمىدە ۋە پاكى قەدىمدە كىشىلەر ئىلاھىي قۇدرەتكە باغلاپ چۈشەنگەن چۈش ۋاستىسى بىلەن ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولىدۇ. بۇنداق ئىشق مۇپتىلالىقى كۆپ نەرسىلەرگە ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى سوفىستلارچە «ئىلاھىي ئىشق»قا، دىنىمىستىك

قاراشلاردىن خالىي سەنئەت بويىچە باش قەھرىمانىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېستېتىك ئىدېئالىغا ۋە ئىجتىمائىي غايىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنداق مۇھەببەتكە ياكى گۈزەل بىر ئارزۇ- ئىستەككە يېتىش جەريانىدىكى مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلەر ئوخشىمىغان ھايات دېتاللىرىدىن، خىيالىي توقۇلمىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردىكى غايىبانە ئاشىق - بىقارار بولۇش («ئىشق ئىلاھى»نى قەلبىگە پۈكۈش)، ئۇزاق، مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىش (ئۆزىدىن چىقىپ تەرىقەت يولىغا ئاتلىنىش)، سەپەر سىناقلىرىدىن ئۆتۈش(روھىي چېنىقىش)، خىزىر ياكى باشقا ھېكىم - ئۆلىمالار ۋاستىسىدە قىيىن، چىگىش تىلسىماتلارنى بەربات قىلىش (تەقۋادارلىق ۋە ئىستىقامەت بىلەن مەرىپەت باسقۇچىنى تاماملاش)، ھەر خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي توسالغۇلارنى يېڭىپ ۋىسالغا يېتىش (ھەقىقەت باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈپ مۇقەددەس روھ بىلەن قوشۇلۇش) قاتارلىقلار سوفىلارنىڭ تۇتقان يولى بىلەن مەنەن جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە.

قىسقىسى، كۆپىنچە ھېكايە - چۆچەكلەردە، خۇددى سوفىلارچە روھىي ۋە جىسمانىي چېنىقىشلاردا قەدەممۇقەدەم يوقىرى ئۆرلەپ، مۇئەييەن يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەندە ئىلاھىي كۈچلەرنىڭ(خىزىرغا ئوخشاش) ھىمايىسى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاخىر يار ۋىسالى بىلەن مەجازلاشقان مەقسەتكە يېتىش بىلەن تۈگەللىنىدىغان جەريان بىردەك ئىزچىللاشقان. مانا بۇ ئىنسان تەپەككۇرىدا دۇنياۋى ئورتاقلىق ھاسىل قىلغان ھايات قانۇنىيىتى، يىمىرىلمەس بىر مەنتەقە. مانا بۇ مۇھەببەت. ئىنساننى ئارىفلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان مۇھەببەت. فولكلوردا ئەكس ئەتكەن بۇ خىل مۇھەببەت قارىشى

بىلەن دىنىي تەسەۋۋۇرلاردا، جۇملىدىن سوفىزمدا ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا يىلتىزداشلىق، مەنبەداشلىق مۇناسىۋەت يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

يۇقىرىقى مۇلاھىزىمىزدىن شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ھەققىدىكى، مۇھەببەت ھەققىدىكى ۋە مۇھەببەت ئارقىلىق كامالەت تېپىپ، ئۆلۈم ئۈستىدىن غالىب كېلىش ھەققىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق تەپەككۇر جەۋھەرلىرى: ئۇنىڭدىن ئوزۇقلانغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ ئالەم ۋە ھاياتلىق قاراشلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئوخشىمىغان ناملار بىلەن مەيدانغا چىققان دىنىيمىستىك، سوفىستىك مۇھەببەت قاراشلىرى، بىزگە كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكى تونۇشىنىڭ ئۇنداق ئاددىي بولمىغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان بىردىنبىر يول دەپ تونۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە شەرت ۋە تەلەپلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن يەنە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋىيەت ئالىمىنى، تەپەككۇر خەزىنىسىنى، جۇملىدىن خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئاڭ سىستېمىسىنى، مول ئەدەبىيات- سەنئەت گۈلزارلىقىنى ئۆلمەس روھ ۋە ئىلھام مەنبەسى بىلەن، تۈگىمەس - پۈتمەس ئىجادىيەت ماتېرىيالى ۋە پارلاق غايىۋى يۈزلىنىش بىلەن، شۇنداقلا ئەبەدىي سېھرىي جەلپكارلىق ۋە ھاياتىي كۈچ بىلەن تەمىن ئەتكەن نەرسە يەنىلا مۇھەببەت دېمەي بولمايدۇ.

2002- يىل، قەشقەر

# ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىرى بويىچە، بىلىم — بەخت دېمەكتۇر. ئۇ ئىنساننى ئەزىز ۋە ئۇلۇغ قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ھەممە تىلىكى بىلىم بىلەن ھەل بولىدۇ. مانا بۇنىڭدا بىلىم ئېلىش، ئەقىلنى ئىشقا سېلىش ئىنسان بالىلىرى ئۈچۈن بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئەقىل- پاراسەت ۋە ئەۋلادمۇئەۋلاد جۇغلىغان بىلىم بايلىقلىرىنى قورال قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنگىچە قولغا كەلتۈرگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەقىلنى، بىلىمنى ۋاستە قىلىپ قولغا كەلگەن. ئەقىل ۋە بىلىمدىن كىم ياخشى پايدىلىنىشنى بىلسە، شۇ كىشى بايلىققا، بۈيۈكلۈككە، ھوقۇققا ۋە بەخت ـ سائادەتكە مۇيەسسەر بولالىغان. بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى ھەممە كىشى ئوبدان بىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك يولى ئوقۇشتىن ئىبارەت. بىلىم ئوقۇشسىز، ئۆگىنىشسىز قولغا كەلمەيدۇ. ئەقىل ئوقۇشسىز، ئۆگىنىشسىز ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چاچالمايدۇ.

ئوقۇش ياكى بىلىم ئېلىش پائالىيىتى قەدىمدىن تارتىپ

مۇنداق ئىككى خىل يول بىلەن ئېلىپ بېرىلغان: بىرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە بىۋاسىتە ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا بىلىم ئېلىش. يەنە بىرى، مەخسۇس بىلىم بەرگۈچى ئۇستازلارنىڭ ياردىمىدە بىلىم ئېلىش. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئومۇمىي بولغان بىلىم ئېلىش شەكلى كېيىنكىسى بولۇپ، بۇنىڭمۇ تارىختىن بۇيان كۆپ خىل شەكىللىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى زامانلاردا ئۆگەنگۈچىلەر ئەل ئىچىدە ئۆز بىلىمى ۋە پەزىلىتى بىلەن ئالاھىدە شۆھرەت تاپقان ئالىم، ئۆلىما، ھېكىم، پىر ۋە مۇرشىدلارنى ھەمدە باشقا ھۈنەرۋەن-كاسىپ ئۇستىكارلارنى ئۇستاز تۇتۇپ؛ ئۇلارنىڭ ھوزۇرىدا ئىستىقامەت ۋە سۆھبەتتە بولۇپ؛ بىرگە ياشاپ؛ ئىلمىي مۇتالىئەلىرى، بەس-مۇنازىرىلىرى ۋە باشقا ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە، جۈملىدىن تەشۋىقات-تەرغىباتلىرىغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلىپ؛ شەرھلىرىنى، ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق بىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىنىش شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. دۇنيا تارىخىدىكى، ئىلمىز تارىخىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخىدىكى نۇرغۇنلىغان كاتتا ئەربابلار، پەيلاسوپلار، ئالىم، سەنئەتكارلار ۋە باشقا بىلىم-ھۈنەر ئەھلىلىرى ئەنە شۇنداق يول بىلەن تەربىيىلىنىپ يېتىشىپ چىققان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئارىستوتېلنى ئۇستاز تۇتقان. ئەپلاتون فىساگورنى ئۇستاز تۇتقان. كومراجىۋا سۇلئىي سومانى ئۇستاز تۇتقان. كۇڭزىنىڭ شاگىرتى مىڭزى بولغان. ئابدۇراخمان جامىي سەئىدىن قەشقەرىنى ئۇستاز تۇتقان. نەۋايى پەرىدىدىن ئەتتار ۋە ئابدۇراخمان جامىينى ئۇستاز تۇتقان. ئامانىساخاننىڭ ئۇستازى قىدىرخان يەركەندى بولغان... دېمەك، بۇ خىل بىلىم ئېلىش ۋە تەربىيىلىنىش شەكلىدە، شاگىرت بولغۇچى ئۇستاز بولغۇچىغا كۆپىنچە قول بېرىپ ياكى بەيئەت

قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى رەھنىماسى دەرىجىسىدە تونۇپ، چەكسىز ئىخلاس بىلەن ئۆگەنگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئىلمىنىلا ئەمەس، يەنە خىسلەت - پەزىلىتىنىمۇ، ياشاش ئادىتىنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلمىي تەلىماتلىرىنى، ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرىنى، ھايات يولىنى، پەزىلەتلىرىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى، راۋاجلاندۇرغۇچى ياكى تولۇقلىغۇچى بولۇپ قالغان. بۇنداق بىلىم ئېلىش شەكلىدە شاگىرت بولغۇچىلارنىڭ ئەقىدە - ئىخلاسىغا نوقۇل ھالدا تەكرارلاش ۋە تەقلىد قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىش، مەسلەك بەرپا قىلىش، ھالقىش، ئاۋۋالقىنى ئىنكار قىلىش ئىجتىھاتى قوشۇلۇپ كەلگەن بولغاچقا، پەلسەپە، سەنئەت، تېبابەت قاتارلىق نۇرغۇن ئىلىم ساھەلىرى ئاشۇ كلاسسىك دەۋرلەردىلا ئۆز بالاغىتىنى يارىتىپ بولغان. شۇڭا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى گەرچە سانائەت ۋە تېخنىكا ساھەسىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، پەلسەپە، سەنئەت، ئېتىكا، دىن ۋە باشقا گۇمانىتار پەنلەر ساھەسىدە پەقەت كلاسسىكلارنىڭكىنى كۆشەش، ھەزىم قىلىش ھەلەكچىلىكىدە، خالاس.

ئومۇمەن قىلغاندا، قەدىمدە ئۇستاز بىلەن شاگىرت مۇناسىۋىتى ھازىرقى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا ئالاھىدىرەك ۋە يۇكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ھەتتا دىنىي ئىلىملەر ۋە ئىلاھىيەت مەسىلىلىرى بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى شاگىرتلارغا نىسبەتەن ئۆز ئۇستازلىرى ئۇلارنىڭ مەنىۋى داھىيسى، ئىلاھىي يولباشچىسى سۈپىتىدە قارالغان. بۇ، بولۇپمۇ ئىلاھىيەت ئىلىملىرى، جۈملىدىن دىنىي پەلسەپىۋى سىستېما تەسەۋۋۇپ(سوفىزم) تارىخىدا كۆپ كۆرۈلگەن ھادىسە. شۇ سەۋەبتىن، شاگىرتلار، مۇرىت -

مۇخلىسلار ئۆز پىر - ئۇستازلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى، ئىلمىي دەۋەتلىرىنى، ئىدىيىۋى تەشەببۇسلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى ۋە ئىستىقامەت يوللىرىنى تۇتۇشنى مۇھىم بىلىشكەن.

يۇقىرىقىغا ئوخشىغان بىلىم ئېلىش شەكلى ھۈنەرۋەن- كاسىپلار، جۇملىدىن ئەل ئىچى سەنئەتكارلىرى — مەدداھلىق، ئەلنەغمىچىلىك ۋە مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئارىسىدا تاكى ھېلىھەم داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەل ئىچىدە ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىر يۇرۇش ئۇدۇم - ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلار بىلەن ئۇستىلارنىڭ ئىختىيارىغا تۇتۇپ بېرىدىغان ئىشلارنى ئەنە شۇنىڭ ساقىندىلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە نىسبەتەن سىستېمىلاشقان ۋە قېلىپلاشقان مەدرىسە مائارىپى ياكى كونىچە مەكتەپ مائارىپى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى بىلىم- ھۈنەر ئىگىلەش شەكلىدىن باشقا، نىسبەتەن مۇنتىزىم بولغان تەلىم - تەربىيە پائالىيىتى كېلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن پىر - ئۇستاز، شاگىرت، مۇرشىد، مۇرىت، ئىشان، مۇخلىس دېگەندەك ناملار بىلەن بىرگە، مۇددەرىس، تالىپ، موللا، خەلپەت، مۇئەللىم دېگەندەك ئاتالغۇلارمۇ كەڭ ئىستېمال قىلىنىشقا باشلىدى.

مەيلى قايسى خىل بىلىم ئېلىش شەكلى بولسۇن، ئۇ ئۆگەتكۈچى تەرەپ بىلەن ئۆگەنگۈچى تەرەپ، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ بىرلىكىدە ئىشقا ئاشىدىغان ئۆزئارا ھەمكارلىق پائالىيىتى. شۇڭا، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە بىر- بىرىنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، قىلالماسلىقى بىلىم ئېلىش ۋە تەربىيىلىنىشنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش - بولماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ سىستېمىسى ھازىرقى زامان پەن -

بىلىملىرىنى ۋە تېخنىكىلىرىنى ئۆگۈتۈشىنىڭ تەلىپى ھەمدە تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى بويىچە مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن. مائارىپنىڭ ھەرقايسى تەربىيىلەش باسقۇچلىرى ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى چىقىش قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. باشلانغۇچ مائارىپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى بىلەن ئالىي مەكتەپ مائارىپى ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مائارىپنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قاتار قانۇنىيەتلىرى بولۇپ، بىز توختالماقچى بولغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى مەسىلىلەر ئەنە شۇ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى، جۈملىدىن مەكتىپىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر، بۇ جەھەتتىن دىققەت قىلىشقا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان بىر قىسىم زىددىيەتلەر دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار فىزىئولوگىيە جەھەتتىن تولۇق يېتىلىپ بولغان، مۇئەييەن كىشىلىك قاراش، تۇرمۇش قارىشى ۋە ياشاش مەۋقەسى شەكىللىنىۋاتقان بىر دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ دەۋر پەننىي، كەسپىي بىلىملەرنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، يەنە ئەخلاقىي ساپا، پسىخىك ساپا، ئېستېتىك ساپا ۋە جىسمانىي ساپا جەھەتتىن يېتەكلەشكە ئەڭ موھتاج بولغان، بۇ جەھەتتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدىغان ھالقىلىق پەيت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئىندىۋىدۇئاللىقى ۋە باشقا تۈرلۈك ئېھتىياجلىرى تولۇق ئاشكارىلىنىشقا

باشلايدۇ. شەخسىي تاللىشى ۋە مۇستەقىللىق خاھىشى گەۋدىلىك بولىدۇ. دوستلۇقتا، مۇھەببەتتە ئوتتەك قىزغىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. رومانتىك ھېسسىياتقا باي، يېڭىلىقتا ياكى ئۆزگىچە سېزىم بېرىدىغان نەرسىلەرگە ھەۋەسلىك كېلىدۇ. غۇرۇرى كۈچلۈك، ھەق - ناھەق قارىشى روشەن بولىدۇ. مانا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىنى، تەلەپ- ئۆلچەملىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىللاردۇر.

بىراق، بىز مەكتەپلىرىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى ياخشىراق كۆزەتسەك، خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچى ۋە بىۋاستە تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىم بېرىش ۋە تەربىيىلەش ئوبيېكتى بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى، نۆۋەتتىكى قىزىقىشى، ئارزۇ- ئىنتىلىشلىرىنى ھېسابقا ئالماي، ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ ئۇنۇمىگە ئېرىشەلمەيۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئەكسىچە رول ئويناۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا، مەن بۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىدىن بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ بىلىم بېرىش ۋە تەربىيىلەش ئوبېكتى بولغان ياشلارنى ياخشىراق چۈشىنىشى لازىم. مېنىڭچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى روھىي ھالىتى، قىزىقىشى ۋە غەم - ئەندىشىسىنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ، شۇ ئاساستا ئۇلارنى يېتەكلەش، ئوقۇتۇش تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئىلمىي ئۇسۇلى

ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى ياشلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە تولۇق چۈشىنىش دەرۋەقە، ئانچە ئاسان ئەمەس. بۇ ناھايىتى ئىنچىكە خىزمەتلەرنىڭ بىرى. ھالبۇكى، بىرقىسىم ئوقۇتقۇچىلار، جۈملىدىن سىنىپ مەسئۇللىرى ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى ماشىنا ئادەملەرگە ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلار دائىم ئۇلارنى باشقۇرۇشنى، كونترول قىلىشنى ياكى ئۆز گېپىگە كىرگۈزۈشنىلا ئويلايدۇ. ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزۈشنىڭ، ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدىلا باش قاتۇرىدۇ. ئەگەر ئۆز گېپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمايۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن يېتەرلىك ھۆرمەتكە نائىل بولالمايۋاتقانلىقىنى، قاقشاپ - تېرىكىپ تۇرۇپ قىلغان تەنقىد- تەنبىھلىرىنىڭ كارغا كەلمايۋاتقانلىقىنى، قىسقىسى گەپ ئاڭلىتىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى كۆرسە، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى پۈتۈنلەي ئوقۇغۇچىلاردىن ياكى باشقا تاشقى ئامىللاردىنلا كۆرىدۇ. ئۆز ئۇسۇلىنىڭ توغرا- توغرا ئەمەسلىكى، ئىلمىي- ئىلمىي ئەمەسلىكى بىلەن كارى بولمايدۇ. مانا بۇ تەربىيە ئوبيېكتى بىلەن تەربىيە سۇبيېكتى ئوتتۇرىسىدا كۆپ كۆرۈلىدىغان مېتافىزىكىلىق خاتالىقتۇر.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارغا قارىتا چەكلەشنى ئەمەس، بەلكى يېتەكلەشنى ئاساس قىلىش؛ مەجبۇرلاشنى ئەمەس، بەلكى قايىل قىلىشنى ئاساس قىلىش؛ تەنقىدلەشنى ئەمەس، بەلكى ئىلھاملاندۇرۇشنى ئاساس قىلىش بىردىنبىر ئىجابىي ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. كونىلاردا « ھۆرمەت

قىلساڭ ئىززەت تاپىسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت ‹تاپىسەن› » دەيدىغان گەپ بار. بۇ سۆزنى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىگە تەتبىقلىساق، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىنى ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەت قىلىشى ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ دېگەنلىك. ھالبۇكى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنى توغرا چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئۇلارغا قايسى جەھەتتىن ھۆرمەت قىلىشنىڭ ۋە قانچىلىك ھۆرمەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بىلىش كېرەككى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كىچىك باللار ئەمەس، بەلكى ياشلار. كىچىك بالىغىمۇ سەن مېھرىڭنى بەرسەڭ ئۇمۇ ساڭا ئىچىل - ئامراق بولىدۇ، ھەتتا ھايۋاناتلار، ئۇچار قاناتلار جېنىدا ئۆزلىرىگە كۆيۈنگەن، ئۆزلىرىنى ئاسرىغانلارغا ئەل بولۇپ دوستلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. سەن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىساڭ سېنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئادەم بولغۇچى يەنە كېلىپ ئاللىقاچان قۇرامىغا يېتىپ ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان، ياشلىق غۇرۇرى قايناپ - تېشىپ تۇرىدىغان ئىنسان ئۇچۇن باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ۋە مۇھەببەتكە مۇھەببەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئەڭ ئەقەللىي بىر قائىدىدۇر، ئەلۋەتتە. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىنىمۇ ئەنە شۇ كاتېگورىيىگە مەنسۇپ دەپ، بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ ئوقۇتقۇچى بولغىلى يەنى ئوقۇغۇچىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇلارغا ئادىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى بولغىلى بولسۇن؟

مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئوقۇغۇچىدا ئۆزى ئاڭلىق سادىر قىلغان گۇناھ بولمايدۇ. گۇناھ بار دېيىلسە، ئۇنىڭغا ئاتا - ئانا بولغۇچى، ئوقۇتقۇچى بولغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ

يېتىلىشىگە تېگىشلىك مۇھىت يارىتىپ بېرەلمىگەن جەمئىيەت جاۋابكار. ئوقۇتقۇچىلار ياش - ئۆسمۈرلەرنى بىۋاسىتە، مەخسۇس تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئاتا-ئانىلارغا، جەمئىيەتكە، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىتتىرىپ قويۇشى ئۆز سالاھىيىتىگە زادىلا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئوقۇتقۇچى بولغۇچى «مەن ئوقۇغۇچىلارنى قانچىلىك چۈشىنىمەن، ئۇلارغا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلەلىدىم، ئۇلارغا قانچىلىك ئۈلگە بولالىدىم ...» دېگەن مەسىلىنى ئوبدانراق ئويلىشىپ بېقىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتى، ئېسىل پەزىلىتى ۋە يارقىن ئوبرازى بىلەن تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىشى لازىم. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۈلگە. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قانداق ساقلاشنى بىلمەي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقىدىن بىھۇدە ئاغرىنىپ يۈرسە، ئۇنى چىن ئوقۇتقۇچى دېگىلى بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدىكى مەغلۇبىيىتى دەل ئۇنىڭ ئۇستازلىق سۈپىتىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدا، شۇنداقلا ئۆزىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىراپ قىلدۇرالمىغانلىقىدا. مۇنداقچە قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ئۆزى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالالمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئوقۇتقۇچى بەرىبىر تەربىيىچى. ئوقۇغۇچى بولسا تەربىيىلەنگۈچى. تەربىيىلەنگۈچى مەيلى قانداق مىجەز-تەبىئەتلىك، قانداق خۇي - مىجەزلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەربىيىنى قوبۇل قىلىۋاتقان شارائىتتا ئۇنى ئوقۇغۇچىدىكى بىر

خىل ئالاھىدىلىك دېيىشكىلا بولىدۇ. ئۇنى پرىنسىپال خاتالىق ياكى جىنايەتكىرانە ئىش ـ ھەرىكەت دەپ قاراپ ھېساب ـ كىتاب قىلىش، جازاغا تارتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر مەسىلە كۆرۈلسە پەقەت ياردەم بېرىشكە، يېتەكلەشكە ھەقلىقمىزكى، ئەدىپىنى بېرىپ ئۆزىمىزنىڭ كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ھەقلىق ئەمەسمىز. شۇڭا، مەكتەپلەردە جۈملىدىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنسا يەنى ئوقۇتقۇچىنىڭ بەرگەن تەربىيىسى، كۆرگەن چارە ـ تەدبىرلىرى ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماي، ئەكسىچە ئېتىبارسىز قالدۇرۇلسا، بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبچىسى يەنىلا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتمىگەن ياكى ئۆزىگە ئاشۇنداق تەلەپ قويۇشنى بىلمىگەن ھەرقانداق ئوقۇتقۇچى ئىدىيىۋى ساپا جەھەتتە لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق ئوقۇتقۇچى ھەرقانچە جىنىنى ئوپراتسىمۇ، داۋاملىق پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەچكە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بېسىش ۋە زەربە بېرىشنىڭ ئورنىغا نەسىھەت قىلىش ۋە كۆيۈنۈشنى؛ چەكلەش ۋە ئەدەپلەشنىڭ ئورنىغا يېتەكلەش ۋە قايىل قىلىشنى دەستۇرىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزى ئۈلگە بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ سالاپىتى، ئىجتىھاتى، ئوچۇق مىجەزى ۋە ئورۇنلۇق گەپ ـ سۆزلىرى، قىسقىسى، پەرىشتە سۈپەت پاك ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىشى زۆرۈر.

بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزدە شۇنداق بىر ئېچىنىشلىق ئەھۋال مەۋجۇتكى، بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ئاسانلا ئىدارە قىلىشنى

باشقۇرۇشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېسىمنى ياندۇرۇپ، ئۆزى بىلەن زىتلىشىشقا ئامال قىلالمايدىغان، قارشىلىشىشقا پېتىنالمايدىغان (ئەمەلىيەتتە قارشىلاشقۇدەك پايدا ـ مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمىسىمۇ) ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويالىسا ئۆزلىرىنى ئىقتىدارلىق ھېسابلىشىدۇ. تەلىم- تەربىيىنى ئەمەس، باشقۇرۇشنى؛ يېتەكلەشنى ئەمەس، كونترول قىلىشنى؛ قوزغىتىشنى ئەمەس، قىسماققا ئېلىشنى؛ ئىجادىيلىقنى ئەمەس، قاچىلاپ قويۇشنى؛ ئۆزىنىڭ يولىدا ئەمەس، ئۆزگىلەرنىڭلا يولىدا ماڭدۇرۇشنى؛ مەسىلىنى بايقاشنى ئەمەس، مەسىلىدىن خالىي بولۇشنى؛ گەپ قىلدۇرۇشنى ئەمەس، گەپ ئاڭلىتىشنى ئۆزىمىزنىڭ بىردىنبىر نىشانىمىزغا ئايلاندۇرۇپ قويۇش مائارىپىمىز ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق پاجىئە ئەمەسمۇ؟

ئوقۇتقۇچىي ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىلمىيلىكى، كەڭ قورساقلىقى، كۆيۈمچانلىقى، سەۋرچانلىقى، پاكىز، رەتلىك سىرتقى قىياپىتى بىلەن، قىسقىسى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئاجايىپ بىر ساھىبىنەزەر سىيما بولغانلىقى بىلەن ئۇلۇغلانغان ئوقۇتقۇچىلىق سۈپىتىنى ساقلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە نائىل بولۇش ئوقۇغۇچىنى ھەقىقىي تەلىم- تەربىيىگە ئىگە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەنە شۇنداق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزى بىر ئىلىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ئەڭ تېز، ئەڭ مەھكەم ئورنىشىدىغان بىر ئىلىم. ئۇلارنى كىتابلار دۇنياسىغا ئەمەس، رېئال پارلاق دۇنياغا يۈزلەندۈرىدىغان، ئۇنىڭغا ئىشەندۈرىدىغان، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئويغىتىدىغان، قىسقىسى، ئۇلارنى ئالدىمايدىغان ئەڭ چىن ئىلىم. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئەگەر ئالىقاچان 18

ياشتىن ھالقىپ كەتكەن ياشلارغا نىسبەتەن ئۇلاردا ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىلىمىگە، ئىقتىدارىغا ھەقىقىي قايىل بولىدىغان؛ ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن ئۆرنەك ئالىدىغان؛ ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن سۆيۈنىدىغان روھىيەت چاقنىشى مەيدانغا كەلمىسە، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەقىقىي مەنىسىنى تاپالمايدۇ، شۇنداقلا تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى بىز كۆزلىگەن جايدىن چىقمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى مەكتەپلىرىمىزدە ئۆز ئوقۇتقۇچىسىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن، ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنى ھاقارەتلەپ يۈرگەن، ھەتتا كۆز ئالدىدىلا قىلىقسىز، ھاياسىز، چاكىنا ھەركەتلەرنى بىمالال قىلىپ يۈرگەن؛ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ئۆچ ئېلىشنى پەملەپ يۈرگەن؛ تېخىمۇ قەبىھ بولغىنى، ئۆز ئوقۇتقۇچىسىغا تىغ كۆتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كۆپ ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇنداق ئەھۋاللارنى بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ مەھسۇلى ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدىغان جايدا ئادەم سىياقىدىن چىققان قىلمىشلارنىڭ سادىر بولۇشىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتى يوقمۇ؟

ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ياخشى دوستلاردىن بولۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا رەسمىي ئۇستاز شاگىرتلىق مۇناسىۋەت بولغاندىن باشقا، خۇددى ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە، بولۇپمۇ دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشاش مۇناسىۋەتلەرنىڭ بولۇشى

نورمال ھەم تەبىئىي ئەھۋال. مېنىڭچىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى، بولۇپمۇ سىنىپ مەسئۇلى بولغان ئوقۇتقۇچى سىنىپ ئىچىدە ۋە مەكتەپتىكى تۈرلۈك مەشغۇلات سورۇنلىرىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىتىدۇ، تۈرلۈك يوللار بىلەن تەربىيىلەيدۇ. مەسىلەن، دەرس ئۆتۈش، لېكسىيە سۆزلەش، يىغىن ئېچىش، سۆھبەتلىشىش، مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش، كىتاب ئوقۇشقا تەشكىللەش، نۇتۇق سۆزلەش ۋە دېكلاماتسىيە مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش دېگەندەك. بۇلار ھەم بىلىم بېرىشنى، ھەم تەربىيىلەپ ساپا يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئىشلار كۆپىنچە مەكتەپنىڭ قائىدە- تۈزۈم ۋە تەلىم - تەربىيە پىلانى بويىچە قەرەللىك بولۇپ تۇرىدىغان، مائارىپ خىزمىتىنىڭ زۆرۈر شەكىللىرى بولغاچقا، بۇ جەرياندىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتى ئۆز يولىدا تەبىئىي شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى، مەزمۇن خاراكتېرىنى ھەممە ئادەم ئوبدان چۈشىنىدۇ. بىراق، خىزمەت ۋاقتىدىن تاشقىرى بولىدىغان، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدىرەك بىر خىل مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋە نازۇك تەرىپىنى ھاسىل قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قانداق مۇئامىلە - مۇناسىۋەتتە بولۇشى بىر خىل قېلىپتا، بىر خىل تەرتىپتە بولۇشى ناتايىن. بۇ جەھەتتە ھەربىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇتقان يولى ۋە پرىنسىپى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش قارىشى، قىممەت نۇقتىئىنەزىرى، ياشاش ئادىتى قاتارلىقلار بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدىكى بەزى چىگىش مەسىلىلەرمۇ دەل مۇشۇنداق كەسپىي خىزمەت ۋە بەلگىلەنگەن ۋەزىپە تۇسىنى

ئالمىغان ئەھۋال ئاستىدا كۆپ سادىر بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق مۇناسىۋەتتە ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىنى، سۈرلۈك، جىددىي قىياپىتىنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستلاردەك ۋە بىر تۇغقاندەك ئالاقە - مۇئامىلىدە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلارچە تۈس ئالغان مۇناسىۋەتنى نورمال، ساغلام ئېلىپ بېرىش تەلىم - تەربىيە خىزمىتىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. چۈنكى، ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سۈر - ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش يولى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قورقۇتۇش ياكى ئەيمەندۈرۈشكە بېرىلگەنسېرى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلاردىن يىراقلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋال يوشۇرۇش ۋە سەمىمىيەتسىزلىك قىلىشتەك ھادىسىلەر كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇقۇشماسلىق كۆپ يۈز بېرىدۇ. بۇلار ئەلۋەتتە خىزمەت ئىشلەشكە قۇلايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى كىشىلەر «ئوقۇغۇچى دېگەن داۋىخور كېلىدۇ، ئۇلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلساڭ، ئۇلارغا چىشىڭنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپلا قويساڭ گېپىڭنى ئاڭلىماس، سېنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمايمەن. ئوقۇتقۇچىغا ھۆرمەت ئاتا قىلىدىغان نەرسە قاتتىق قول بۇلۇش ياكى «تومۇر تۇتتۇرماسلىق» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى، مىجەزى. سېنىڭ بىلىم قابىلىيىتىڭ ئۈستۈن بولسا، پەزىلىتىڭ يۈكسەك، كۆكسى - قارنىڭ كەڭ، مۇئامىلەڭ ياخشى بولسا يەنى ھۆرمەتكە لايىق بولساڭ، شەخسىيىتىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سېنى ھەركىم ھۆرمەت قىلىدۇ. ھۆرمەت دېگەن تەلەپ قىلىش، بېسىم ئىشلىتىش ياكى ھىيلە ئىشلىتىش بىلەن ۋە ياكى ھوقۇق - ئىمتىيازىنىڭ كۈچى بىلەن قولغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇ جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە

سازاۋەر دىۋانە بولىدۇ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن پادىشاھ بولىدۇ. گەندىنى ئالتۇن تاۋاققا ئۇسۇپ بەرسەڭمۇ ھېچكىم يېمەيدۇ، ئوخشىغان پولۇ پۇچۇق ھېجىردا بولسىمۇ يەيدىغان ئادەم چىقىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسپىي سالاھىيەت، بىلىم - تەجرىبە، ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە ياش جەھەتلەردىكى پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا تەرەپلەردىن، جۈملىدىن ئىنسان تەبىئىتى جەھەتتىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلەر بولمايدۇ. ئۇلار كۆپ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ ياكى يېقىن تۇرىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىمۇ گەرچە تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان بولسىمۇ ئوخشاشلا مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىل دۇنياقاراش ۋە كىشىلىك ھايات قارىشى بولىدۇ. ئۆز غۇرۇرىنى، ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش ھەمدە مۇھەببەتكە، دوستلۇققا چوقۇنۇش ئىككى ئوخشاشلا كۈچلۈك بولىدۇ. ئوخشىمىغان دەرىجىدە جىنسىيەت ۋە گىگىېنا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان، ھېچبولمىسا ئۇنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشكە باشلىغان بولىدۇ. مۇھەببەت ۋە قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلىدىغان مۇرەككەپ پسىخىك ھادىسىلەرگە ئوخشاشلا دۇچ كېلىدۇ. دېمەك، ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئورتاقلىق ۋە بۇ ئورتاقلىقنىڭ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇقەررەر كۆرۈلىدىغان ئالامەتلىرى (ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىدىن، بۇ ھەقتە مەكتەپنىڭ قانداق بەلگىلىمىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئوخشاشلا بەزى ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلماي قالمايدۇ. بۇلار ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئوقۇغۇچىلاردا توغرا مۇھەببەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار تەبىئىي ھالدا

ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. ناۋادا ئۇ بىر چەكلەنگەن رايونغا ئايلىنىپ قالسا، ئېنىقكى، ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدا زورمۇزور بىر بوشلۇق شەكىللىنىدۇ-دە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق تەدرىجىي كېڭىيىپ، تېخىمۇ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا زېمىن ھازىرلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئارىسىدا يوشۇرۇن ساقلىنىدىغان پەۋقۇلئاددە ئىشلارنىڭ بولماسلىقىنى پايدىلىق دەپ قارايمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن كۆرە، ئۆز غۇرۇرىنى، ئەقىدە-ئىخلاسىنى قوغداشقا، بۇنىڭ ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. دوستلۇقنى ھەرقانداق مۇناسىۋەتتىن ئۈستۈن قويىدۇ. بۇ جەھەتتىن قوللاشقا ئېرىشىشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر ئاتا-ئانىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى قولغا كەلتۈرەلمىسە؛ ئۇلارنىڭ قوللىشىغا، ياردىمىگە ئېرىشەلمىسە بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىدۇ، ئازابلىنىدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا مۇشۇنداق ئەھۋالدا چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ. قىسقىسى، ھەرقانداق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شېرىن ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ئەسىرى بولۇپ يۈرگەندە ۋەھىمە ۋە ئۆزىنى ئەيىبلەشتىن خالىي بولالمايدۇ. مۇنداق روھىي يۈكنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ئۆز كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، ھېسسىياتىغا، ئەقىدىسىگە، ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپرەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن تېگىرقاپ قالغاندا، قايمۇقۇپ يۈرگەندە ياكى زەربە يېگەندە ھامىيلىق قىلىدىغان بىرسىگە موھتاج بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەنئەنىۋى قاراشلار ۋە ئادەت كۈچى سەۋەبلىك بىزنىڭ ئاتا-

ئانلىرىمىزمۇ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايدۇ. شۇڭا، ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىشتا ئۇمىدىنى ئەڭ يېقىن دوستلىرىغا باغلايدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى ئاشۇ يېقىن دوستىنىڭ رولىنى ئوينىيالىسا، مۇھەببەت سەۋدالىقىدا ئۆز يولىنى توغرا تاللاشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان نۇرغۇن ياشلارنىڭ كۆڭۈل ئىزتىراپلىرى ۋە پاراكەندىچىلىكى ئازايغان بولار ئىدى.

ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىم بېرىش ۋە كۆپ تەرەپلىمە يېتەكلەش خىزمىتى ئېنىقكى، ئوقۇغۇچىنىڭ قەلب ئالىمىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. مۇنداق تەسىر بىر بولسا ئوقۇغۇچىنى توغرا، ساغلام مۇھەببەت قارىشىغا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش يولىنى توغرا تاللىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بىر بولسا ئۇلارنىڭ نورمال پسىخىكىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن ئوقۇغۇچىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرنى بايقاش، توغرا دىئاگنوز قويۇش ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئوقۇتقۇچى بولغان كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئاساسلىق ۋەزىپىسى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئامال بار چەك - چېگرىنى بۇزۇپ تاشلىشى زۆرۈر. كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلار بىلەن تۇرمۇشتا يېقىن دوستلارغا ئايلىنىشى، بىر - بىرىگە ئىشىنىشى، بىر-بىرىنىڭ شەخسىيىتىگە، ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى؛ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى ۋە دۇچ كەلگەن مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئوچۇق - ئاشكارا، سەمىمىي پاراڭلىشالايدىغان، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان ۋە مەسلىھەتلىشەلەيدىغان ھالەتنى يارىتىشى كېرەك.

دەرۋەقە، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى، ھەقىقىي ياردەمچىسى ئورنىدا كۆرسە، ئۆز روھىي ھالىتىدە مەۋجۇت بولغان مەسىلىلەرنى، تۇرمۇشتىكى

خاپىلىقى ۋە خوشاللىقلىرىنى تارتىنماي ئېيتالايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى نەزىرىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولغان بولىدۇ. ئەكسىچە، ئوقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىدىن ئەھۋال يوشۇرسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ نازارەتچىسى، قۇسۇرچىسى ھەتتا پايلاقچىسى ئورنىدا كۆرسە، ئوقۇتقۇچىسىغا كۆرۈنۈشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەپ يۈرسە، ئۇنداق ئوقۇغۇچىنىڭ تەلىم - تەربىيىنى ھەقىقىي قوبۇل قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن.

بىلمىسىزلىكتىن قالسىلا ئوقۇتقۇچىنى ئەڭ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان نەرسە شۇكى، ھە دېگەندە ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممە ئىشىنى خاتاغا چىقىرىش، ئۇلاردىن قۇسۇر ئىزدەش، كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئەدىپىنى بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، ياخشى ئوقۇتقۇچى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىيازى ۋە ھەيۋىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى قورقۇتۇش، قىستاش، تەنقىدلەش يولى بىلەن ئۇلارنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنمايدۇ.

قىسقىسى، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىنى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئىشىنىش، تايىنىش، ياردەملىشىش ۋە ئورتاق ئالغا بېسىش مۇناسىۋىتى دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىردەك ئادىل مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەق - ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. جەمئىيەتتە، كىشىلىك ھاياتتا بولۇپ تۇرىدىغان ئېگىز - پەس ئىشلارغا كۆنۈكمىگەن ياكى بىپەرۋا مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن بولىدۇ. ھەممىنى كىتاب بويىچە ئۆلچەپ، مۇتلەق لىللا ۋە ئادىللىق نەزىرى بىلەن باھالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچى بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلسا؛ ھەتتا كىچىك ئىشلارنىمۇ ئوخشاش كۆزدە قاراپ ئادىل بىر تەرەپ قىلمىسا ئوقۇغۇچىلاردا نارازىلىق كەيپىياتى كۆچىيىپ، قېيىدايدىغان، بويۇنتاۋلۇق قىلىدىغان، ھەتتا ئوقۇتقۇچىسىنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ ئادىللىقى ئالدى بىلەن ئۆزى مەسئۇل بولۇۋاتقان سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئۆلچەم، ئوخشاش تەلەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا ئالاھىدە كەڭچىلىك بېرىپ، يول قويۇپ، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلارغا بولسا بەكرەك چېپىلىپ يۈرۈشى: بىرىنى ئەزىزلەپ، بىرىنى چەتكە قېقىشى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھەقىقەتەن ناچار تەسىرات ۋە تونۇش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئىمتىھان ئېلىش، ئۈچتە ياخشى سايلاش، تۇرمۇش ياردەم پۇلى باھالاش دېگەندەك ئىشلاردا ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلماي شەخسىي ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەرقانداق بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا جەزمەن باراۋەر مۇئامىلە قىلىشقا، ھەرقاچان ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشقا تىرىشىشى، ئورۇنسىز تەنقىدلەشتىن، قەستەن ماختاشتىن ساقلىنىشى لازىم، ھەتتا گەپ- سۆزلىرىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلمىسا، قىلغان پەند- نەسىھەتلىرىنىڭ، تەنقىد - تەربىيىلىرىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىنىڭمۇ ئىجراسى بولمايدۇ ۋە ياكى باشقىلارنىڭ نامۇۋاپىق سۆز - ھەرىكەتلىرىگە، ئىنتىزامسىز قىلمىشلىرىغا دەستەك تەييارلاپ بەرگەن بولىدۇ.

مەن يۇقىرىدا توختالغان بىرنەچچە تۈرلۈك مەسىلىلەر ئەزەلدىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەردە كۆزگە كۆپ چېلىقىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەردىن بولۇپ، بۇگۈنكى كۈندە تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ چىقماقتا. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ مەدەنىي، ئەخلاقىي ساپاسى، قىممەت نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، مەكتەپ شارائىتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل يەنىلا ئوقۇتقۇچى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەركىزىي مەسىلە ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇشۇ دەۋرگە، ياش ئالاھىدىلىكلىرىگە تەئەللۇق پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

2001- يىل، قەشقەر



# بىز كىمگە قېيدايمىز

كونىلاردا «قېيدىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنى يېرىم»، «كۆپتىن يامانلاپ كۆمۈلمەي قاپتۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر بار. بۇلار ئۆزىنىڭ كونا گەپ بولۇشىغا قارىماي، دەۋرىمىز كىشىلىرىدە، بولۇپمۇ ياشلىرىمىزدا نىسبەتەن گەۋدىلىك ساقلىنىۋاتقان بىر خىل پاسسىپ روھىي ھالەت ۋە ئۇنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىۋاتقان زىيانلىق ئاقىۋەتلىرىنى ئىنچام كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ دەل بىزدىكى قېيداش پسىخىكىسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل پسىخىك ھادىسىنى بۈگۈنكى كۈندە مىللەت روھىيىتىگە ئومۇميۈزلۈك سىڭىپ بېرىۋاتقان، بىزنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزغا ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلىۋاتقان مەنىۋى ئىللەتلىرىمىزنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

قېيداش پسىخىكىسى ئەسلىدىنلا ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر خىل ئاجىزلىق. ئۇ ھەرقانداق كىشىدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئائىلىلەردە بالىلارنىڭ بىرەر تەلىپىنىڭ قاندۇرۇلماسلىقى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىغا قېيدىشى؛ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە توغرا باھاغا ئېرىشەلمەسلىكى بىلەن ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلىرىغا قېيدىشى؛ مۇھەببەتداشلار ۋە يېقىن دوست ـ ئاغىنىلەرنىڭ پىكىر ـ قىزىقىشى بىر يەردىن چىقمىسىلا بىر ـ بىرىگە قېيداپ

ماي تارتىشىپ يۇرۇشى: ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ نەمۇنىچى سايلاش، مۇكاپات پۇلى تارقىتىش، ئۇنۋان باھالاش دېگەندەك ئىشلاردا تەڭسىز مۇئامىلىگە ئۇچراپ قالسىلا ناقايىل بولۇپ تەشكىلگە ياكى ئۇ- بۇ رەھبەرگە قېيىداپ يۇرۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قېيىداش پسىخىكىسى مەيلى كىمدە، قاچان ۋە قەيەردە سادىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ كىشىلەرگە ئېلىپ كېلىدىغىنى باشقىلارنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرۇش، ئۆزىنى تاپا- تەنە ئوقىغا تۇتۇپ بېرىش، تەشەببۇسكارلىقتىن مەھرۇم قېلىش، قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىش، كۆڭۈل غەشلىكى، ناچار خىزمەت پوزىتسىيىسى، ئىجادچانلىقنى يوقىتىش، ئۇنۇمسىز خىزمەت ۋە خارلىقتا قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا، ئىنساننىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ۋە ئۆزىگە دۈشمەن بولغان نەرسىلەر (دىنىي، ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەر بويىچە «شەيتان» ياكى «جىن- ئالۋاستى»لار) ئىچىدە، تاقابىل تۇرۇش نىسبەتەن تەس بولغىنى ئەنە شۇ قېيىداش پسىخىكىسى بولسا كېرەك.

ئىنسان گەرچە تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشتە ھازىرچە غالىب ھېسابلانسىمۇ، ئۆزى بىلەن بولغان كۈرەشتە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، «شەيتان» بىلەن بولغان كۈرەشتە يەنىلا يېڭىلگۈچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئاچ كۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق، شەھۋەتپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، گۇمراھلىق، ئازغۇنلۇقنىڭ مۇجەسسىمى بولغان «شەيتان» شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك كۈرەڭلەپ كەتكەنكى، ئۇنىڭغا قېيىداشتىن ئىبارەت بۇ ئىرادىسىز، ئۈمىدسىز نەرسە دائىم ھەمدەمدۇر. «ئۈمىدسىز — شەيتان» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان. شۇڭا، ئىنسان قېيىداشتىن ئىبارەت ئۆز ۋۇجۇدىدا بېقىپ ئۆستۈرگەن دۈشمىنىنى يەڭمىگۈچە ئۆزىنىڭ

تارىخىي تراگېدىيىسىگە مەڭگۈ خاتىمە بېرەلمەيدۇ.

قېيىنداش پسىخىكىسى كۆپ ھاللاردا ساغلام بولغان ئېتىقاد ۋە غايە تەربىيىسىدىن مەھرۇم قالغان، ئۆگىنىش ۋە كۆرەش نىشانى ئېنىق بولمىغان، يەنى ھاياتتا تېخىرقاپ يۈرگەن ياشلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، مەكتىپىمىزگە ئوقۇشقا كەلگەن بىر قىسىم لاياقەتسىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالساق، بىز دائىم ئۇلارنىڭ ھەدىسىلا ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن ئاغرىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەر خىل تاشقى ئامىللارغا دۆڭگەپ يۈرگەنلىكىنى؛ ھېچ نەرسىدىن رازى بولماي، قېيىنداش تەلەپپۇزىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى؛ شۇڭا ھورۇن، لايغەزەل كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئويلاپ باقسام، بۇنداقلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ يوق ئەمەسكەنمەن. بىز بىرەر ئىشىمىز ئەپلەشمىسىلا، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن كۆرۈپ، سەۋەبىنى ئاللىكىملەرگە دۆڭگەپ ئۆز يۈكىمىزنى يەڭگىللىتىشكە ئۆرۈنىدىكەنمىز. مېنىڭچە، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، روھىي تەسەللى ئىزدەش ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولسا كېرەك.

ئادەتتە قېيىنداش پسىخىكىسى مۇناسىۋىتى يېقىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە كۆپ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دائىمىي مۇناسىۋەتلەر بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە تەبىئىي شارائىت ۋە بوشلۇق ھازىرلاپ بېرىدۇ. قېيىنداش ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە، روھىي تەكشۈرۈلۈقىغا ۋە نورمال مۇناسىۋىتىگە دەماللىققا ھەل قىلغۇچ تەسىر پەيدا قىلمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى بىر خىل نورمال ئەھۋال، دەپ قاراپ ئانچە پەرۋامۇ قىلىپ كەتمەيدۇ. بىراق، كىشىلەر ئالدىن

بىلىپ يەتمەيدىغان كەلگۈسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنى كىچىك ئىش دېگىلى بولمايدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىنمۇ ياكى ئىش ئەپلەشتۈرۈشكە ماھىر بولمىغانلىقىمدىنمۇ، ئىشقىلىپ، بەش يىلدا ئالىدىغان ئۇنۋان 15 يىلدا ئاران قولغا كەلدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن قېيداپ يۈرۈپ، ئىجادىي كۈچۈم ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئالتۇندەك ياشلىقىمنى ۋە روھىي قۇۋۋىتىمنى كۆپ زايە قىلىۋەتتىم. نى - نى چەت تىلى ئۆگىنىش پەيتلىرى، ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش پۇرسەتلىرى قولدىن كەتتى. ئىجادىيەت ۋە تەتقىقات ئۈچۈن تۈزگەن ھەر - ھەر پىلانلار قەغەز يۈزىدە قالدى. مېنىڭ پۈتكۈل ئىستىقبالىم، بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى، يەنە كېلىپ بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن زىممەمگە ئالغان مەجبۇرىيىتىم ئەنە شۇ قېيداش تۈپەيلى كۆزلىگەن جايىنى تاپالمىدى.

بولۇپمۇ ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا يەنى كىشىلەرنىڭ پايدا-زىيىنىغا، ئىستىقبالىغا ۋە بەخت-سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ-چوڭ ئىشلاردا قېيداش پسىخىكىسىنىڭ زىيىنىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. تەقدىرى تارىخىي سىناقتا دۇچ كەلگەن، ئازراق سۇسلۇق قىلىشىنىڭ ئۆزى چوڭ خارلىق ۋە زارلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىر مىللەتكە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭا، خەلقىمىز بۇ ھەقتە بىزگە «پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالما» دەپ دانا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. قېيدىغاق كىشىلەرنى «كۆڭلى - كۆكسى تار»، «پىت ئۈچەي» دەپ سەلبىي سۈپەتلەپ، قېيدىغاق قىلمىشلارنى ناچار ئەخلاق قاتارىدا ئەيىبلەپ كەلگەن.

قېيداش پسىخىكىسى شەخسنىڭ ئىلگىرىلىشىگە، ئوبرازىغا ۋە ئىستىقبالىغا زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

شۇ ئارقىلىق ۋەتەننىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا، مىللەتنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە پايدىسىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىدە ياكى خىزمەت ئورنىدا مەلۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ۋاقىتلىق ياكى ئايرىم ھادىسىلەر سەۋەبلىك پەيدا بولغان ئۆزىدىكى قېيىداش روھىي ھالىتىنى كونترول قىلماسلىقى ياكى ئۇنىڭغا چەك قويماسلىقى، ئۇنىڭ ئۆز خاراكتېرىدىكى بوشاڭلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ۋەتەن، مىللەت، ئەۋلاد، كېلەچەك ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى شۇكى، ئۇ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۆز تەبىئىتىنى، ھېسسىياتىنى ئەقىل - ئىدراك بىلەن كونترول قىلىش، ئۇنى ئېتىقاد ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىغا بويسۇندۇرۇشنى بىلىش ئىنساننى يۈكسەك ۋە ئالىيجاناب قىلغان نەرسە. كىشىلەرنىڭ قېيىداش پسىخىكىسىغا چەك ئېلان قىلىشى ئۆزىدىكى چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىرادىسىنى نامايان قىلىدۇ. ھاياتلىق سەھنىسى بىر چەك مەيدانى. كىشىلەر ئۇرۇش - جېدەلسىز تىنچ ئۆتكەن شارائىتتىمۇ، كۆرەشتىن، بەلكى تېخىمۇ كەسكىن، مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ كۆرەشتىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇلار ھەرقاچان ئۆزى بىلەن كۆرەشتە. ئۇلاردىكى ئەقىل- ئىدراك، شان - شەرەپ، غۇرۇر، ئېتىقاد، يەنى ئادىمىي سۈپەت بىلەن «شەيتان» سۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن ھايۋانىي سۈپەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش زادىلا توختىمايدۇ. بۇ كۆرەشتە ئىنسانىيلىقنىڭ ئۈستۈنلۈك قازىنىشى ئىنساننى ھەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە قەدىرلىك قىلىدۇ. بىزنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىدىكى قېيىداش پسىخىكىسى بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئۈندىشىمىز، ماھىيەتتە ئەنە شۇ ئىنسانلىق مەرتىۋىسىگە

دەۋەت قىلىشمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھاياتتا ھەممىلا ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋەرمەيدۇ. تەبىئەتنىڭمۇ باھار - يازى، قىش - ئايازى بار. ئۇنىڭسىزمۇ دۇنيادا سېنىڭ دىتىڭغا ياقمايدىغان ناباب ئىشلار، ئەقلىڭگە سىغمايدىغان غەلىتە ھادىسىلەر، ئىرادەڭگە بويسۇنمايدىغان تەقدىر - قىسمەتلەر، تەبىئىتىڭگە ماس كەلمەيدىغان تەتۈرلۈكلەر قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن يامانلاپ، قېيىداپ، باتىناپ، ئاغرىنىپ جان توشىمايدۇ. ناۋادا سەن ئانچىكىم ئىشلار ئۈچۈن قېيىداپ قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالساڭ، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئۇپراتقان بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەممە زىيان ئۆزۈڭگە بولىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتكىنى ئۆتكەن، پۇرسەتنىڭ كەتكىنى كەتكەن. كۈچۈڭ زايە بولىدۇ، زېھنىڭ خورايدۇ. بارغانسېرى ھۇرۇن، لەقۋا بولىسەن. دىلىڭ غەش، تېنىڭ لەش بولىدۇ، ئەقلىڭنى دات باسىدۇ، ئاۋازىڭنى پەريات. دۈشمىنىڭ شادىمان بولىدۇ، دوستلىرىڭ پەرىشان.

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى توغرا تونۇپ، ئىمكانىبار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قېيىداش روھىي ھالىتىدىن نېرى بولالايدۇ ياكى ئۇنى يېڭىشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئۈمىدۋار بولۇشتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى رېتسېپلارنى سىناپ بېقىشقا بولىدۇ: كۆڭۈل - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش، باشقىلار بىلەن ئوچۇق - يورۇق مۇئامىلىدە بولۇش، ئۆزىنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇۋالماسلىق، ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇپ تۇرۇش، ھەممىدە ئۆزىنىلا چىقىش قىلىپ پىكىر يۈرگۈزمەسلىك، ھەرقاچان ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇئەييەن بىر ئومۇمىيلىقنى نەزەرگە ئېلىش (قانچىكى يۈكسەك ئومۇمىيلىقنى نەزەرگە ئالالىسا شۇنچە

ياخشى)، سەۋەبى ئاۋۋال ئۆزگىلەردىن ئەمەس، ئۆزىدىن ئىزدەشكە ئادەتلىنىش، تەمەخورلۇقتىن خالىي بولۇش، تەقۋادارلىقنى قۇرۇق ئىبادەت بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن بەجا كەلتۈرۈش، ئۆزىگە ئۇيغۇنلىشىش يولىنى تۇتۇش، دائىم تەپەككۇر ئىچىدە ئۆز روھىنى تاۋلاش...

ئويلاپ باقايلى، بىز ئۆز ھاياتىمىزدا قانچىلىغان نۆۋەر چاغلىرىمىزنى، بىز ئۈچۈن غايىبانە قۇچاق ئاچقان ئامەتلىك پەيتلىرىمىزنى، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان زېھنىي - قۇۋۋەتلىرىمىزنى، شۇ قەدەر دىلبەر غايە - ئىستەكلىرىمىزنى، قايتىلانماس پۇرسەتلىرىمىزنى، غورىدىن ھالۋا پىشۇرىدىغان تەمكىن، قىزغىن ۋە ئوتلۇق مىجەز - تەبىئەتلىرىمىزنى ئاشۇ ئەرزىمەس، لەنىتى قېيداشلارغا قۇربان قىلىۋەتكەندىمىز - ھە!

«ئۆيدىكى بوداق بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، ئادەم ھەممە نەرسىنى ئۆز ئۆلچىمى بويىچىلا ئۆلچىسە بولمايدۇ. ئىنساننىڭ قىممەت قارىشى ئېنىق مەنپەئەتدارلىققا ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي مەنپەئەتدارلىق يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، رېئاللىق كىشىلەرنىڭ قىممەت نوقتىئىنەزىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا ياكى شەخسنىڭ كۈتكىنىدەك نەتىجە بەرمىگەندە، كىشىلەر ئاسانلا قېيداش ھۇنىرىنى ئىشقا سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، تەتۈر يۆنىلىشلىك ساداققا ئوخشاش قويۇپ بەرگۈچىنىڭ كۆكسىگە كېلىپ سانچىلىدۇ. كىشىلەر ساداقنىڭ ئۆز قولىدىن چىققانلىقىنى سەزگەندە بولسا، ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ.

مەن ئەنە شۇنداق زامانغا، تەقدىرگە قېيداپ قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقان ياش دوستلارنىڭ سەمىگە شۇنى سالماقچىمەنكى، بىز قېيداش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ھەربىر مىنۇت ئوخشاشلا ھاياتىمىزنىڭ بىر بۆلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىراق، قېيىداپ ئۆتكۈزگەن شۇ مىنۇتتا مەھرۇم بولغانلىرىمىز، ھامان ئېرىشكەنلىرىمىزدىن كۆپ بولىدۇ. بەلكىم شۇ مىنۇتتا قولدىن بېرىپ قويغان مەلۇم نەرسىمىز ئۇچۇن ئۆمۈرۋايەت ھەسرەت چېكىشىمىز مۇمكىن. دېمەك، بىز قېيىدىساق باشقىلارغا ئەمەس، دەل ئۆزىمىزگە قېيىدايمىز. ۋەتەنگە، مىللەتنىڭ كېلەچىكىگە، خەلقنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچىگە قېيىدايمىز. «ئابدال يامانلىسا خۇرجۇنغا زىيان.» مەن ئۆزىنىڭ كىم ئۇچۇن قېيىداپ يۈرگىنىنى بىلمەيۋاتقان، بىلسىمۇ پەرۋا قىلمايۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتە ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

دەۋر بىزدىن ئۈمىدلىك، چىدامىلىق، ئىجادچان، پىداكار ۋە رىقابەتچان بولۇشنى؛ خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئىراقنى نەزەر سېلىشنى؛ مىللەتنىڭ، ئەۋلادنىڭ كەلگۈسىگە مەسئۇل بولۇشنى؛ باشقىلارغا قارىغاندا ھەسسىلەپ تىرىشىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلالمىغانلار ھالاك بولىدىغان رەھىمسىز رىئاللىق ئالدىدا، شەخسىي مەنپەئەتىمىزنى بىردىنبىر نىشان ۋە چىقىش نۇقتا قىلىۋېلىپ، ئىشىمىز ئوڭغا تارتمىسىلا قېيىداپ مايتارتىپ، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز ئاقسىتىپ يۈرسەك؛ ھەتتا ئۇنى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلماسلىقنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىپ، جاۋابكارلىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ يۈرسەك، قىسقىغىنە ھاياتىمىزدا قانچىلىك ئىشلارنى قىلالايمىز؟ كېيىنكىلەر بىزنى نېمىدەپ ياد ئېتىدۇ؟

دوستلار، قېيىداش بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. بىزدىن بۇرۇنقىلارمۇ قېيىداپ نېمىگە ئېرىشكەن؟ مەردانىرەك بولايلى، چىقىش يولىمىز قېيىداپ يېتىۋېلىشتا ئەمەس، بەل قويۇۋەتمەي داۋاملىق ئالغا بېسىشتا.

1999 - يىل يانۋار، قەشقەر

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى
# ۋە مۇھەببەت

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يىرنەچچە يىللىق جۇشقۇن، رومانتىك، شۇنداقلا قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزگەن هايات مۇساپىسىدە، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئالاھىدە ئىز قالدۇرۇپ ئۆتىدۇ. روھىي باي، ئەمما يانچۇقى قۇرۇق، ئارمان كۆپ دەرمان ئاز ئاشۇنداق بىر چاغدا، مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئادەم ئەقلىنى لال قىلغۇچى ھەم تاتلىق، ھەم ئاچچىق، ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم ئازابلىق تۇيغۇلار بىلەن كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئارامسىزلىق بەخش ئەتكۈچى كۈتۈلمىگەن مېھمان ئۇلارنىڭ قەلب ئۆيىگە ناھايىتى تۇيۇقسىز، ئالدىراپ - سالدىراپ كىرىپ كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچى بۇ قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق مۇھەببەت يالقۇنى ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ، ئوقۇغۇچىلارنى تەگسىز، چۈشىنىكسىز ئوي - خىياللارغا بەند قىلىپ، شېرىن ئارزۇ - تىلەكلەرگە ئەسىرار قىلىدىغان چاغ دەل ئۇلارنىڭ پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ، ۋاقىتىنى قولدىن بەرمەي، بارلىق قىيىنچىلىق ۋە مۇساپىرلىق، غېرىبلىق كەيپىياتى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، بەس - بەستە ئىلىم - پەن ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشى، كىتاب ئوقۇشى ۋە ئىجات قاينامىلىرىدا دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى زۆرۈر بولغان؛ دەۋر ئۇلارنى مۇشۇنداق

بىر ھايات ـ ماماتلىق بەيگىدە سىناۋاتقان پەيتكە توغرا كېلىدۇ. بۇياقتا قارىساڭ سېنىڭ بارلىق ئوي ـ پىكرىڭنى سېھىرلەپ ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان مۇھەببەت پەرىشتىسى ساڭا قاش ئېتىپ، ناز ـ كەرەشمە قىلىۋاتقان؛ ئۇ ياقتا قارىساڭ سەللا بىخۇدلۇق قىلساڭلا ياكى بەل قويۇۋەتسەڭلا شاللىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان كەسكىن رىقابەت، كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتقان قاتمۇ قات ئىمتىھان ـ ئۆتكەللەر... قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەرقانداق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەنە شۇنداق ھېسسىيات بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن دوقمۇشتا ئۆز يولىنى تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. بەزىسى ماڭماي بولمايدىغان يولىنى تاللايدۇ. بەزىسى مېڭىشى زۆرۈر بولغان يولىنى تاللايدۇ. بەزىسى شۇ ئاچالدا تېڭىرقاپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. بەزىسى بولسا كۆڭۈلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، مۇھەببەت گۈللىرىنى ۋاقىتسىز ئېچىلدۇرىدۇ ـ دە، ھايالسىز سولدۇرۇپ پۇشايماندا قالىدۇ. يەنە بەزىسى بولسا، بىلىم دىلبىرىنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈپ، مېھنەت سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالىدۇ.

دېمەك، ئەنە شۇنداق ئۆز ئىستىقبالىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان ھالقىلىق پەيتتە ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۆز يولىنى قانداق تاللاپ مېڭىشىغا يېقىندىن ياردەم بېرىش ئوقۇتقۇچى بولغان كىشىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى، بولۇپمۇ مۇھەببەتلىشىشتىن ئىبارەت بۇنداق مۇرەككەپ ۋە نازۇك بىر مەسىلىدە ئوقۇغۇچىلارنى توغرا يېتەكلەش تېخىمۇ مۇھىم. ئۇنداقتا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىگە قانداق قاراش ۋە بۇ ھەقتىكى خىزمەتلەرنى قانداق ئىشلەش كېرەك؟

بىز ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىمىز، ئىنسان تەبىئىتىگە ۋە ئىنسان ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىمىز. ئىنساننىڭ روھىي تەلەپلىرىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى، كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ بوغۇلماسلىقىنى ئىلمىيلىق ھېسابلايمىز. ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ياشلارغا نىسبەتەن ئۇلاردا مۇھەببەت سېزىمىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە بۇ خىل روھىي تەلەپ، روھىي ئىستەك يولىدا پىكىر قىلىشى؛ ئەخلاق ۋە قانۇن يول قويغان دائىرىدە بۇ جەھەتتىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىشى ۋە ئالماشتۇرۇشى نورمال ئەھۋال. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىپ، ھال - مۇڭ بولۇشۇپ، ھەمدەملىشىپ يۈرسە بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇنىڭدىن ھەيران بولغۇچىلارمۇ بولمىسا كېرەك.

بىراق، بۇنداق ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئالاھىدە پەيتتىكى قىز-ئوغۇللار مۇناسىۋىتىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا مەلۇم چەك قويۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا مۇھەببەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ توغرا، ساغلام مۇھەببەت قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش تولىمۇ مۇھىم. چۈنكى، بۇ ئىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە، ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي ساپا يېتىلدۈرۈشىگە، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ئىستىقبالىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى ئىلمىي جەھەتتىن تونۇپ، ئۇنىڭ نورمال ئەھۋال ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنمىز، ئۇنى ھەرقانداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن چەكلەش پەنگە، ئىنسان تەبىئىتىگە خىلاپ، بەلكى تەبىئەت قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنداق قىلىش ھەم ئۆز- ئۆزىمىزنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئاللىقاچان مۇھەببەتلىشىش يېشىدىن ھالقىپ كەتكەن ئالىي

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى مەنئى قىلمايمىز ھەم قىلىپ بولالمايمىز. دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - بەلگىلىمىلىرىدىمۇ ئۇنى چەكلەش توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر يوق. شۇنداقتىمۇ ئالىي مەكتەپلەردە مۇھەببەتلىشىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ، ھەتتا بەزى مەكتەپلەردە مۇھەببەتلىشىشكە بولمايدۇ، دەپ ھۆججەت - ئۇقتۇرۇشلار چىقىرىلغان. جۇملىدىن مەكتىپىمىزدە شۇنداق.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مۇھەببەتلىشىش دەۋرىدە تۇرۇشى بىلەن ئوبيېكتىپ شارائىت پىشىپ يېتىلمەسلىكتەك بىر زىددىيەت مەۋجۇت بولىدۇ. دەرۋەقە، ئاتا - ئانا ۋە ئوقۇتقۇچى بولغۇچىلارمۇ بىردەك ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىۋاتقان شارائىتتا مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويۇشىنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەمما، بۇ تەلەپنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ زىددىيەتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ھەل قىلىش ئۈچۈن پەقەت تەربىيە بېرىش(خىزمەت ئىشلەش) ۋە يېتەكلەش ئۇسۇلىنىلا قوللىنىشقا بولىدۇكى، بىراقلا چەكلەشكە، بېسىم ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇنى ئوقۇغۇچىنىڭ گۇناھى دەپ قاراپ، ئوقۇغۇچىنى ئەيىبلەشنىڭ، ھاقارەتلەشنىڭ ياكى جازالاشنىڭ دەستىكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھەم ئىلمىي ئەمەس، ھەم ئادەم تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پەقەت نەسىھەت قىلىش، چۈشەندۈرۈش يولى بىلەن ئوقۇش مەزگىلىدە مۇھەببەتلىشىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ زىيىنىنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇتۇپ، ئۇلارنى قايىل قىلىشلا بىردىنبىر ئىلمىي ئۇسۇل بولىدۇ.

بىز نېمە ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەردە مۇھەببەتلىشىشكە

بولىدۇ، دەپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى توغرا ئەمەس دەيمىز ۋە ئامال بار يەنە چەكلەپ تۇرىمىز؟ مەن بۇ ھەقتىكى پىكرىمنى تۆۋەندىكى تۆت نوقتىدىن شەرھلەپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قەلبىدە ئاللىقاچان مۇھەببەت ئورۇقلىرى بىخ سۈرۈپ چېچەكلەشكە باشلىغان پەيتتە تۇرىسىمۇ، ئۇلاردا تېخى توغرا مۇھەببەت قارىشى، تۇرمۇش قارىشى، ئائىلە ۋە نىكاھ قارىشى تۇرغۇزۇلمىغان ياكى پىشىپ يېتىلمىگەن بولىدۇ. بەلكىم سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاچقا، ئاشۇ يېشىڭىزدا ۋە قوبۇل قىلغان تەلىم- يەربىيىڭىزدە ئۇنى نورمال بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. يەنە كېلىپ بۇ سىزنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقىڭىز. لېكىن، مۇھەببەت سىز چۈشەنگەندەك ئۇنداق ئاددىي بولمايدۇ. مۇھەببەت شۇنداق نەرسىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە جەلىپكارلىقى بىلەن شۇنچىلىك ھوشيار ۋە ئەقىل - پاراسەت ئىگىسىنىمۇ يولدىن ئازدۇرۇۋېتەلەيدۇ. شۇنىڭدەك قۇياشقا ئوخشاش قاراڭغۇ دىللارنى پارلاق نۇرغا ھەم چۈمدۈرەلەيدۇ. كىشىنى يا شەيتانغا ئەل قىلىدۇ ياكى بولمىسا خىزىرغا ئۇچراشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىدىغان، تەنتەكلىك بىلەن ئالدىراپ يېقىنلىشىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئالدى بىلەن نازۇك، مۇقەددەس، گۈزەل، پاك، ئالىيجاناب تۇيغۇ، ئاندىن قالسا يۈكسەك مەسئۇلىيەت، ئۇلۇغۋار بېغىشلاش. شۇڭا، ئۇ ئاجايىپ چىدام - بەرداش ۋە نۇرغۇن بەدەل تۆلەش ئارقىلىقلا تولۇق مەنىگە ئىگە بولىدىغان نەرسە. سىز ئۇنى ئويۇنچۇق، كۆڭۈل خۇشى، ئىچ پۇشۇقى ئورنىدا كۆرسىڭىز، ئۇ سىزنى تۈگىمەس ھەسرەت - نادامەتلەر بىلەن جازالايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتسىڭىز ئالەمچە شادلىق ۋە لەززەت بىلەن تارتۇقلايدۇ. مۇھەببەتتىكى بىر قېتىملىق يەڭگىلتەكلىكىڭىز،

تەنتەكلىكىڭىز بەدىلىگە ئۆمۈرلۈك ئاھ ـ پەريات چېكىسىز. شۇنداق ئىكەن، سىز قەلب ئۆيىڭىزگە بۆسۈپ كىرگەن مۇھەببەت پەرىشتىسىنىڭ ناز ـ كەرەشمىسىگە سەگەكرەك مۇئامىلە قىلغىنىڭىز ياخشى. بۇ ئىشتا قانچىكى كۆپ ئويلىنىش، ئەقىل سەرپ قىلىش سىزگە ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. ئەقىلنى ھېسسىيات ئۈستىگە قويالىسىڭىزلا يولنى خاتا تاللاپ قويۇش ئېھتىماللىقى شۇنچە ئازىيىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى ئەڭ تىنچ، خاتىرجەم، روھىي دىشۋارچىلىقتىن خالىي، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزەي دېسىڭىز ياكى ئۆگىنىش پىلانىڭىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى مۇھەببەت يولىغا ئالدىراپ قەدەم قويمىغىنىڭىز تۈزۈك. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار نەسىھەت قىلىش، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا ئايدىڭلاشتۇرۇشى، بۇ مەسىلىدە ئۇلارنى قايىل قىلىشى زۆرۈر.

ئىككىنچى، ئالىي مەكتەپ ھاياتى ھەربىر ياش ئۈچۈن ئاسان قولغا كەلمەيدىغان، تەكرارلانمايدىغان بەكمۇ قىممەتلىك غەنىيمەت پۇرسەت. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھاماقەتلىكلا ئەمەس، بەلكى بىر مۇناپىقلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، سىز ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلىپ، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ يۈرگەن ئاتا ـ ئانىڭىز، سىز ئۈچۈن ئىللىق باغرىنى كەڭ ئېچىپ ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن ئانا ۋەتىنىڭىز، خەلقىڭىز سىزگە سەرپ قىلغان ئەجرىنى سىزنىڭ ياخشى ئوقۇپ، يارامىلىق ئادەم بولۇپ، ئۈمىدىنى ئاقلاش ئارقىلىق قايتۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، مۇقەددەس ۋەتىنىنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمىگەن، ئۈمىدىنى يەردە قويغان ئىنسان تۈزكور، مۇناپىق بولماي نېمە؟ مەسىلىنى مۇشۇنداق چۈشەنسىڭىزلا، ئۆزىڭىزنىڭ

ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ، ھەممىگە چىداپ، مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىتنى، كۆپ كىشىلەرگە نېسىپ بولمايدىغان پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كۆپلەپ ئىلىم - بىلىم ئېلىشقىلا ھەقلىق ئىكەنلىكىڭىزنى، بۇنىڭدىن باشقا ئىشلار، ھاۋايى - ھەۋەسلەر بىلەن ھاياتىڭىزنى، ئاتا- ئانىڭىزنىڭ قان - تەرىنى زايە قىلىشقا ھېچقانداق ھەققىڭىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ يېتەلەيسىز. ئىنسان ئۈچۈن مۇناپىق بولۇپ قېلىش ياكى شۇخىل ئاتاققا قېلىپ لەنەتلىنىش نەچچە ئون قېتىم ئۆلگەنگە باراۋەر ئىش. ئۇنداق كىشىنى ھەتتا ھايۋانغىمۇ ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھايۋان جېنىدا باققاننى بىلىدۇ، مېھىر - مۇھەببەتنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، مۇناپىق ئادەمنى ھايۋانغا ئوخشاتساق ھايۋانغا ئۇۋال قىلغان بولىمىز.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى پۇرسەتنى تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئادەتتىكى نۇقتىدىن ئەمەس، يۇقىرىقىدەك ۋىجدان ۋە بۇرچ نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ھەرقانداق ئوقۇغۇچى ئالىي ماكتەپ ھاياتىدا مۇھەببەت مەستانىسىغا ئايلىنىپ، ئازغۇنلۇق كوچىسىدا ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىشنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك.

مېنىڭچە، مۇھەببەتنى ئوقۇشنىڭ توسالغۇسى قىلماي، ئەكسىچە ئۇنى ئۆگىنىشكە تۈرتكە قىلىشمۇ مۇمكىن. بىراق، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ھەقىقىي مۇھەببەتتىن ئېغىز ئېچىش تەس بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قانچىلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس. مۇھەببەت تۈپەيلى(مۇھەببەت بىلەن ئوقۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن)، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئوقۇيالمايۋاتقانلىقى ۋە تولا چاتاق چىقىرىپ يۈرگەنلىكىدەك مىساللار سان - ساناقسىز.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللارمۇ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىگە قارىتا قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئىنچىكە خىزمەت ئىشلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ھېچبولمىغاندا ئۇنى تەشەببۇس قىلماسلىقنىڭ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، بىز يەنە شۇنداق قارايمىزكى، مۇھەببەت ئەسلىدىن ئىنساننى غەپلەتكە باشلايدىغان نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە ئىنساندىكى غەپلەت دەل مۇھەببەتنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. چىن مۇھەببەت ياكى ئالىيجاناب مۇھەببەت ئىنساننى ھەقىقىي ئىنسانلىق مەرتىۋىسىگە نائىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئۆزىگە تونۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى، ئىجادىي ئىقتىدارىنى ئۇرغۇتىدۇ. مۇھەببەتنى روھىي ئېنېرگىيە قىلغان ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر پائالىيىتى ئادەتتىن تاشقىرى پارلاقلىققا، خاسىيەت ۋە خىسلەتلەرگە، ئۈنۈمدارلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنداق چىن، ئالىيجاناب، يۈكسەك مۇھەببەت ئەسلىدىن ھەربىر ئىنسان ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈش، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىش، خورلاش ۋە قەلبلەرنى ئۇنىڭ سېھرىي لەززىتىدىن بىبەھىر قالدۇرۇش مۇتلەق كۆپ ساندىكى نادان، گۇمراھ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق قىلمىشىدۇر. مۇھەببەتنى ھەقىقىي مۇھەببەت دەرىجىسىگە كۆتۈرەلمىگەن ياكى ئۇنىڭغا قادىر بولالمىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ياخشىسى بۇ كوچىغا كىرمەسلىكى، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن ئۇدۇم قالغان، ئۆزىنىڭ پاك، ھالال نەپسى، غۇرۇرى ۋە شەرم - ھاياسى بىلەن باھاسىز بولغان مۇھەببىتىنى بەكمۇ مۇقەددەس بىلىپ قەدىرلىشى كېرەك. ھەربىر ئوقۇغۇچى مۇھەببەتنى بىردەملىك قىزغىنلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل بىلەن دەڭسەشى لازىم. ئۆز مۇھەببىتىنى ئويۇنچۇق

ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇش، ئۇنى ناپاك قىلىش، ئۆزگىلەرنىڭ ۋاقىتلىق كۆڭۈل خۇشى ۋە ئەمىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش تولىمۇ نادانلىقتۇر.

ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا، ئەقىللىق ئىنسان ئۆز مۇھەببىتىنى كۆزنىڭ گۆھىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدۇ. ئۇنىڭغا چاڭ - توزان قوندۇرمايدۇ، ئۇنى خارلاپ ئەرزان باھادا ساتمايدۇ، بەلكى مۇھەببىتىنى ئەرزان ۋە ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويسا ئۆزىنىڭمۇ ئەرزان، ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

يۇقىرىقى پىكىر - مۇلاھىزىلىرىمىزدىن يەكۈن شۇكى، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەتنىڭ مۇقەددەسلىكىنى، بىباھا نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، لاپ ئۇرۇش، بۇ كوچىغا قەدەم بېسىش تولىمۇ تەنتەكلىك ۋە ھاماقەتلىكتۇر. مۇھەببەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشەنگۈچىلەر ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئىسسىق جانىنى بەدەل قىلىپ ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى كۈندە مۇھەببەت قايىنىمىدا ئۈزۈۋاتقان چىن ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشاش ھېسسىياتتا يۈرۈۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قانچىلىكىنىڭ مۇھەببەتنى پىداكارلىق نۇقتىسىدىن ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس. شۇڭا، بىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشىنى زىنھار قوللىمايمىز ھەم بۇنداق قىلىشنىڭ يېتەرلىك ئاساسى بار دەپ قارايمىز.

تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇۋېتىپ

ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىشى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۇراپ ياكى چېچىپ، ئۆگىنىشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مۇھەببەت ھەققىدە يۇرگۇزگەن يۇقىرىقى تەھلىلىمىز بويىچە، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتلىشىشكە بىز باشقىچە قاراشتا بولمىساقمۇ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنىڭ كونكرېت ئەھۋاللىرىغا، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسىنىڭ باشقا ياقتىن كېلىدىغانلىقىغا قاراپ، مۇھەببەتلىشىشكە چەك قويۇشنىڭ ھەرگىزمۇ ئورۇنسىز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمىز.

بەزىلەر، ئوقۇغۇچىلار مۇھەببەتنى ئۆز يولىدا ئېلىپ بارسا بولىدۇ، مۇھەببەت بىلەن ئوقۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىسا، باشقىلارغا يامان تەسىر بەرمىسىلا مەيلى ئەمەسمۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن، نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، «قوڭۇمدا ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بۇۋى» دەپ يەنە ھال تارتىپ يۈرۈشنىڭ ئۆزى ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئاتالمىش مۇھەببەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئارتىپ كېتىشى، زېھنىي كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ كۆپلەپ خورىشى، كۆڭلىنىڭ ئارامىدا بولماي قېلىشى، زېھنىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. بۇ ھال ئوقۇغۇچىلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئوقۇش ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىشىغا، ئۆگىنىش پىلانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى يەنە ئاران - ئاران بەرداشلىق بېرىپ كېتىۋاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىشى ئېنىق. «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال»

دېگەندەك، ھالىغا قاراپ ھال تارتىشنى بىلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا بىز يەنە مۇھەببەت توغرىسىدا نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟ كىتاب ئېلىپ ئوقۇغۇدەك قۇدرىتى يوق تۇرۇپ، تاماكىنى قىڭغىر چىشلەپ يۈرسە، مودا كىيىملەرنى كىيىپ، دائىم دېسكوخانىلاردا، رېستورانلاردا ئويناپ يۈرسە، بىز يەنە مۇھەببەتلىشىش توغرىسىدا نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟

پەرزەنت دېگەن تاكى مۇستەقىل تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويۇپ، ئۆز جېنىنى جان ئەتكۈچە مەلۇم جەھەتتىن يەنىلا ئاتا - ئانا ئۈچۈن بىر يۈك (گەرچە ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۇنداق قارىمىسىمۇ). مۇھەببەتلەشكەن ئوقۇغۇچىلار تەبىئىيكى كىيىنىش - ياسىنىش، ئويۇن - تاماشا ۋە ئۆز - ئۆزىنى نامايان قىلىشقا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن ئوخشايدۇ. مانا بۇمۇ بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى مۇھەببەت يولىدىن توسۇشىمىزنىڭ رېئال سەۋەبلىرىدىن بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كونىلار: «ھەممە ئىشنىڭ يولى بار، ئەسكى تامنىڭمۇ ئۆلى بار» دەپ توغرا ئېيتقان. ئوقۇغۇچى ئىكەنسىز ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتا ئوقۇشىڭىزغا پايدىلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتقىنىڭىز ياخشى. ئەگەر مۇھەببىتىڭىز سىزنىڭ «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچى بولۇشىڭىزغا، ئاسپىرانتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈشىڭىزگە ۋە كەلگۈسىدە بىرەر كەسىپنىڭ مۇتەخەسسىسى، بىرەر كارخانىنىڭ خوجايىنى بولۇشىڭىزغا ياردەم بېرەلىسە، مەن ئالدى بىلەن «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇھەببەتلىشەمدۇ - مۇھەببەتلەشمەمدۇ بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى» دېگەن بولاتتىم.

2002- يىل، قەشقەر

# ئۆزىنى يەڭگەن باتۇر

بۈگۈنكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا تارىخ ئېڭى بىرقەدەر كۈچلۈك. بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەيدا بولغان يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. كىرىزىس ئېڭىمۇ شەكىللىنىۋاتىدۇ. بۇنى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان رىقابەت مۇھىتىدىن ۋە مىللەت ۋۇجۇدىدىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىپ تەنقىدلەش دولقۇنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، بۇلارنى بىر خىل ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش دېيىشكە بولىدۇ. مەن ئالدىنقى يىلى ئۈرۈمچىدە بولغان ۋاقتىمدا، ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئىلىم - پەن ۋە ئىقتىسادىي رىقابەتلەرگە ماسلىشىش ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان روھىي ھالىتىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇلاردا بىرلا دىپلوم بىلەن بولدى قىلماستىن، يۇقىرىلاپ ئوقۇش قىزغىنلىقى شەكىللەنگەن. چەت ئەل تىلى ۋە كومپيۇتېر ساھەسىگە يۈرۈش قىلغان. بىراق، يەنە نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا تېخى ھېچقانچە ئويغىنىش يوق. بەزى مەكتەپلەردە ئوقۇشقا سۇس مۇئامىلە قىلىدىغان، تېخىچە تاشقى دۇنيادىن بىخەۋەر يۈرىدىغان بىپەرۋا، بىغەم ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. مېنىڭ كۆزىتىشىم ۋە ھېس قىلىشىمچە، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ

ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسى ھەقىقەتەن كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىر خىل جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتنى، قىزغىن، جانلىق، بەس - مۇنازىرىگە تولغان ئىلمىي ھاۋانى كۆرگىلى بولمايدۇ. مەسىلە نەدە؟ بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ. مېنىڭچە سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەسىلە دەل بىر قاتار پىسخىك ئىللەتلەرنى يۇدۇپ يۈرگەنلىكىمىزدە، جۈملىدىن ئۇمىدسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ شەيتاننى ئۆزىمىزگە دوست تۇتۇۋالغانلىقىمىزدا.

ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراش بويىچە ئىجتىمائىي ماۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. بىزدىكى ساغلام بولمىغان پىسخىك ھادىسىلەرمۇ ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى. بۇنىڭ بەزىلىرى ئانىنىڭ قورسىقىدىن باشلانغان. بەزىلىرىنى ئائىلە تەربىيىسىنىڭ يېتەرلىك ۋە مۇۋاپىق بولماسلىقى، مائارىپ، تەلىم - تەربىيە سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك چىرىك ھادىسىلەر، بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ياخشى ئادا قىلالماسلىقىمىز قاتارلىقلارغا ئوخشاش سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. قانداقلا بولمىسۇن، بىز مەنۋىيىتىمىزدىكى بوھرانلارنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئالغا بېسىشىمىزغا، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىشىمىزغا، جۈملىدىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بىز ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش.

ئىنسان ئەسلىدىن ئېيتقاندا تاشقى دۇنياغا نىسبەتەن پائالىيەتچان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە بىقۇۋۇل نەرسە. ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى بەلگىلىگەن، شۇنداقلا ئۇنى چەكسىز كۈچ - قۇدرەتكە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان نەرسە

دەل مۇھەببەت ۋە ئۈمىدتىن ئىبارەت. مۇھەببەت ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم ئۈمىدنى پەيدا قىلىدۇ. ئەنە شۇ مۇھەببەت ۋە ئېتىقادتىن تۇغۇلغان ئۈمىدلا ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان بىردىنبىر شەخسىي مۈلكى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، «ئىنسان ئۈمىد بىلەن ياشار» دېگەن سۆز كېلىپ چىققان. ئۈمىد بولمىسا ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ يۇنان ئەپسانىلىرى ئىچىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار:

پرومېتوس ئادەملەرنى ياراتقاندىن كېيىن ئۇلارغا زۆرۈر ۋە پايدىلىق بولغان ھەممە ھۈنەرلەرنى ئۆگىتىپتۇ. ئەمما، زېۋىس پرومېتوسنىڭ پەم - پاراستىگە ھەسەت قىلىپ ئۇنى جازالاش مەقسىتىدە، ئادەمزاتقا ئۆز مەرىپىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا زۆرۈر بولغان ئوتنى بېرىشتىن باش تارتىپتۇ. ئەمما، پرومېتوس بىر ئامال تېپىپ ئىنسانلار ئۈچۈن ئوتنى ئوغرىلاپ بېرىپتۇ. زېۋىس ئۇنىڭ ئادەمزاتقا كەلتۈرگەن پايدىسىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن، چېۋەرلىكتە داڭق چىققان تۆمۈرچىلىك ئىلاھى ھېپېستوسقا بىر گۈزەل قىزنىڭ شەكلىنى ياساشنى بۇيرۇپتۇ. ئولۇمپوس تېغىدا تۇرىدىغان زېۋىسنىڭ قول ئاستىدىكى ئىلاھلار ئۆز ھۈنەرىنى ئىشقا سېلىپ بۇ ساھىپجامال قىزغا ھەر خىل كارامەتلەرنى ئاتا قىپتۇ. زېۋىسقا ھەسەت قىلىدىغان ئەقىل - ئىدراك تەڭرىسى ئافىنا ئۆز قولى بىلەن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان قاردەك ئاپئاق تاشقى كىيىم تىكىپ كىيدۈرۈپ، بېشىغا ئۆزۈن نۇرلۇق چۈمبەل يېپىپتۇ ۋە چۈمبەل ئۈستىگە يېڭى ئېچىلغان چىرايلىق گۈللەردىن ياسالغان گۈلتاجنى تاقاپ ئالتۇن چاچ بوغقۇچ بىلەن بېكىتىپتۇ. تەڭرى ۋە مالائىكىلەرنىڭ ئەلچىسى ھېرمىس ئۇ قىزغا سۆزلەش ماھارىتىنى سوۋغا قىپتۇ. مۇھەببەت تەڭرىسى ئافرودىت ئۇنىڭغا بارلىق نازلىق قىلىقلارنى بەخشەندە قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق كىشىنى مەپتۇن

قىلىدىغان گۈزەل تاشقى قىياپىتى ئىچىگە زەھەرلىك ئىنسانلارنى بولدىن ئازدۇرىدىغان بالايىئاپەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇ ساھىپجامال قىزغا «پاندۇرا» يەنى «كارامەتلىك ئايال» دەپ ئىسىم قويۇپ، ئۇنى ئىنسانلار ۋە مالائىكىلەر سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرىدىغان يەرگە چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال پرومېتوسنىڭ ئىنىسى ئېپىمېتوس(كېيىن سەزگۈچى)نى ئىزدەپ بېرىپتۇ. پرومېتوس ئىنىسىنى «مۇقەددەس ئولۇمپىيا تېغىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەۋەتكەن سوۋغىنى قوبۇل قىلما، ئۇنى دەرھال قايتۇرۇۋەت، ئادەمزات ئۇنىڭ كاساپىتىدىن بالا ـ قازاغا گىرىپتار بولىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئېپىمېتوس ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۇ ساھىپجامال خېنىمنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. بۇ ساھىپجامال خېنىم ئادەمزاتقا بىر سوۋغا، يەنى ئاغزى ھىم ئېتىلگەن يوغان بىر قۇتا ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئېپىمېتوسنىڭ قېشىغا كېلىش بىلەنلا ھېلىقى قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زور بىر تۈركۈم بالايىئاپەت ئۇچۇپ چىقىپ تېزلىك بىلەن يەر يۈزىگە تاراپ كېتىپتۇ. قۇتۇنىڭ تۈۋىدە بىردىنبىر چىرايلىق نەرسە — ئۈمىدلا يوشۇرۇنغان ئىكەن. پاندۇرا تەڭرىلەر ئاتىسىنىڭ جېكىلىشىگە ئەمەل قىلىپ، «ئۈمىد» ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرىلا قۇتۇنىڭ ئاغزىنى مەڭگۈلۈك ئېتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر خىل ـ ھەر رەڭدىكى ئاپەتلەر يەر يۈزىنى، ھاۋا بوشلۇقىنى ۋە دېڭىزلارنى قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇرۇن پۈتىنى ئاران سۆرەپ خوشىياقماي يېتىپ كېلىدىغان ئەجەل تەڭرىسىمۇ ئەمدى ئۇچقاندەك قەدەم تاشلاپ ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىدىغان بولۇپتۇ.

بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، غەرب مىفولوگىيىسىدىكى «پاندۇرا» بىلەن شەرق مىفولوگىيىسىدىكى

«شەيتان» ئوخشاش نەرسە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلار بىلەن دۈشمەنلىشىشى گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك كۈرەشنى ھاسىل قىلغان. بۇ كۈرەشتە ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقى دەل «ئۈمىد»كە نىسبەتەن تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۈمىدلا «پاندۇرا» بىلەن شەيتاننى ئىنسان ئەۋلادىدىن ئەيمەندۈرەلەيدىغان بىردىنبىر نەرسە بولۇپ قالغان. ئېپىمىتوس ئۇنىمۇ قولدىن بېرىپ قويغان بولسا ياكى ئۇمۇ قۇتىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن بولسا، بەلكىم ئۇ پۈتۈنلەي «پاندۇرا»نىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كەتكەن، مۇنداقچە قىلغاندا شەيتانغا تەلتۆكۈس ئەل بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى.

شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۈمىدۋارلىق ئىنسان ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىدە بولىدۇ. بىراق، يۈكسەك ئىشلارغا بولغان ئۈمىدۋارلىق ئىنسانلاردا كەم تېپىلىدۇ. بىراق، ئۇ ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. بىز ھاياتىمىزنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى ھېسابلانغان ئادەتتىكى ئۈمىدۋارلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يۈكسەك ئارزۇ- ئارمانلار بىلەن بىرلەشكەن ئۈمىدۋارلىقتىن ئېغىز ئېچىشىمىز تەس. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك بۇنداق يۈكسەك ئۈمىدۋارلىقنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىشى ھەقىقەتەن چوڭ پاجىئە.

مەن بۇ يەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا مەۋجۇت بولغان، ھەر خىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ۋە تارىخىي سەۋەبلەر پەيدا قىلغان بىرقاتار پسىخىك ئاجىزلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئىجتىمائىي، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە توختالمايمەن. بۇ ناھايىتى چوڭ ۋە مۇرەككەپ بىر تېما. مەن پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە ئىرادىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، بىرقەدەر گەۋدىلىك دەپ قارىغان

تۆۋەندىكىدەك پىسخىك ئاجىزلىقلار ئۈستىدە ئاز - تولا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن:

1) ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ توغرا بولماسلىقى. ئوقۇشنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى تونۇش، ئۆزىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ۋە ئۆز قىممىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىمتىھان، دىپلوم دېگەنلەر مەقسەت ئەمەس، ۋاسىتە. ھالبۇكى، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئۆگىنىش مەقسىتى پەقەت ئىمتىھاندىن ئۆتۈش ۋە دىپلوم ئېلىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار دىپلومغا تايىنىپ خىزمەت تاپقىلى ۋە تېگىشلىك مائاشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىمتىھان بىلەن دىپلومنى بىردىنبىر مەقسەت قىلىۋالغان ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئاشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ياردەم بېرىدىغان ھەرقانداق يول، ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىنىڭ ھەممىسى زۆرۈر، دەپ تونۇلغان ۋە قارا- قويۇق قوبۇل قىلىنغان. بۇ ئۇسۇل ۋە ۋاسىتىلەر ئىچىدە كۆچۈرمىكەشلىك ۋە ئۆز غورۇرىنى دەپسەندە قىلىش، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ھەمدە خۇشامەتچىلىك قىلىشتەك ئىشلارمۇ قىلچە نومۇسلۇق ھېس قىلىنمايدىغان، خۇددى ئۆرپ - ئادەتكە ئوخشاشلا ئادەتتىكى ئىشلار قاتارىدا قارىلىدىغان بولۇپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋاللار خېلى بۇرۇنلا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان. شۇڭا، ئۇلار ئىمتىھان مائارىپىنى بىر قاتار يېتەرسىزلىككە ئىگە دەپ قاراپ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش تەسەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ساپا مائارىپى» دەپ ئاتالغان، مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئۆزىگە ئېنىقلىغۇچى قىلغان مائارىپ دەل ئاشۇ خىل كەمچىلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. مېنىڭچە، «ساپا

مائارىپى»نى يولغا قويۇش مائارىپنى ئەسلىي ئىزىغا سېلىش بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي يولغا قويۇلسا ئۆگىنىش مۇددىئاسىنىڭ توغرىلىنىشىغا زور ياردىمى بولىدۇ.

2) قېيىداش. ئومۇمەن، بۇ خىل پسىخىك ئىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتكەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى بولغان ئۈمىدسىزلىككە، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىككە ئەسىر قىلىپ بېرىدۇ. گەرچە بۇ خىل روھىي ئىللەتنىڭ كېلىپ چىقىشى جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك تەڭسىز، ناھەق، چىرىك ھادىسىلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئۇنى سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق يېڭىپ كەتكىلى تامامەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنى يوقىتىپ قويماسلىق، كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇش، مەسىلىنىڭ ئىچكى ئامىلىنى، جۈملىدىن ئۆزىنى كۆپرەك تەكشۈرۈپ، ئۆزىنى تونۇشقا تىرىشىش، تارىخنى ئەينەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش، غۇرۇر - ۋىجدانىنى بۇلغاشتىن ساقلىنىش لازىم.

3) مۇستەقىل ئىشلەش ۋە ياشاشقا جۈرئەت قىلماسلىق. ئوقۇغۇچىلاردا بېقىندىلىقنى بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قارايدىغان، دۆلەت شتاتىغا چوقۇنىدىغان، ئاتا - ئانىسىغا يۆلىنىۋالىدىغان، مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان روھىي ھالەتلەر بىرقەدەر ئېغىر. بۇ خىل پسىخىكا خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلىۋى مۇناسىۋەت، مىراسخورلۇق ئادەتلىرى، جۈملىدىن پەرزەنت تەربىيەلەش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر ئىپادىسى شۇكى، ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەڭگۈلۈك ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان

بولۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ چوڭ ئائىلىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلىش يولىنى تاللاش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز بولغان. بۇ فېئوداللىق ئائىلە مۇناسىۋىتى ئەنئەنىسىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا، ھازىرمۇ ئاتا - ئانا بولغۇچىلار ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىش، ئوقۇتۇش، ھۈنەرلىك قىلىش ياكى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش، ھەتتا نەۋرىلىرىنى بېقىپ ئەي قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل بۇرچ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتلەر ئالدىدىكى بۇرچى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانا ئالدىدىكى بۇرچى ئانچە تەكىتلەنمىگەن. بۇ ھال «سۇ كەينىگە ئاقماس»، «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن ماقالىلاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراشلار پەرزەنتلەردە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، مۇستەقىل ياشاش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش ئېڭىنىڭ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى، ھۇرۇنلۇقى، بېپەرۋالىقى ئەنە شۇنداق بار ئۈمىدىنى ئاتا- ئانىسىغا باغلاپ، ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىنتىلمەسلىكىدىن بولغان. بۇنداق ئەھۋال بولۇپمۇ ئاتا- ئانىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھوقۇق - ئىمتىيازى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمى يۇقىرىراق بولغان ياشلاردا، جۈملىدىن ئوقۇغۇچىلاردا ئېغىرراق. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ھىماتىغا ئىشىنىدۇ. ئۆزىنىڭ يولىنى ماڭىدىغان ئادەم بار، دەپ قارايدۇ. جانىنى ئۇپرىتىپ يۈرۈشنى خالىمايدۇ. مۇشۇنداق ئىجتىمائىيلاشقان يۆلىنىۋېلىش خاھىشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن «كەمبەغەلنىڭ

بالىلىرى ياخشى ئوقۇيدۇ، كادىرنىڭ بالىلىرى ياخشى ئوقۇمايدۇ» دەيدىغان قاراشلارمۇ مەيدانغا چىققان، ھەتتا «ئۈرۈمچىنىڭ بالىلىرى قۇرۇق سۆلەت، يارامسىزراق بولىدۇ، تىرىشچان، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلار كۆپرەك جەنۇبتىن چىقىدۇ» دېگەندەك قاراشلارنى پۈتۈنلەي ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، جاپالىقراق شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلارنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىجتىھاتى نىسبەتەن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل قاراشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، دېھقانىنىڭ بالىلىرى دەرۋەقە، ياخشى ئوقۇمىسا، ئۆزىگە تايانمىسا كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ ھەل بولۇشىمۇ تەسكە توختايدۇ. ئەكسىچە، كادىرنىڭ، بولۇپمۇ ھوقۇقدارلارنىڭ بالىلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ ھوقۇقىغا، پۇلىغا ۋە يولىغا ئىشىنىپ ئويۇن - تاماشىنى كۆپرەك ئىختىيار قىلىدۇ. بۇ تەھلىلىنى شەرت - شارائىتى ئالاھىدە پەرقلىق بولغان رايونلاردىكى ياشلارغا، جۈملىدىن ئۈرۈمچى بىلەن جەنۇب بالىلىرىغىمۇ قىسمەن تەتبىقلاش مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ياش ئوقۇغۇچىلاردا مەۋجۇت بولغان تايىنىش، ھىماتقا ئىشىنىش روھىي ھالىتى ئۇلارنىڭ تىرىشىپ جاپالىق ئۆگىنىشىگە، ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىشىغا توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋاتقان ناھايىتى زىيانلىق پسىخىك ئىللەتتۇر. بۇ، ھەربىر ئاتا - ئانا بولغۇچى، شۇنداقلا بىزدەك ئوقۇتقۇچىلار كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. مېنىڭچە، بۇنداق ئەھۋاللار مائارىپنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى، ئىختىساسلىقلار بازىرىنىڭ كېڭىيىپ بېرىشى، رىقابەت بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش، رىقابەت ئىچىدە ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا تەدرىجىي ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەمىگە شۇنى سېلىپ قويايكى، سىز بېقىنىپ ياشاشنى ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل ياشاشنى شەرەپ ھېس قىلىدىغان، ئاتا - ئانىڭىزدىن قالغان ئۆي - جاي، مال - مۈلۈكنى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىڭىزغا ئىگىلىك تىكلەشنى كۆزلەپ ئۆگىنىدىغان، تىرىشىدىغان بولسىڭىز ئاندىن چىقىش يولى تاپالايسىز. «ئاتا - ئانام يول ماڭىدۇ»، «كادىرلار ئىدارىسى ياكى مائارىپ ئىدارىسى تەقسىمات قىلىدۇ» دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان چاغلار ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى ياكى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

4) چۈشكۈنلۈك، ھۇرۇنلۇق، بىپەرۋالىق، ئىرادىسىزلىك، بوشاڭلىق، روھسىزلىق قاتارلىق ئەگەشمە ياكى ئىككىلەمچى پسىخىك ھالەتلەر. بۇنداق روھىي ھالەتلەر بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن پسىخىك ئىللەتلەرنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر. ئۆگىنىش بىر خىل ئىشتىياق، يەنى ئۇ ئەسلىدە ئادەمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋۇجۇدىنى راھەتبەخش قىلىدىغان، دىلىنى زوقمەنلىككە، مەمنۇنلۇققا چۆمدۈرىدىغان مەنىۋى پائالىيەت. ئۇنىڭغا ھەقىقىي بېرىلسەڭ خۇددى مۇھەببەت يولىدىكى ئىشق سەۋداسىغا ئوخشاپ قالىسەن. قىسقىسى، كۈچلۈك مۇھەببەت - ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلىش ئادەمگە بىلىم، قابىلىيەت ئاتا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چەكسىز ھۇزۇر - ھالاۋەت سېزىمى، تاتلىق تۇيغۇ ۋە گۈزەل تەسىرات ئاتا قىلىپ، ئىنساننىڭ قەلب ئالىمىنى نۇرلاندۇرىدۇ، بېزەيدۇ. ئىنسان تەبىئىتىنى ساپلاشتۇرۇپ، روھىي كامالەتكە يېتەكلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بىر خىل ئۇلۇغۋار، ئالىيجاناب مۇھەببەت. ھەقىقەت ئىزدەش، گۈزەللىك ئىزدەش يولىدىكى مۇھەببەت.

زورمۇزور ئۆگىنىش، ئۆگىنىشنى ئۆزىگە زورلاپ تېڭىش،

تاشقى بېسىم يۈكلىگەن مەجبۇرىيەت دەپ قاراش ھەقىقەتەن بىر ئازابلىق ئىش، ئېغىر زۇلۇم. ئۇنىڭ ئۇنۇمى بولمايلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىلاردا كىتابتىن بىزار بولۇش، ئوقۇشتىن زېرىكىش، ئوقۇتۇشتا ئەستايىدىل، تەلەپچان بولغان ئوقۇتقۇچىلاردىن نەپرەتلىنىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىپ، ئىنسانىي ياۋايى تەبىئەتلىك، مەرىپەتسىزلىككە باشلايدۇ. بۇ خىل تراگېدىيە مەكتەپلىرىمىزدە خېلى ئېغىر ساقلانماقتا.

5) مۇستەقىل پىكىر قىلماسلىق. بۇمۇ يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى ھەمدە خاسلىقىنى چەتكە قېقىش، ھەممىنى بىر خىللاشتۇرۇش ئىدىيىسى، شۇنداقلا قاتمال تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي ھالەت. ئۆزىنى بايقاش يولىدا ئۈزلۈكسىز تەپەككۇر قىلىپ تۇرۇش، ئىزدىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇش تەرەققىيپەرۋەر ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى. ئۇنىڭسىز بىلىم ئېلىش، ئەقلىنى ئىتتىكلىتىش، تەجرىبە توپلاش ۋە ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. تەپەككۇرسىز ھەرقانداق ھاياتلىق پائالىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تەپەككۇرغا قېرىق. ئويلىنىشقا، ئەقلىي ئىزدىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. تەپەككۇر قىلىدۇ، ئويلىنىش بار دېيىلگەندىمۇ، تېخىچە قاتمال ۋە قاشاڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن قۇتۇلالمىغان. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىز، ئىمتىھان شەكىللىرىمىزمۇ ئوقۇغۇچىلارنى كۆنۈككەن قاتمال تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل، ئىجادىي پىكىر قىلىدىغان، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، ئادەمدە بولىدىغان خاس يوشۇرۇن ئىقتىدارلارنى قېزىپ چىقالايدىغان يولغا باشلاشقا قادىر ئەمەس ياكى ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ «ساپا مائارىپى»نى يولغا قويۇشىمىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل، ئىجادىي پىكىر قىلىشىغا كەڭرى

يول ئېچىش، ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇشنى چىقىش قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىدىيىسىنى ھەقىقىي ئازاد قىلىپ، ئوقۇتۇشنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

6) مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەم بولۇش. مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كەمچىل ياكى يوق ئادەم ۋىجدانسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ۋىجدانسىزلىق كىشىلەر دائىم دەيدىغان مۇھەببەت مەسىلىسىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بىز دەۋاتقان مەسئۇلىيەت ئىنساننىڭ ئۆزىگە يۈكلەنگەن بارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا بولغان مەسئۇلىيەتتۇر، يەنى ئۇنىڭ ئۆزى ئالدىدىكى — ئۆز ۋىجدانىغا(ئادەملىكىگە) بولغان مەسئۇلىيەتتۇر. ئاتا - ئانا ۋە قېرىنداشلىرى ئالدىدىكى، جەمئىيەت ئالدىدىكى، ۋەتەن ئالدىدىكى، ئېتىقاد- ئەقىدىسى ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر. قىسقىسى، ئۆزى سۆيگەن ۋە كۆيگەن نەرسىلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر. دېمەك، ۋىجدان دېگىنىمىز، ئىنساننىڭ ئۆز- ئۆزىنى بىلىشى ۋە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىل مەسئۇلىيەتكە ساداقەت، سەمىمىيەت قوشۇلسا ئاندىن ئۇ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ مەنىدە ساداقەت ۋە سەمىمىيەت ئادا قىلىنغان مەسئۇلىيەتتۇر.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھايات مۇساپىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ باسقۇچىدا تۇرغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھايات يولىنىڭ پارلاق بولۇشى ياكى غۇۋا - تۇتۇق بولۇشى مۇشۇ بەش يىللىق ۋاقىتنىڭ قانداق ئىگىلىنىشىگە باغلىق. مۇشۇ باسقۇچ ياخشى ئىگىلەنسە، كەلگۈسىگە پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ باسقۇچ، مۇنداقچە قىلغاندا، ئاتا - ئانىلارنىڭ يۈرەك قېنى بەدىلىگە، ئۇلارنىڭ ئېلىپتەك قەددىنى پۈكۈش ھېسابىغا قولغا كەلگەن، بەكمۇ قىممەتكە چۈشكەن پۇرسەت بىھۇدە ئۆتۈپ كەتسە

بەكمۇ ئىچىنىشلىق بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز ۋۇجۇدىدا ساقلانغان يۇقىرىقىدەك پسىخىك ئىللەتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلالىسىلا، يەنى ئۆزىنى تىرىشىپ يېڭەلىسىلا ئۆگىنىش پسىخىكىسىدىكى پاسسىپلىقنى تۈگىتەلەيدۇ.

ئۆگىنىش ئىنتايىن جاپالىق، شۇنداقلا كۆڭۈللۈك ئىش. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ھەقىقىي كىرىشسىڭىز ئۇنىڭ سىزگە بېرىدىغان سائادىتى، راھىتى چەكسىز. ئۇنى ئۆزىڭىز ئۇچۇن ئوشۇقچە يۈك قىلىۋالسىڭىز ھەسرەتتىن، ئۆكۈنۈشتىن باشقا نەرسىنى ئۈمىد قىلماڭ.

2001- يىل قەشقەر

# ھەممە ئىشنىڭ يولى بار

ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ياخشىراق يەپ - ئىچىپ، چىرايلىقراق كىيىنىپ، خۇشال - خۇرام ئويناپ - كۈلۈپ دۇنيادىن غەمسىز ئۆتۈشنى خالىمايدىغان ھېچكىم يوق. ئىنساننىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشى چەكسىز بولىدۇ. خۇشاللىققا ئىنتىلىشى ھەم چەكسىز بولىدۇ. ئەمما، خەلق ئارىسىدا «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن»، «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت...» دەيدىغان ئەقلىيە سۆزلەر بار. بۇلارنى بىز ھەربىر كىشىنىڭ تۇرمۇش مەئىشىتىگە، ياشاش يولىغا تەتبىقلاپ تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭدىن ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتىغا، كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا بېقىپ يەپ - ئىچىشى، كىيىنىشى ۋە ھالاۋەت سۈرۈشى لازىملىقى: ئۆزىگە ماس كەلگەن تۇرمۇش يولىنى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى تاللىۋېلىشى كېرەك، دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ.

مەن كۆز ئالدىمدا تەربىيىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ئاشۇ پايدىلىق نەسىھەتلەرگە پىسەنت قىلماي ۋە ئۆز ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇشۇقچە ياسىنىپ يۈرۈشىگە ھەمدە نورمال بولمىغان مەنىۋى تۇرمۇش يولىغا كىرىپ قېلىشىغا ئانچە قوشۇلمايمەن.

ئېھتىمال بەزىلەر، بىر ئادەمنىڭ قانداق كىيىنىشى،

قانداق ياسىنىپ يۈرۈشى ئۆزىنىڭ ئىشى، كىيەلىسە كىيسۇن، ياسىنىپ چىرايلىق يۈرۈشنىڭ ئۆزى ياخشى ئىشقۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان، ئۆزى ھۇزۇرلىنالايدىغان كۆڭۈل ئېچىش شەكلى ۋە ئويۇن- تاماشا تۈرلىرى بولىدۇ؛ قانداق ئۇسۇلدا ۋە قانداق شەكىلدە ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈشمۇ ھەربىر كىشىنىڭ خۇسۇسىي ئىشى؛ ئەگەر شۇ كىشى ئۇنى ئۆزىگە مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋە ئۇنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوبۇل قىلغان بولسا، نورمال ئىش بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن، ھەتتا يەنە بەزىلەر، ھازىرقى ياشلار بۇرۇنقى ياشلارغا ئوخشىمايدۇ، دەۋرمۇ ئوخشىمايدۇ، زامان تەرەققىي قىلدى، ھازىرقى زاماننىڭ ھازىرقى زامانغا خاس كىيىنىش - ياسىنىش مەدەنىيىتى بار، كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرى بار، ھازىرقى ياشلارنىمۇ مۇشۇ مۇھىتتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، شۇڭا ياشلارنىڭ ھازىرقى زاماندا ئېقىۋاتقان، مودا بولۇۋاتقان كىيىملەرنى كىيىپ، ھازىرقى زاماندا مودا بولۇۋاتقان چاچ پاسونلىرى بىلەن ياسىنىپ يۈرۈشى، ھازىرقى زامانغا خاس بولغان كۆڭۈل ئېچىش شەكىللىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى تامامەن توغرا؛ ياشلارنى بۇ نەرسىلەردىن توسۇش جاھىللىقنىڭ، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ھەتتا خۇراپىيلىقنىڭ ئىپادىسى، تەرەققىياتقا زىت، دەپ قارىشىمۇ مۇمكىن. راستىنى دېسەم، مەن كىشىلىك ھوقۇققا، شەخسنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ، زامانىمىز تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى قۇۋۋەتلەشنىڭ بايراقدارىمەن. توغرا، ھەركىم ئۆزىنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزى تاللاشقا، ئۆزى خالىغان شەكىلدە، ئۆزى ياقتۇرغان تەرزدە مەنىۋى تۇرمۇشىنى قامداپ، ئۆمرىنى خۇشال - خۇرام، مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ھەقلىق. ھەركىم دەۋرنىڭ، زاماننىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، دەۋر بىلەن

تەڭ قەدەمدە مېڭىش، ئۆز ئىدىيىسىنى توختاۋسىز يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ۋە تامامەن شۇنداق قىلىش زۆرۈر. ھاياتىي كۈچىنى تولۇقلاپ تۇرمىغاندا ياشاش ئىقتىدارىنى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ. دەۋرگە ماسلاشمىغاندا ۋە باشقىلار بىلەن ماسلىشىپ ئالغا باسمىغاندا كەلگۈسىگە تەڭ قەدەم تاشلىغىلى بولمايدۇ. بىراق، بۇ مەسىلىنىڭ پەقەت بىر تەرىپى. قارىماققا ناھايىتى ئوبيېكتىپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە مۇقەررەرلىككە ئىگىدەك تۇيۇلىدىغان بىر تەرىپى. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي بىرلىك ئىچىدە قويۇپ، ئىنسانغا خاس بولغان ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولساق، مەسىلىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر تەرىپىنى بايقايمىز. ئۇ بولسىمۇ ئادەمنىڭ ئادەملىك سۈپىتى، پەزىلىتى، ئېتىقادى، مەسئۇلىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ياكى ئاشۇلار تەرىپىدىن تەقەززا قىلىنغان ئاڭلىقلىقتىن ئىبارەت. بىز ئۇنى مۇنداق چۈشەندۈرسەك بولىدۇ:

1) سىز پۇل خەجلەپ بىرەر نەرسە سېتىۋالغاندا، يەنە كېلىپ خېلى قىممەت باھالىق ئېسىل نەرسە سېتىۋالغاندا، شۇ نەرسىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن پۇلدا ئۆزىڭىزنىڭ قانچىلىك ھەققىڭىزنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ ياكى سىز ئۆزىڭىز خەجلەۋاتقان پۇلنى ئىككىلەنمەيلا مېنىڭكى دېيەلەمسىز؟ گەرچە ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆز بالىسىغا نىسبەتەن ئۇنداق تونۇشتا بولمىسىمۇ، ئەگەر سىز ئىنسابلىق بىر بالا بولسىڭىز شۇنداق ئويلىشىڭىز كېرەك. شۇ چاغدىلا سىز كىيىم كىيىشتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن تەرەپلەرنى ياكى بەس-بەستە مودا قوغلىشىپ ھەرەڭ-سەرەڭ يۈرۈشكە خۇشتار بولۇپ كەتكەن ھاۋايى-ھەۋىسىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدانى ۋە ئەقلى بىلەن كونترول قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

2) ئادەمنىڭ كىيگەن كىيىمى، يۇرۇش - تۇرۇشى ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئېستېتىك ساپاسى ۋە ئۇنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ پسىخىك ھالىتى ياكى ساغلاملىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، بولۇپمۇ كىيىم - كېچەككە، ياسىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىز ئوقۇغۇچىلار بۇ نۇقتىغا جەزمەن دىققەت قىلىشى كېرەك. ئاتا - ئانىڭىز، ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىڭىز ۋە ساۋاقداشلىرىڭىز سىزنىڭ مەدەنىيەتلىك، سۆيۈملۈك، ئەدەپ - يوسۇنلۇق، يېقىملىق بىر قىز بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ، بولۇپمۇ سىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭىزدىنلا ئۆزگىچە مىللىي ئەنئەنىڭىزنى، مىللىي مەدەنىيىتىڭىزنى قەدىرلەيدىغان روھىي ھالىتىڭىزنى: غۇرۇرلۇق، روھلۇق، ئوچۇق - يورۇق ۋە قىزغىن كەيپىياتىڭىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەلكىم سىزمۇ شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىسىزغۇ دەيمەن. چۈنكى، ھېچكىممۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چاكىنا، ياسانچۇق، قۇرۇق سۆلەت، غىلجىڭ، شاللاق، تەنتەك، بەتقىلىق، تۇتامسىز، ھاياسىز دېيىشىنى ئىستىمەيدۇ. چوڭلارنىڭ، ئاتا - ئانا، ئۇستازلارنىڭ نەپرىتى ۋە تاپا - تەنىسىگە قېلىشنى تېخىمۇ خالىمايدۇ. دېمەك، سىزنىڭ كىيىنىشىڭىز ۋە ياسىنىشىڭىزنىڭ بەدەننى يېپىش، ئىسكەت تۈزەش بىلەن بىرگە، باشقىلار ئالدىدا ئۆز - ئۆزىڭىزنى يارىتىدىغان، كىملىكىڭىزنى نامايان قىلىدىغان، ئىززەت - ھۆرمىتىڭىزنى تىكلەشكە ياردەم بېرىدىغان مۇھىم بىر تەرەپ ئىكەنلىكىنى چۈشەنسىڭىز، ھەرگىزمۇ بۇ جەھەتتە ئۆزۈمنىڭ ئىشى دەپ قارىغۇلارچە ئىش كۆرمىگەن: ئۆزىڭىزگە، ئۆز سالاھىيىتىڭىزگە ۋە ئېستېتىك غايىڭىزگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان كىيىنىش ۋە ياسىنىشتىن ھەزەر ئەيلىگەن بولاتتىڭىز.

3) ئەگەر سىزنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىڭىز ياخشىراق بولۇپ، ھەرقانداق تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىڭىز قاندۇرۇلۇپ كەلگەن بولسا، سىز بۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىڭىزنى ناھايىتى كۆرەڭ، ھاكاۋۇر قىياپەتتە يۈرۈشكە ھەقلىقمەن، دەپ قارامسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ باشقىلاردىن باياشات، ئارزۇلۇق ياكى تەلەيلىك ئىكەنلىكىڭىزنى كۆز-كۆز قىلىشنى، شۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ شۇنداق قىلىشنى تەبىئىي كۆتۈرەمدۇ؟ ئېھتىمال سىز تېخى تۇرمۇشنىڭ يۈكىنى مۇستەقىل ئۈستىڭىزگە ئالمىغانلىقىڭىز، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ئاچچىق-چۈچۈكلىرىنى، زەھەر-زوققۇملىرىنى تېتىمىغانلىقىڭىز، قوبۇل قىلغان تەربىيىڭىزنىڭ دۇرۇس ياكى يېتەرلىك بولمىغانلىقى سەۋەبلىك يۇقىرىقىدەك مەنمەنلىك ۋە غاپىللىقنى ئۆزىڭىزگە راۋا كۆرۈپ يۈرۈۋەرگەن بولۇشىڭىز مۇمكىن. بىراق، ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ ياتاقداشلىرىڭىز ئىچىدە، ساۋاقداشلىرىڭىز ئارىسىدا سىزدەك پۇزۇر يۈرەلەيدىغان، يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن چىقىرىپ كۈلەلەيدىغانلاردىن قانچىلىكى بار؟! سىز ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا ياخشى كىيىنىپ، پۇزۇر ياسىنىپ، ياخشى ئويناپ-كۈلۈپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىڭىزدا، شۇ قولى قىسقا، ئارمانى بار، دەرمانى يوق ياتاقداشلىرىڭىزنىڭ، «كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە» دەپ يۈرۈۋاتقان ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇلار سىزدەك توققۇزى تەل، ئارزۇسى ھەل بىر ساۋاقدىشىنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇشى، سۆيۈنۈشى، مەسىلىكى كېلىپ سىزدىن پەخىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ ئازغىنە پۇلىڭىز(ئۇمۇ ئەسلى سىزگە تەئەللۇق ئەمەس)، تۇزۇكرەك ئۈستى-بېشىڭىز سىزگە ئاتا قىلغان ئاشۇ ۋاقىتلىق مەغرۇر، كۆرەڭ ھالىتىڭىزدىن ئۇلارمۇ سىزگە

ئوخشاش ھۆزۈرلىنالارمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ باياشاتلىقىڭىزدىن سۆيۈنىدىغان، كۆرەڭ، مەغرۇرلۇقىڭىزغا مەسىلىكى كېلىپ ھۆزۈرلىنىدىغان ئادەم ئىنتايىن كەم بولىدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلار، دىلى ئازار يەيدىغانلار كۆپ بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز ئۆزىدىن خىجىل بولۇش، ئۆز ئاتا ـ ئانىسىدىن نومۇس قىلىش، دوستلىرى قاتارىدا سۇنۇپ قېلىشتىن غەم ـ ئەندىشە قىلىشتەك ناچار پسىخىكا ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىگە، ئالغا بېسىشىغا ۋە ئىرادە تىكلىشىگە توسقۇن بولۇشى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ناتوغرا يولغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھادىسىنى ئەخلاق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، بۇ ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ ئەخلاقسىزلىقىڭىز ۋە پەزىلەتسىزلىكىڭىزنى ئاشكارىلايدۇ، خالاس.

ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا، قوۋم ـ قېرىنداش، دوست ـ بۇرادەرلەرنى ياخشى كۆرۈش، قەدىرلەش، ئۇلارنى رازى قىلىش سىزنىڭ بۇرچىڭىز. بۇ ئۇلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇنى كىشىلىك ئەخلاقنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە ئەمەل قىلغانلىق دەپ قارايمىز. يۇكسەك دەرىجىدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت بولسا، باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، غۇرۇرىنى قەدىرلەش؛ تۇرمۇش لەززەتلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، ھەتتا باشقىلارنى ئوشۇقراق بەھرىمەن قىلىش؛ ياخشىلىقنى ئۆزىگە دوست تۇتۇش؛ باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار يەتكۈزمەسلىك، ئەگەر قولىدىن كەلسە كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، دىلىنى سۆيۈندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كامالەت تاپىدۇ ياكى

ھەقىقىي ئالىيجانابلىق، ئادەمگەرچىلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولالىشى دەل ئۇنىڭ تەمەسىز، غەرەزسىز ھالدا باشقىلارغا ئۈلگە بولالىغانلىقى، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالىغانلىقى، باشقىلارنىڭ قەلبىنى مۇھەببەتكە، مېھرىبانلىققا، گۈزەل تۇيغۇلارغا تولدۇرالىغانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىنسانىي ھەقىقىي ئىنسانلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزەلىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. سىز مۇشۇنداق چۈشەنسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئۆز ھوقۇقىڭىز ۋە ئىختىيارىڭىزدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ (ھېچقانداق قانۇنىي بەلگىلىمە، ئۆرپ - ئادەت تەرىپىدىن خاتا دەپ قارالمىغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ئادەتتىكى ئىشلارنىڭمۇ) ھەرقاچان دۇرۇس بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ ئىنسانلىق سۈپىتىڭىزگە مۇخالىپ، ۋىجدان تەرىپىدىن رەت قىلىنىدىغان، ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتى قوبۇل قىلالمايدىغان، ئىنساننىڭ بېتى كۆتۈرمەيدىغان ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايسىز. قېنى سىز ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنسان بولۇشنى خالامسىز ياكى ئەخلاق - پەزىلەت ئېڭى كەم، ئۆزىنى ياساشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، قانۇنسىز بولمىسىلا قىلغان ئىشىم خاتا ئەمەس، دەپ يۈرۈۋېرىدىغان بىر ئادەمسىياق مەخلۇق بولۇشنى خالامسىز؟...

ئەگەر سىز كىيىم كىيىش ۋە ياسىنىشتىن ئىبارەت ئادەتتىكى ئىشلاردىمۇ ئادەملىك سۈپىتىڭىزگە، پەزىلىتىڭىزگە باغلىق ئۆلچەملەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلىسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ھېچبولمىسا سىز قولى قىسقا، سىزدەك بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان، ئەمما بولالمايدىغان بىر قېرىندىشىڭىزنىڭ ئالدىدا كىيگەنلىرىڭىزنى، ئىشلەتكەن گىرىم بۇيۇملىرىڭىزنى ئەتەي كۆز-

كۆز قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن ماختىنىپ يۈرىدىغان بەتخۇي ئادەم بولۇشتىن ئەيمىنىدىغان بولىسىز. باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياش پەزىلەتنىڭ يۈكسەك چوققىسى. بەلكىم سىز مۇشۇ خىسلىتىڭىز تۈپەيلى ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا ئائىلە ئىقتىسادى تۆۋەن بىرقانچە ساددا ساۋاقداشىڭىزنىڭ كىيىم - كېچەك، پەرداز بۇيۇمى سەۋدالىقىدا ئاتا - ئانىسىغا ئۇۋال قىلىدىغان ياكى كەم ئەقىللىق قىلىپ كوچىلاردا قاتراپ قالىدىغان ئاخمىقانە قىلمىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولۇپ، بىرەر ساۋابقا ئىگە بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا سىز نەۋايى ھەزرەت ئېيتقان «باشقىلارغا ياخشىلىق قىلمىساڭمۇ يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلمىغانلىقىڭنىڭ ئۆزى ياخشىلىق قىلغانغا باراۋەر» دېگەن سۆزىدىكى ھېكمەتنى ئىسپاتلاپ چىققان بولىسىز.

4) سىز ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ مېنىڭچە ھەقىقىي گۈزەللىك ئەسلىي گۈزەللىكنى كۆرسىتىدۇ. ئەسلىي گۈزەللىك تەبىئىي گۈزەللىك بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي گۈزەللىك بىلەن سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى. شۇڭا، ھەقىقىي گۈزەللىك تەبىئىيلىك ۋە ئاددىي - ساددىلىقتا كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ. گۈزەللىكنى يارىتىش يولىدىكى ھەرقانداق ئىجادىيەت ۋە ئەمگەك ماھىيەتتە ئەسلىي گۈزەللىكنى نامايان قىلىشنى ھەمدە ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇشنى ۋە مۇكەممەل قىلىشنى كۆزلەيدۇ. ئەمما، كۆپ ھاللاردا مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش مۇكەممەلسىزلىكنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ - دە، ئەكسىچە نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. كىشىلەر ھەدېگەندە ئىش قوشۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ تەبىئىيلىكتىن يىراقلاپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي گۈزەللىكتىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى

ھەرقانداق شەيئى، جۈملىدىن ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە چىنلىقى بىلەن مۈكەممەلدۇر، مۈكەممەللىكى بىلەن گۈزەلدۇر. ئۇلار يارىلىشىدىنلا مۈكەممەل يارىتىلغان. مۈكەممەل بولغاچقىلا گۈزەللىكنى سېزىش ۋە يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالىغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، خاسلىقىدىن مەھرۇم قالغان، ئۆزلۈككە ئېرىشەلمىگەن، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان بولاتتى.

ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك نەتىجىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار ئەسلىدىنلا مۈكەممەل بولغان نەرسىلەرنى ئۆز تەبىئىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ياتلاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە باشلاپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ ئەسلى تەبىئىتىدىن، يەنى ھەقىقىي ماھىيەتلىك مۈكەممەللىكتىن تەدرىجىي يىراقلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، تارىخ ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئۆز ماھىيىتىدىن چەتنەپ، گۈزەللىك ۋە چىنلىقتىن يىراقلاپ، روھىيىتىنى يوقىتىپ بېرىۋاتقان چوڭ بىر تراگېدىيىلىك جەرياندىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەقەت تەبىئىيلىك ۋە ئاددىي ـ ساددىلىقلا ئۇنىڭدىكى ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ بېشى ۋە ئاخىرى.

ھەقىقىي گۈزەللىك ئاددىي ـ ساددىلىقتا ئىپادىلىنىدۇ دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئاددىي ـ ساددىلىق ھاياتلىقنىڭ پاكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ، جۈملىدىن كىيىنىش، ياسىنىش مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى چاقنىشى. بۇ چاقناشتىن مۈكەممەللىكنىڭ(ئۆزلۈكنىڭ) شولىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قارىماققا ھەشەمەتلىك كۆرۈنگەن نەرسىلەر پاكى تاشقى قوشۇلمىلارنىڭ يادىمىدە بېزەلگەن نەرسىلەر ئۆزىنىڭ تاشقى چاقنىشى بىلەن گۈزەلدەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئىنسان سەزگۈسىنى ئالداش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. دەل

شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان سىرتقى بېسىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق سىرتقى بېسىملار ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنساننىڭ ئازادىلىككە، ئەركىنلىككە مايىل بولۇشتەك تەبىئىتى بىلەن ھەرگىز سىغىشالمايدۇ. دېمەك، بۇ مۇلاھىزىدىن ئىنسان قەلبى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئەسلى گۈزەللىكنىڭ تەبىئىلىكتە ۋە ئاددىي - ساددىلىقتا ئىكەنلىكىنى، بىراق ئۇلارنىڭ قانداقتۇر يىراق بىر جايلاردا تاشلىنىپ قالغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققىلى بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى ئاشۇ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەشەمەتلىك كىيىنىشكە بېرىلىشى، مودا قوغلىشىشى، ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق، ۋال - ۋۇل، غاژغۇن، غۇۋالاشقان (خىيالىي تۇيغۇ بېرىدىغان) سورۇنلاردىكى ئويۇن - تاماشىلارغا ئىنتىلىشى: ھەتتا چاچلىرىنى، قاش - كىرپىكلىرىنى، لەۋ - مەڭزىلىرىنى خىلمۇخىل بوياپ يۇرۇشى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس (تەبىئىي شەكىللەنگەن) ئېستېتىك پرىنسىپلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ھەقىقىي گۈزەللىكتىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت، خالاس. ئۇنىڭدىكى تەبىئىلىكتىن ۋە ئاددىي - ساددىلىقتىن ئېغىز ئېچىش تەس. گېپىمىزنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلىدىنلا بىزگە يات بولغانلىقى ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈنچى خاراكتېرى ئىسپاتلايدۇ. قىسقىسى، تەبىئىلىك ۋە ئاددىي - ساددىلىقتىكى، چىنلىق ۋە سەمىمىيلىكتىكى گۈزەللىك ئۆلمەس، مەڭگۈلۈك بولىدۇ. بارلىق سەنئەت ئەنە شۇ تەبىئىلىكنى ۋە ئاددىي - ساددىلىقنى ئوبرازلاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي كۆزلىرى بىلەن ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدىغان ئىچكى چاقناشنى ئىنسانلارنىڭ قەلب كۆزىگە تەجەللى قىلىش

ئىستىكىدە ئىزدىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق گۈزەللىك قارىشىنى ئۆز تەپەككۇرىدا ئىلغا قىلالىغان كىشى ئۆز ۋۇجۇدىدا ئەسلى بولمىغان يات نەرسىلەرگە، شۇنداقلا ھەرقانداق سىرتقى بېزەكلەر بىلەن ئۆزىنى پەردازلاشقا ئانچە خۇشتار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، تەبىئىي، ئاددىي - ساددا بولۇشنى ئەڭ ياخشى تاللاش ھېسابلايدۇ. خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئېستېتىك ئېڭىدا بۇ نەرسە قەدىمدىن ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك، مەردلىك، سېخىيلىق، ئاددىي-ساددىلىق خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە يىغقان، ھېچبىر پەردازسىز، دەبدەبىسىز يارىتىلغان قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازى، بايلىقى، ھەشەم - دەرەملىرىگە تەمەننا قويغۇچى بارلىق قەبىھ، زوراۋان كۈچلەر تاقابىلىدا مەڭگۈ غالىب ئورۇندا تۇرالىشى ئۇلارنىڭ خەلقىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك گۈزەللىك ئېڭى بويىچە غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ يارىتىلغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا، خەلقنىڭ بارلىق سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈزەللىكنىڭ خۇنۇكلۇك ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى دېگەن بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىيالايمىز.

5) سىز فولكلور دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، فولكلور بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يەنى ئۆرپ - ئادىتىنى ياكى ئادەت تۇسىگە كىرگەن، ئەنئەنىگە ئايلانغان بارلىق قاراش ۋە ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كىيىنىش ۋە ياسىنىش ھەرقايسى مىللەت فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەك فولكلورىنى يەنى كىيىنىش - ياسىنىش ئادەتلىرىنى ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېرى، پسىخىكىسى، ئېتىقادى، ئارزۇ-

ھەۋىسى، ئىستىتىك پرىنسىپى ۋە تەبىئىي مۇھىتى بويىچە بارلىققا كەلتۈردۇ ۋە مۇقىملاشتۇرغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن بىر مىللەتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەلگە - ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ۋە ياسىنىش ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئۆز پەيتى، سورۇنى ۋە ئۆز ئورنىدا ئىستېمال قىلىش ھەرگىزمۇ كىيىنىش ۋە ياسىنىش ئۇچۇنلا بولمايدۇ. مۇھىمى ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى نامايان قىلىشى، ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىشى، غۇرۇرىنى قوغدىشى، قىسقىسى، مىللىي ئېڭىنى نامايان قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق بىر ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكتىن ۋە ياسىنىش ئادىتىدىن مەلۇم سىمۋوللۇق مەنە(ئارزۇ - ئىستەك، ئىدىيىۋى ئىشەنچ ۋە تۇرلۇك بېشارەتلىك مەزمۇنلار) چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنى كىيىش - كىيمەسلىك نوقۇل كىيىم كىيىش مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئاڭ - ساپا مەسىلىسى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەربىر مىللەت كىشىلىرى ئىچىدە ئوخشىمىغان تەبىقە، قاتلام، ياش قۇرام، كەسىپ، گۇرۇھ ۋە سالاھىيەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان: ئۇلارنىڭ ئۆز تەۋەلىكى، ئالاھىدىلىكى، ئورنى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان كىيىنىش - ياسىنىش ئادىتى بولىدۇ. بۇنداق بىرلىككە كەلگەن، ئومۇمغا بۇرۇندىن تونۇشلۇق بولغان كىيىم - كېچەك ۋە ئالامەتلەر ھەرقاچان باشقىلارغا كىيىنگۈچى ياكى ياسانغۇچىنىڭ تۇرلۇك ئەھۋالىنى بىۋاسىتە كۆرۈپ بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەشتە، توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە ياسىنىش ئادىتىدە ئەر - ئاياللىق پەرق ناھايىتى روشەن بولۇش بىلەن

بىرگە، كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ياش باسقۇچىدىن بېشارەت بېرىدىغان، بولۇپمۇ توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىدىن، چوكان ياكى جۇۋانلىقىدىن بېشارەت بېرىدىغان بەلگە ـ ئالامەتلەر بولىدۇ. بۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلمىغاندا بەزىبىر ئۇقۇشماسلىقلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. نورمال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكىمۇ تەسىر يېتىدۇ. ھازىرقى ياشلاردا ، بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان قىزلىرىمىزدا مۇشۇ جەھەتتىكى تونۇش كەمچىل بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياش قۇرامىغا، ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتىگە، بولۇپمۇ قىزلىق سۈپىتىگە مۇناسىپ كىيىنىش ۋە ياسىنىشنى بىلمەيدۇ، ئۇلار دوراشنىلا بىلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىدە بۇرۇندىن توي قىلمىغان قىزلاردا سۈرمە تارتىش، لەۋ سۇرۇخ ئىشلىتىش، ئوشۇقچە ئالتۇن زىبۇزىننەت، بولۇپمۇ زەنجىر ئېسىش دېگەندەك ياسىنىش ئادىتى بولمىغان. پەقەت چاچ ئاسراش ۋە ئۇنى ئەتلەندۈرۈش، كۆز ئاسراش ۋە ئۇنى روشەنلەشتۈرۈش، قاش ـ كىرپىكنى قويۇقلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى قارايتىش، يۈز تېرىسىنى ئاسراش يۈزىسىدىن يېلىم چېپىش، تاش سۈرمە تارتىش، ئوسما قويۇش، خېنە يېقىش، ئۇپا سۈركەش دېگەندەك ئادەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان گىرىم قىلىش ۋە ياسىنىشلار ئالىلىقاچان توي قىلغان ئاياللارغا خاس ئىشلاردۇر. مېنىڭچە، بىزنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرىمىز مۇشۇ جەھەتتىكى ئەقەللىي ساۋاتقا ئىگە قىلىنغان بولسا( ئاتا ـ ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ جەھەتتىكى تەربىيىگە سەل قاراپ كەلگەن)، ياسىنىشنىڭ چىرايلىق بولۇشتىن باشقا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت خاراكتېرى، فولكلورىستىك قىممىتىنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسا، ھەرقانداق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئۆز يېشىغا، جىنسىغا، سۈپىتىگە ۋە مىللىتىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان كىيىملەرنى كىيىشكە ۋە

ئوشۇقچە گىرىم قىلىپ يورۇشكە ئۇنچىۋالا ئامراق بولۇپ كەتمەيدىغۇ دەپ ئويلايمەن.

ل. مۇتەللىپنىڭ «بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، ئىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» دېگەن نەسىھەتلىك سۆزىنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز. بۇ سۆز ئېسىمدىن كەچسىلا، مەكتىپىمىزدىكى بىر قىسىم قىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا كۆپىيىپ قېلىۋاتقان ئۆزىگە مۇناسىپ كەلمىگەن غەلىتە كىيىملەرنى كىيىش ۋە چېكىدىن ئاشۇرۇپ گىرىم قىلىش ھادىسىسى پىكرىمنى قوزغايدۇ. يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردا بىرخىل تەبىئىي، ساددا، مەسۇم قىياپەتنى؛ ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلارنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ئۇلار كونا ئوقۇغۇچىلارغا ئايلانغانسېرى چاچلار بىلەن يوپكىلار قىسقىراشقا باشلايدۇ. يۈز-كۆزلەرگە ئاللىقانداق نەرسىلەر سۈركىلىپ، سۇۋىلىپ ھېلىقى ساددا، مەسۇم قىياپەتتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ، ھەتتا «زامانىنىڭ ئالدىدا كەتكەن» بەزىبىر قىزلىرىمىز ئوقۇش پۈتكۈزۈشكە ئاز قالغاندا خۇددى ھېلىلا پارىژدىكى مودا كىيىم كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندەك قىياپەتكە كىرىپ قالىدۇ. ئويلاپ قالىمەن، بىزنىڭ خەلقىمىز شۇنچىلىك باياشاتلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنداق ئەمەس. مۇشۇ كۈنلەردە دېھقانلىرىمىزلا ئەمەس، ھەتتا قول - ئىلكىدە بار دەپ قارالغان خېلى - خېلى باشلىق، كادىر، سودىگەر دېگەنلەرنىڭمۇ بىر بالىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچە نېمە كۈننى كۆرىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇلارنى ئايرىم ساندىكى بايىنىڭ پەرزەنتلىرى دېگەن تەقدىردىمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ بايلىقىدا ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانچىلىك ھەسسىسى بار؟ يەنە ئويلاپ قالىمەن، ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولغاندىكىن، ئۆزلىرىنى زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئۈلگە بولۇپ جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتىمىز

دەپ قارامدىغاندۇيا؟ بۇمۇ مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدۇ. ئۇلار
ئالدىدا مېڭىشنى، ئۈلگە بولۇشنى خىيال قىلغان بولسا،
ھەرگىزمۇ باشقىلارنى دورىمىغان، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭمىغان
بولاتتى. ئۆگىنىشنى ناچارلارمۇ، چاتىقى تولا چىقىدىغانلارمۇ،
ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغانلارمۇ ساپلا شۇنداقلار ئىچىدىن
چىقمىغان بولاتتى. مەن يەنە ئويلاپ قالىمەن، ئاشۇ تەبىئىي
يارىتىلغان قارا سۇمبۇل چاچلار، قارا كۆز، قوشۇما قاشلار،
غۇنچىدەك ئوماق لەۋلەر، ئويماقتەك ئېغىزلار، ئالمىدەك
مەڭزلەر، بادامدەك قاپاقلار... ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە نۇقسان
يەتكۈزگەنمىدۇ؟ بۇمۇ مېنىڭ ئەقلىمگە سىغمايدۇ. دۇنيانىڭ
باشقا جايلىرىدىن كەم تېپىلىدىغان ئۆزگىچە گۈزەللىك ۋە
ھۆسن- جامال بىزنىڭ قىزلىرىمىزدىن تېپىلىدۇ. مېنى
شائىرلىق سەۋداسىغا سالغان ئاشۇ كۆزلەر، ئاشۇ چاچلار، ئاشۇ
يۈزلەر، ئاشۇ لەۋلەر ئەمەسمىدى؟ مېنى ھىجران ئوتىدا
ئۆرتىگەن ئاشۇ نادان يارلار ئەمەسمۇ؟

مەن شۇنداق قارايمەنكى، مەكتەپلىرىمىزدە ئەنە شۇنداق
ئۆزىمىزگە يات بولغان غەلىتە كىيىنىش - ياسىنىش شامىلىنىڭ
پەيدا بولۇپ قېلىشىدا ئالدى بىلەن بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
مەسئۇلىيىتى ئېغىر. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىمىز
جايىدا ياكى يېتەرلىك بولمىغان. بىز دائىم رېئاللىقتىن،
ئۆزىمىزدىن چەتنىگەن قۇرۇق نەزەرىيىلەرگە بېرىلىپ كېتىپ،
ئەمەلىي ۋە كونكرېت يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيمىز.
ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنكى ھاياتىدا، بولۇپمۇ
ئوقۇش پۈتكۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ زۆرۈر
بولغان نەرسىلەرنى بىز بېرەلمەيمىز. ئۇلارغا نېمىنىڭ ھەقىقىي،
نېمىنىڭ ساختىلىقىنى: نېمىنىڭ مەدەنىيەت، نېمىنىڭ
جاھالەت ئىكەنلىكىنى تونۇتالمايمىز. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان

نەزەرىيىلەرنى سۆزلەۋېرىمىز، سۆزلىگەنلىرىمىز ئۇلارنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشى، كېيىنكى ھايات مۇساپىسى بىلەن ھېچبىر ئىجابىي باغلىنىشى بولمىسىمۇ يەنە سۆزلەۋېرىمىز. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن زېرىكسە، سەۋەبىنى يەنە ئوقۇغۇچىلارغا دۆڭگەيمىز. شۇنىڭ بىلەن تۇزۇملەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مەجبۇرلاش ئاساسىدا ئۇلارغا كىتابلارنى يادلاشنى، سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنى، يەنى ئىمتىھان بېرىشنى ئۆگىتىمىز. قانداق ئادەم بولۇشنى، قانداق ياشاشنى، قانداق ئۆلۈشنى، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، قانداق يۈرۈش - تۇرۇشنى، قانداق پەرزەنت بولۇشنى، قانداق ئاتا ۋە ئانا بولۇشنى، قانداق بايلىق يارىتىشنى، قانداق ئىگىلىك تىكلەشنى ئۆگەتمەيمىز. بۇ مەسىلىلەر گۇمانىستارلىق مائارىپ ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلاشقان «ساپا مائارىپى» دائىرىسىدە ئوبدان تەتقىق قىلىنىشى ۋە ھەل قىلىنىشى زۆرۈر بولغان مەسىلىلەردۇر.

مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمكان بار ياخشىراق يەپ، يېتەرلىك ئوزۇقلىنىپ، چىرايلىقراق كىيىنىپ، روھلۇق، كۆڭۈللۈك، شوخ، تېتىك يۈرۈشىگە قارشى ئەمەس، ئەلۋەتتە ياشلىرىمىزنىڭ زامانغا لايىق كىيىنىشى، يەنى زامانىمىز ياشلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ، لاتاپەتلىك، يارىشىملىق چاچ پاسونلىرى بىلەن ياسىنىپ يۈرۈشى خاتا ئەمەس. بىراق، «ھەممە ئىشنىڭ يولى بار، ئەسكى تامنىڭمۇ ئۆلى بار» دېگەندەك، كىيىم كىيىش، ياسىنىشتىمۇ مەلۇم قائىدە - پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش زۆرۈر. ئۇ پرىنسىپ بولسىمۇ، دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، قارىسىغا دوراپ ئۆزىنى ئەرزان ۋە خار قىلماسلىق، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە خاسلىقىغا ھۆرمەت

قىلىش، ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىت بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش كۆرۈش «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش»، ياش قۇرامىغا، سالاھىيىتىگە مۇۋاپىقلاشقان بولۇش، قىسقىسى، ئۆز گۈزەللىكىنى تەبىئىيلىك ۋە ئاددىي ـ ساددىلىقتا نامايان قىلىشقا يەنى ئەسلىي گۈزەللىكنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلارنى سىز مەيلى توغرا تېپىڭ ياكى توغرا تاپماڭ، ئۇنى تەكىتلەش ياكى تېشىڭىزنى ئەمەس، ئىچىڭىزنى بېزەشكە دەۋەت قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم.

2002- يىل، قەشقەر

本书选录青年作者安瓦尔·麦提赛迪所著具有一定的学术价值的论文 16 篇。

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۈل سىدىق

# ئەجداد ھېكمىتى ۋە ئەۋلاد خىسلىتى

(ماقالىلەر)

ئاپتورى: **ئەنۋەر مەتسەيدى**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14-قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 8.125 قىستۇرما ۋارىقى:3
2003- يىل 8- ئاي 1- نەشرى
2003- يىل 8- ئاي 1- بېسىلىشى
تىراژى: 3070 — 1

---

ISBN 7 —5373 —1172 — 2 / C.4
باھاسى: 13.00 يۈەن

سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.
تېلېفون: 0998-2653927

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن




ISBN 7-5373-1172-2

9 787537 311724 >

ISBN 7-5373-1172-2

C.4(民文)定价:13.00元